19

# قەشقەر ئەدەبىياتى

3

1985



گۈل تەقدىم قىلىش.

(تۇرسۇن تۇر-
دى فوتوسى)



گۈلنى سۆيىمەن

(چيۇلىن فوتوسى)

# قەشقەر ئەدەبىياتى

1983 - يىل 3 - سان

12 - يىل نەشرى

قەشقەر ۋىلايەتلىك
ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيەت ئىشخانىسى

# بۇ ساندا


ھەزرىتى موللام — مەھمۇت قەشقىرى ...... مەھەممەت زۇنۇن سىددىق 1
ئوپال ئىلھاملىرى ...... ( سېكىل ) ...... ئابدۇرەشىت سەلەي 10
مەرىپەت يۇلتۇزى ...... ( داستان ) ...... ئۇچقۇن 15
سەيلە تەۋەررۇكلىرى ...... ( شېئىر ) ...... ئابدۇللا ساۋۇت 25
ئۇستىمدە ...... ( » » ) ...... تۇرام ئىسلام 28
پەخىرلىك بىز سەن بىلەن ...... ( » » ) ...... ئابلىز ھەلىمىدىن 29
مەھمۇت قەشقىرى شەنىگە ...... ( » » ) ...... خۇدىر تۆمۈر 30
يادنامە ...... ( » » ) ...... نۇرمەھەممەت ئېركى 32
ئىز ۋە مىراس ...... ( » » ) ...... ئاتىكە مىرەخمەت 34
ھايات شاماللىرى ...... ( ھېكايە ) ...... جېلىلى 35
ئىبرەت ...... ( » » ) ...... تۇرسۇن نىياز 45
بۇ ۋاقىئە مۇشۇ يۇرتتا بولغان ...... (ئوچېرك) ...... ئابلىمىت ئىمىن ناسىرى 49
ئىككى شېئىر ...... ( شېئىر ) ...... سەيپىدىن ئەزىزى 55
ئىككى شېئىر ...... ( » » ) ...... ئابدۇرەھىم ئىسمايىل 56
غەزەل ...... ( » » ) ...... ئابدۇشكۇر مەمتىمىن 59
سالام ئېزىزانە قەشقەر ...... ( » » ) ...... مەھەممەتجان سادىق 60
پارتىيەمگە ...... ( » » ) ...... مەمەتتۇردىم تۇرسۇن 68
دوستۇمغا ...... ( » » ) ...... قادىر بۇلاق 69
كېرەك ...... ( » » ) ...... ئابلەت قادىر 70
ئىككى شېئىر ...... ( » » ) ...... سادىن سادىرى 71
ئىككى شېئىر ...... ( » » ) ...... نىياز قېيۇم 75
كەلدىم ...... ( » » ) ...... ئابدۇرەشىت سادىق 76
پارتىيە ھەققىدە مۇخەممەس ...... ( » » ) ...... ئەخمەت داۋۇت 77
روبائىيلار ...... ( » » ) ...... مەمەت ئىلى 78
مەن سۆيىمەن ئانا دەريا تىزنەپنى ...... ( » » ) ...... ئېزىز سايىت 78
ۋەتەن ئۈچۈن ...... ( » » ) ...... ياسىن ئىمىن 79
غەرەزلەر ...... ( » » ) ...... يالقۇن 80
دوستلۇق قوشىقى ...... ( » » ) ...... مەھەممەتتۇرسۇن ئابدۇكېرىم 82
قەسەم ...... ( » » ) ...... زۇلپىيە ئابدۇكېرىم 83
ئىككى شېئىر ...... ( » » ) ...... ئابدۇرېھىم يۇنۇس 84
ماھارەت ...... ( ساتىرا ) ...... ھوشۇر ئابدۇللا 85
شائىر موللا سەئىدۇللا ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ...... ئابدۇسەمەت ئىسمايىل 86
موللا سەئىدۇللا شېئىرلىرىدىن ...... 91
غالىپ ...... ( ھېكايە ) ...... نۇرمەھەممەت دۆلەتى 95
ۋىجدان ئازاۋى ...... ( » » ) ...... مۇھەممەت ئىمىن 97
ۋاپا ...... ( » » ) ...... خوجا ئابدۇللا 106
يولدا ...... ( » » ) ...... نۇردۇن مۇسا 112
قۇشلار تىلىنىڭ دانىشمىنى ...... ( » » ) ...... مەھەممەتسىددىق تۆمۈرى 115
تۈلكىنىڭ تەقدىرى ...... (چۆچەك) ...... ھاجى ئەخمەت 118
شېئىرلار ...... ( شېئىر ) ...... ئابلىمىت قۇربان 122
كىتاۋىم ...... ( » » ) ...... مۇكەررەم كامىل 126



بۇ ساندىكى تىتۇل، ھۆسنىخەت ۋە نەقىشلەرنى جۇمە ئابدۇللا ئىشلىگەن

# ھەزرىتى موللام — مەھمۇت قەشقەرى

قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئاسراش - باشقۇرۇش ئورنىدىن :

مەھەممەت زۇنۇن سىدىق

قەشقەر شەھىرىنىڭ غەرب تەرىپىدە ، 45كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان ئوپال يېزىسىدا ئۇزۇن يىللاردىن بېرى « ھەزرىتى موللام » دەپ ئاتىلىپ كەلگەن مەشھۇر مازار بولۇپ، بۇ مازارنى كىشىلەر " ئىلىمگە ھوددىگار " ، " ئىلىم ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ پىرى " دەپ تونۇپ، ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىپ ئېتىقات قىلىپ كەلمەكتە . قەشقەر ، ئاتۇش، پەيزىۋات ، يېڭىسار، يەكەنلا ئەمەس بەلكى خوتەن ، ئاقسۇ، كۇچارغا ئوخشاش يىراق - يېقىندىكى " قارىم " ، " خەلپىتىم " دەپ ئاتالغانلارنىڭ « ھەزرىتى موللام » مازىرىغا كېلىپ، « ئېتىكاپ » تا ئولتۇرۇپ « ئىستىقامەت » قىلىپ، ئىلىم تەلەپ قىلمىغانلىرى يوق دېيەرلىك ، بۇ ئەنئەنىۋى ئادەت تا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە .

لېكىن ئوپال خەلقىنىڭ « ھەزرىتى موللام » دىگەن سۆپەت بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن بۇ مازارنىڭ ئەسلىدە « ھەزرىتى مەۋلانا شەمسىددىن مەھمودىيە ئىبنى ھوسەيىن » دىگەن زاتنىڭ مازىرى ئىكەنلىكىنى ، سەل كەم مىڭ يىلدىن بېرى ئۇنۇتماي، ئەۋلاتتىن - ئەۋلاتقا تەۋەررۈك قالدۇرۇپ ، بىزنىڭ زامانىمىزغا يەتكۈزۈپ كەلگەنلىكىدەك ئالىيجاناپ ، تارىخى ۋارىسلىق روھى ، ئالىمغا بولغان چەكسىز ساپ مۇھەببەتى - ئاپىرىن ئوقۇشىمىزغا ئەرزىيدۇ .

« ھەزرىتى موللام » مازىرىنىڭ كىملىكى ئوپال خەلقىگە مەلۇم بولۇپلا قالماستىن ، قەشقەرنىڭ ئىلىم ئەھلىلىرىگىمۇ ئەزەلدىن چوڭقۇر تونۇش بولۇپ كەلگەن. 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ، 19 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۆتكەن ، كوزگە كورۇنگە مۇسەننىپ موللا سادىق ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ « موسەننىپى ئىرپان ھەزرىتى مەۋلام شەمسىددىن ھوسەيىن ساھىبى قەلەم مەھمودىلكاشغىرى » دەپ قەيت قىلىشى بۇنىڭ پولاتتەك دەلىلىدۇر .

## I

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئوپالدا ياشاپ ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئوپالغا دەپنى قىلىنىشى - ئالىمنىڭ ئۆز ئەل - يۇرتىغا بولغان چەكسىز مۇھەببىتىنىڭ ئىپادىسى بولۇپلا قالماستىن بەلكى ئوپالنىڭ شۇ چاغدىكى جۇغراپىيەۋى شارائىتى ، تارىخى ، سىياسى ئورنى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك .

ئوپال ھازىر تەخمىنەن 80 كىۋادراتنى كىلومېتىر زېمىن ، 22.5 مىڭ نوپوسقا ئىگە بىر يېزا بولۇپ، تارىختا " كوك ئارت" دەپ ئاتالغان پامىر تېغىنىڭ ئېتىكىگە جايلاشقان تۇپرىغى مۇنبەت ، سۇلىرى ئەلۋەك ، بوك - باراقسانلىق . ساپ ھاۋالىق قەدىمى ماكان . ئوپال تاغ باغرىغا جايلاشقانلىقتىن يەر تۈزۈلۈشى - غەربى ئېگىزرەك ، شەرق تەرىپى پەسرەك نىسپى

تۈزلەڭلىك بولۇپ، بۇلاق سۇلىرى كوپ بولۇشتەك ئەۋزەللىككە ئىگە .

بۇلاق سۇلىرى غەرپتىن چىقىپ شەرققە قاراپ ئاقىدۇ . يېزا - كەنتلەرنىڭ ھەممىسى دىڭۇدەك قىش - ياز توڭلىماي ئېقىپ تۇرىدىغان شۇ سۇ بىلەن سۇغۇرۇلىدۇ. ئوپالنىڭ توت ئەتراپىدىكى بوز توپىلىق چول سايلارمۇ چارۋا بېقىش ئۇچۇن ئەپلىك يايلاق ، تېرىلغۇ ئۇچۇن ئوغۇت مەنبەئى، تۇرمۇش ئۇچۇن توگۇمەس تۈزكېنى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. « ھەزرىتى موللام » مازىرىنىڭ تەخمىنەن 150 مېتىرچە شىمالىدىن باشلىنىدىغان ، ھازىر «ھەزرىتى موللام تېغى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر تاغ بولۇپ ، تەخمىنەن شەرقتىن غەربكە قاراپ 10 كىلومېتىرچە ئۇزۇنلۇققا سوزۇلۇپ « ئوپال ئارت » دىگەن جايدا ئاخىرلىشىدۇ. بۇ تاغنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرى تەخمىنەن 3 - 4 يۈز مېتىرچە بولۇپ ، پۈتۈنلەي دىڭۇدەك گەج ، ئاھاكدىن تەركىپ تاپقانلىقى ئۇچۇن ھەم يېقىن ھەم ئەپلىك سانائەت خام ئەشياسى ۋە قۇرۇلۇش ماتېرىيالىدىن ئىبارەت.

ئوپال ئەنە شۇنداق ئۈستۈن تەبىئى شارائىتقا ئىگە بولغانلىقى ئۇچۇن كونىشەر ناھىيىسىگە تەۋە يېزىلار ئىچىدە ئاشلىق ، پاختا ، چارۋا مەھسۇلاتىنىڭ كوپلىكى جەھەتتە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. ئاھالىسى تىرىشچان ، ئەمگەك سۆيەر مەئىرىپەتپەرۋەر خەلق. شۇڭا مەدىنىيەت-مائارىپ ئىشلىرىنىڭ نىسبەتەن خېلى بۇرۇن تەرەققى قىلغانلىقى بىلەن مەشھۇر.

«ھەزرىتى موللام» مازىرى ئوپال گۇڭشى «موللام بېغى» كەنتىنىڭ غەربىدە تاغ باغرىدىكى بىر دوڭلۇككە جايلاشقان بولۇپ، ئالدىدا كىشىلەر تەرىپىدىن «چەشمە زۇلال» ( سۈزۈك بۇلاق ) دەپ تەرىپلەنگەن بۇلاق كېچە - كۈندۈز بۇلدۇقلاپ ئېقىپ تۇرىدۇ. شۇڭا مازار جايلاشقان بۇ دوڭلۇك ئورمان بىلەن قاپلانغانلىقى ئۇچۇن كىشىلەر قەلبىنى مەپتۇن قىلغىدەك دەرىجىدە گۈزەل مەنزىرە ھاسىل قىلىدۇ.

« ھەزرىتى موللام » مازىرىنىڭ ھازىرقى قىياپىتى بولسا ، قەۋرىسى خام قىش بىلەن ياسىلىپ، ئۈستى كاكىل بىلەن سۇۋالغان. غەرپ، شىمال، جەنۇپ تەرەپلىرى خام قىشتىن قوپۇرۇلغان ئاددى تام بىلەن ئىھاتە قىلىنىپ، ئۈستى پىشايۋان شەكلىدە ياغاچ بىلەن يېپىلغان. شەرق تەرىپىگە ياغاچقا ئويۇپ، ئىشلەنگەن نەقىشدار پەنجىرە بېكىتىلگەن بولسىمۇ بۇ پەنجىرە " مەدىنىيەت ئىنقىلاۋى " دا چېقىۋېتىلگەنلىكتىن ھازىر ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر تەرىپىدىن پەنجىرە ئورنىغا ئاددى ياغاچ سالاسۇن بېكىتىپ قويۇلغان. قەۋرىنىڭ ئالدى تەرىپىدە تەخمىنەن 60 كۋادىراتمېتىر كەلگىدەك ھويلا سەھناسى بولۇپ، ئەتراپى كۆڭگىرىلىق تام بىلەن قورشالغان. شەرققە قارىتىپ دەرۋازا بېكىتىلىپ ئىككى تەرىپىگە مۇنار، ئۈستىگە گۈمبەز ياسالغان بولسىمۇ، قورو تام ۋە گۈمبەز، بۇزۇلۇپ ئىزنىسلا قالغان. دەرۋازا " مەدىنىيەت ئىنقىلاۋى " دا قومۇرۇپ ئېلىپ كېتىلىپ زايا بولغان. ئىككى تەرىپىدىكى مۇنار شىكەستلەنگەنلىكىگە قارىماي ھېلىمۇ ماددى گۇۋاچى سۈپىتىدە قەد كوتىرىپ تۇرۇپتۇ . ئېتىكاپخانىنىڭ جەنۇپ ۋە شەرقىي جەنۇپ تەرىپىگە 10 مېتىرچە كېلىدىغان ئارىلىقتا كىشىلەر تەرىپىدىن «مەدرىسى مەھمۇدىيە» دەپ ئاتالغان خارابىنىڭ تام ئىزلىرى رۇشەن كوزگە چېلىقىپ تۇرسىمۇ ئەمما پۈتۈنرەك بىرەر يادىكارلىق ساقلىنىپ قالمىغان .

## II

1979 - يىلى 12 - ئايدا ئۇرۇمچىدە ئېچىلـ

خان « يىپەك يولى مۇھاكىمە يىغىنى » دا
ئىبراھىم موتىئى ، ئىمىن تۇرسۇن ، ئابدىرې -
ھىم ئۆتكۈر قاتارلىق پىشقەدەم تارىخچى ، تىل -
چىلىرىمىزنىڭ ئاغزىدىن «دىۋان لوغەتتۈرك»-
نىڭ نەشرگە تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى ، مەھمۇت
قەشقەرى ئۆز ئەسەرىدە «ئوپال » دىگەن سۆز -
گە ئىزاھات بەرگەندە " مىنىڭ يۇرتۇمنىڭ نا -
مى » دىگەنلىكىنى ئاڭلىدىم . شۇنىڭ بىلەن
مېنىڭدە ئىزدىنىپ بېقىش ھەۋىسى تۇغۇلدى .
مەن شۇ يىغىندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن،
1980 - يىلى 1 - ئايدا ئوپالغا بېرىپ ياشان -
غان پىشقەدەم كىشىلەر ۋە پىشقەدەم زىيالىلار
بىلەن ئۇچرۇشۇپ سوھبەتلەشتىم . بىراق كى -
شىلەر "مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى » نىڭ تەتۈر قۇ -
يۇنلىرىدىن خالاس بولغىنىغا ئانچە ئۇزۇن
بولمىغان ، كىشىلەرنىڭ قەلبى تازا ئارامغا
چۈشمىگەن ۋاقت بولغاچقا ، بەزىلەر مۇنداق
كونا ئىشلارنى ئېسىگە ئېلىشنى خالىمايدىغان -
لىقىنى ئېيتىپ رەت قىلدى . بەزىلەر ئەھۋال -
غا قاراپ ئويلۇنۇپ باقمىدىغانلىقىنى ئېيتتى .
2 ئايدىن كېيىن يەنە ئوپالغا بېرىپ ، .ئوپال -
دىكى مازارلارنىڭ ئىسمى ، تەزكىرىسى قاتار -
لىقلارنى سۈرۈشتۈردۈم ۋە پىشقەدەم 'مائارىپ -
چى مەرھۇم قاسىم رېھىم ① نى زىيارەت قى -
لىپ ، بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشكە ياردەم بېرىشى -
نى ئىلتىماس قىلدىم . قاسىم رېھىمنىڭ كېسەل -
دىن قوپۇپ ئەمدىلا ماڭغىدەك بولغان ۋاقتى
بولغانلىقتىن بىر مەزگىلدىن كېيىن يەنىمۇ
ماغدۇرلۇنۇپ ، ئەس - ھۇشى بىر ئاز جايىغا
كەلسە چوقۇم ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى .
ھەقىقەتەنمۇ تا ۋاپات بولغانغا قەدەر ، يېشى -
نىڭ چوڭ ، ئۆزىنىڭ كېسەلمەنلىكىگە قارىماي
ئىزدىنىپ ، قىممەتلىك ماتىرىياللار بىلەن تە -
مىنلىدى ھەم چوڭ خىزمەت كورسەتتى .
1980 - يىلي 6 - ئايدا يولداش ئىبراھىم
موتىئى ، ئىمىر سۇلتان ئوسمانوۋلار « دىۋان »-
دىكى بەزى ئاتالغۇلارنىڭ ھازىرقى جانلىق
تىلىمىزدا ساقلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش
مەقسىدى بىلەن قەشقەرگە كەلدى .

يولداش ئىبراھىم موتىئى « دىۋان » نىڭ
مەزمۇنى ھەققىدە قىلغان سۆزلىرىدە مەھمۇت
قەشقەرى ئوپالدىن باشقا « ئازىخ » دىگەن
جاينىمۇ "مىنىڭ يۇرتۇم » دىگەنلىكىنى ئېيت -
تى . بۇنىڭ بىلەن ئىزدىنىشنى يەنىمۇ چوڭ -
قۇرلاشتۇرۇشقا كىرىشتۇق . ئوپال گۆڭشېسىدىكى
كادىرلارنى ، پىشقەدەم مائارىپچى - ئوقۇتقۇ -
چىلارنى ئىزدىنىشكە سەپەرۋەر قىلدۇق .

مەرھۇم قاسىم رېھىم 30 - يىللاردا ئۇيغۇر
مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ ۋەخپى
زىمىنلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىنى ئوتكۈزۈپ ئالغان
چاغدا، ئۇيۇشمىغا تاپشۇرۇلغان ۋەخپىزىمىنلارنىڭ
ھوججەتلىرى ئىچىدىكى "ئازىخ كەنتى تېرەك ئې -
رىقىدىن سۆكىرىدۇرغان بەش پاتمانلىق يېرىمى -
نى ھەزرىتى سەييىددىن بۇزرۇكۋارنىڭ مازى -
رىغا ۋەخپە قىلدىم » دەپ يېزىلغان 700 يىل
بۇرۇنقى تەۋلىيەنى كورگەنلىكىنى ئېيتتى ھەم
بۇ ھەقتە قىسقىچە ماقالە يېزىپ « كونىشەر ئە -
دەبىياتى» نىڭ 1981 - يىل 2 - سانىدا ئېلان
قىلدى .

ئەسلىدە « ئازىخ » دەپ ئاتىلىدىغان ئە -
شۇ كەنتتە ئەۋلاتتىن - ئەۋلاتقا يوتكەلمەي يا -
شاپ كېلىۋاتقان 97 ياشلىق ئىمىن ئېلى ، 92
ياشلىق داۋۇتكام قاتارلىقلار بۇ جاينىڭ « ئا -
زىخ » ئىكەنلىكىنى، هازىر كىشىلەر تەرىپىدىن
« سوسەر » ( Søsər ) ئاتىلىۋاتقان دارانىڭ
" ئازىخ دارىسى » دەپ ئاتىلىدىغان -

① قاسىم رېھىم - پىشقەدەم كەسپى مائارىپچى بولۇپ،
ئوپال مائارىپىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۇچۇن بەلگىلىك توھپە
قوشقان زىيالىلارنىڭ بىرى .1982 - يىلى 9- ئايدا
كېسەللىك سەۋەبى بىلەن 75 يېشىدا ۋاپات بولدى .

لىغى، بۇنىڭدىن 100 ـ 150 يىللار بۇرۇن قاتتىق يامغۇردىن كېيىن « ئازىخ دارىسى » دىن دەھشەتلىك سەل سۇ چىقىپ ئازىخ كەنتىنى قۇم بېسىپ كەتكەنلىكتىن بارا ـ بارا «قۇمباغ كەنتى » دەپ ئاتالغانلىغىنى «ئازىخ دارىسى» مۇ « سۇ سەل دارىسى» دەپ ئاتىلىدىغان بولغانلىغىنى ئۆز ئاتىسى ۋە باشقا پىشقەدەم كىشىلەردىن ئاڭلىغانلىغىنى سۆزلەپ بەردى. داۋۇت ئاكامنىڭ يوقۇرقى سۆزىنى 7 ـ 8 ئەۋلاتتىن بىرى « بۇۋى رابىيە » مازىرىغا شەيخ بولۇپ كەلگەن قاسىم قازى ئاخۇنۇم ① مۇ تەستىقلىدى. بۇ ئەھۋاللار بىزنىڭ ئىزدىنىشكە بولغان قىزغىنلىغىمىزنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپلا قالماي ، ھەر ساھەدىكىلەرنىڭمۇ قىزىقىشىنى قوزغىدى .

1981 ـ يىلدىن باشلاپ ھەزرىتى موللامغا كېلىپ ـ كېتىدىغانلار كۆپەيدى . ناھىيە ـ ۋىلايەتنىڭ رەھبەرلىرى بىر قانچە قېتىم كېلىپ كۆزدىن كۆچۈرۈپ مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنىڭ ئەسلىمىلىرىنى ، رىۋايەتلىرىنى ئاڭلىدى. ماددى يادىكارلىقلارنى كۆردى . ھەتتا ئاپتونوم رايونىنىڭ خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن قەشقەرگە كەلگەن بەزى رەھبەرلىرى، يازغۇچىلار ، شائىرلار ، تارىخچىلار ، ئارخىلوگلار ۋە مۇناسىۋەتلىك كەسپى خادىملارمۇ كېلىپ زىيارەت قىلىپ ، داۋاملىق ، چوڭقۇر ئىزدىنىشكە ئىلھام بەردى .

## III

ھەممىگە ئايانكى ، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ قەۋرىسىنى ئىزدىگەندە ئوپالدىكى تارىخى مەدىنى يادىكارلىقلارنىمۇ بىرلىكتە ئىزدەش ، تەكشۈرۈش ، ئۆگىنىش زۆرۈر . چۈنكى «ھەزرىتى مول م » مازىرىنىڭ ئوقۇغان ، ئاڭلىغان پىشقەدەم كىشىلەرنىڭ ئېسىدە ساقلىنىپ قالغىنىدىن باشقا يازما تەزكىرىسى ھازىرغىچە تېپىلمىدى. رىۋايەتلەرنى ، ئەسلىمىلەرنى، تارىخى ماددى يادىكارلىقلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئېنىقلاش مۇھىم . بۇ توغرىدا ئوپالدىكى ۋە كونىشەر ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىكى كادىرلار ، زىيالىلار ۋە پىشقەدەم كىشىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن 40 دىن ئارتۇق مازار قورغان ، شەھەر خارابىلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك جايلارنىڭ بارلىغىنى ئېنىقلاپ دەسلاپكى قەدەمدە ئۈزەرەك بولسىمۇ باشلانغۇچ تونۇشقا ئىگە بولدۇق . بۇنىڭ ئىچىدە مەھمۇت قەشقەرىياشىغان دەۋرگە مۇناسىۋەتلىكلىرى 20دىن ئوشۇق. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى ئوپال ـ قاراخانىلار دەۋرىدە مۇھىم ئورۇنلارنىڭ بىرى بولغان .

« ھەزرىتى موللام » مازىرىنىڭ غەرپ تەرىپىدە تەخمىنەن بىر كىلومېتىردىن كۆپرەك يىراقلىقتا « سۇلتان باغ » دىگەن جاي بولۇپ ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىن شىمالدىن جەنۇپقا كېسىپ ئۆتكەن دارانى " سۇلتان پاغ دارىسى " دەپ ئاتايدۇ . " سۇلتان " سۆزى ئەرەپچە " خان " ياكى " پادىشا " دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . ھازىر بۇ جاي باغ ئەمەس بەلكى ياۋا گىيالاردىن باشقا ھېچقانداق نەرسە يوق غىلاڭ ساي بولسىمۇ ، بۇنىڭدىن مىڭ يىللار بۇرۇن پادىشالىق باغ ياكى " خان بېغى "بولغانلىغىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن .

«ھەزرىتى موللام » مازىرى جايلاشقان دوڭلۇكنىڭ شەرقىي جەنۇپ تەرىپىدىكى مەھەللە " تەكيەگاھ " دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ جاي شۇ

① قاسىم قازى ئاخۇنۇم ـ ھازىر 90 ياشتا بولۇپ، 30 ـ يىللاردا ئوقۇتقۇچى بولغان زىيالى ـ ئۆلىما كىشى.

چاغلاردا پادىشالارنىڭ چەتئەل ئەلچىلىرىنى قوبۇل قىلىدىغان ئورنى ۋە مېھمانخانا بولغان. ھازىر " سوسەر ئاغزى " دەپ ئاتىلىدىغان مەھەللىنىڭ غەربىدىكى دوڭلۇكتە « ھەزرىتى سەييىددىن بۇزرۇكۋار » دېگەن مازار بولۇپ ، كىشىلەر مەھمۇت قەشقەرىنىڭ چوڭ دادىسى ( ئانىسىنىڭ دادىسى ) ، بۇ يەردىن 800 مېتىرچە شەرقىي جەنۇپقا جايلاشقان «يېڭى مەھەللىسى» دىكى « بۇۋى رابىيە » دېگەن مازارنى ئالىمنىڭ ئانىسى دەپ رىۋايەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا « قارا خان پاشا مازىرى » ، « قىلىچ بۇغراخان مازىرى »، « ئالىپ تېكىن مازىرى » ، « سو بوكتېكىن مازىرى » دېگەن مازارلار بار. بۇ مازارلارنىڭ ئىسمى - ھازىرغىچە شۇنداق ئاتىلىپ كېلىشى - ئالىم ياشىغان دەۋرگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىدىن گۇۋالىق بېرىدۇ .

ئوپالدىكى باشقا تارىخىي يادىكارلىق ئىزلىرى ، ئوپالنىڭ قاراخانىلار دەۋرىدىن خېلى بۇرۇنمۇ ئاۋات ، گۈللەنگەن مۇھىم جايلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ . « ھەزرىتى موللام » مازىرىنىڭ شىمالى ۋە « ھەزرىتى موللام» تېغىنىڭ جەنۇبىي باغرىدىكى تۈزلەڭلىكتە بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ ئىزلىرىنى ھېلىمۇ پەرق ئەتكىلى بولىدۇ . بۇ جايدا ، توپىنىڭ ئۈستى ۋە ئاستىدا نۇرغۇن ساپال پارچىلىرى بولۇپ ھەتتا ساپالدىن ياسالغان بۇت پارچىلىرىمۇ تېپىلىدۇ .

« موللام بېغى » كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق قادىر ھاجى دېگەن كىشى ( 65 ياشتا ) مۇنداق بىر ۋەقەنى ھېكايە قىلىدۇ :

بۇنىڭدىن قىرىق يىللار بۇرۇن ، دادىسى زورىدىن ئاخۇن بىلەن تاغ باغرىدىن ئېتىزغا قويۇش ئۈچۈن توپا كولىسا بىر ئىشىك ئۇچراپ قالىدۇ . باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئىشىكنى توپا بىلەن كۆمۈپ قويۇپ، كېچىسى بېرىپ دادا بالا كولاپ ئىشىكنى ئېچىپ قارىسا. تاغ باغرىغا كولاپ ياسالغان كەڭرى بىر ئۆي چىقىدۇ . ئۆينىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا ئىشىككە قارىتىپ ئولتۇرغۇزۇلغان ئادەم چوڭلۇقىدىكى 25 - 30 كىلوگىرامچە كېلىدىغان مىستىن ياسالغان بىر بۇت بولۇپ، بۇتنىڭ سول تەرىپىدىكى تامغا ئويۇپ چىقىرىلغان تاكچىدا موڭغۇل يېزىقىدىكى قېلىن بىر كىتاپ قويۇلغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇلار بۇت بىلەن كىتاپنى قايتۇرۇپ كېلىپ، بۇتنى بۇزۇپ چوگۈن، لىگەن، ئاپتۇ - چىلاپچى سوقتۇرۇپ بۇزۇۋېتىدۇ. كىتاپنى تا " مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى " غىچە ساقلاپ كېلىدۇ. ھازىر كىتاپنى سۈرۈشتۈرگەندە: " مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى " دا تارتىپ چىقىرىلغاندا يوشۇرۇپ قويغانلىقى، ئەمما قەيەرگە يوشۇرغانلىقىنى ئەسلىيەلمەيۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ كېلىۋاتىدۇ. يۇقارقىلار ئوپال يېزىسى بۇددا دىنىنىڭ خېلى راۋاجلانغان نۇقتىلىق ئورۇنلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى ۋە گىرەلەشكەن تارىخى ئىزچىللىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

« ھەزرىتى موللام » مازىرىنىڭ غەربىدە 10 كىلومېتىرچە يىراقلىقتا جايلاشقان ئوپالات ( ئەسلىدە ئوپال ئارت ) كەنتىنىڭ قېشىدا « ئوپالات قەدىمى شەھرى » دېگەن خارابە بار. دائىرىسى 100 مودىن ئارتۇق بولۇپ، ھازىر سۇ ئېقىنلىرى دارا تارتىپ خارابىنى 3 كە بولۇۋەتكەن. ۇ جايدا ھېلىمۇ تام ئىزلىرى ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇرغاندىن باشقا ساپال پارچىلىرى ناھايىتى تولا. ھەتتا بەزى ساپال قاچىلار توپا ئاستىدا ھازىرغىچە پۈتۈن ساقلىنىپ قالغان. 1980 - يىلى پادىچىلار بۇ خارابىدىن ھېچ يېرى زەخىملەنمىگەن 2 دانە كوزا تېپىپ ئالغان. بۇ كوزا ھازىر قەشقەر ۋىلايەت-

لىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئاسراش باشقۇرۇش ئورنىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

1974 - يىلى ئۈرۈمچىدىن بىر ئارخىلوگىيە دۆيى كېلىپ بۇ خارابىدا چەكلىك دائىرىدىكى ئارخىلوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بېرىپ 20نەچچە ساندۇق ماددى نەرسىلەرنى ئېلىپ كەتكەن. كېيىن ئۇلار تەتقىق قىلىپ بۇ خارابىنىڭ يېڭى تاش قورال دەۋرىگە مەنسۇپ بولۇپ ئەڭ يېقىن دىگەندىمۇ بۇنىڭدىن ئىلگىرى 4 مىڭ يىلدىن 6 مىڭ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا گۈللەنگەن شەھەر ئىكەنلىكىنى بېكىتىپ، كونىشەر ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىغا ئالاقە بىلەن مەلۇم قىلغان. بۇ ئالاقىنى مەدەنىيەت يۇرتى يوقىتىپ قويغان.

ئوپالدا ئۇنىڭدىن باشقا "ئۇيغۇر قورغان"، "يار قورغان"، "كونا قورغان" دەپ ئاتىلىدىغان قورغان ۋە شەھەر خارابىلىرى، بۇددا ۋە زەردەش دىنىغا ئائىت قەۋرىلەر ھەتتا باشلانغۇچ جەمىيەتتە ئىنسانلار ياشىغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدىغان غارلار بار. دىمەك ئوپال يېزىسى بۇددىزىم دەۋرىدىكى خېلى راۋاجلانغان مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولۇپلا قالماي قاراخانىلار خاقانلىرىنىڭ قارارگاھى ۋە سەيلە گاھى بولغانلىقى ئېنىق.

## IV

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقىرى — ئالەمشۇمۇل ئەسىرى - «دىۋان لوغەتىتتۈرك»دە قەشقەر ئەتراپىدىكى تاغ، دەريا، شەھەر، يېزىلاردىن يىگىرمە نەچچىسىنى بايان قىلغان بولسىمۇ بۇنىڭ ئىچىدىكى «ئوپال»،«ئازىخ» دىگەن يەر ناملىرىغا — "ئىسمى قەريەتىللانا"، يەنى "بىزنىڭ يۇرتىنىڭ نامى" دەپ، "قاسى" سۆزىگە "ئىسمى مەۋزىئى لەنا"، يەنى "بىزدىكى بىر يەرنىڭ نامى" دەپ ئىزاھ بەرگەن. "قاسى" «ئازىخ» كەنتىگە تۇتاش بىر يەرنىڭ نامى بولۇپ، ھازىر "قاسى" ياكى "قاچىسى" تەلەپپۇزى بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە. دىمەك ئالىم ئۆز ئەسەرىدە بايان قىلغان 3 ئورۇن بىرلا جايدا ھىلىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇپتۇ.

«ھەزرىتى موللام» مازىرىنىڭ ھازىر ھايات شەيخلىرىدىن ئوسمانقارى (80 ياش)، باۋۇدۇن قارى (75 ياش)، مەھەممەت رەھىم شەيخ (65 ياش)، لارئىمزچىل شەيخ بولۇپ كەلگەن 8- ئەجدادىغىچە ئېنىق بىلىدۇ. بۇلارنىڭ بوۋىسى تۇردى شەيخ ھاجىم ئۆلىما كىشى بولۇپ ئۇ يېزىپ چىققان "سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى"نى ھازىرغىچە ساقلاپ كەلگەن. بوۋىسىدىن ئاڭلىغىنى بويىچە«ھەزرىتى موللام» مازىرىنىڭ"مەۋلانا مەھمۇدىيە ئىبنى ھوسەيىن"دىگەن زاتنىڭ مازىرى ئىكەنلىكىنى تەپسىلى سۆزلەپ بىرەلەيدۇ. يۇقارقى ئەھۋاللارنى بىر نەچچە شەيخ بىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئوپالنىڭ پېشقەدەم ئۆلىما زىيالىلىرىدىن قاسىم قازى ئاخۇنۇم، ئابلا زاكىر، مەمتىمىن ئەھمەت قاتارلىق نۇرغۇن كىشىلەرمۇ ئوبدان بىلىدۇ.

18- ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 19- ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۆتكەن مەشھۇر ئۆلىما، ئىسلام تارىخىي ۋە قاراخانىلار تارىخىنى خېلى پۇختا ئۆگەنگەن مەرىپەتپەرۋەر ئالىم، "زوبدەتول ماسائىل" (مەسىلىلەر جەۋھىرى) غا ئوخشاش بىر نەچچە داڭلىق كىتاپلارنىڭ ئاپتورى موللا سادىق ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ ئالىمنىڭ مازىرىغا كىتاپ "ۋەخپى" قىلىشى ھەققىدىكى ۋەسىقىغە: "بەلدەئىكاشغەر، دەر مەۋزىئى ئوپال، تەھتى جەبەل، چەشمە زولال سەھنىسىدە مەدپۇن، موسەننىپى ئىرپان، ھەزرىتى مەۋلام شەمسىددىن ھوسەينى ساھىبى قەلەم مەھمۇدىل كاشغىرى" دەپ قەيىت قىلىشى ۋە بۇ ئۇلۇغ ئىشقا ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا خېلى يۇقىرى

ئورۇننى ئىگەللەيدىغان ئابدىرىشىت مازارى، تۇردىش ئاخۇن غېرىبى، نورۇز ئاخۇن زىيائىگە ئوخشاش شائىرلارنىڭ، «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى» نىڭ ئاپتورى تۇردى شەيخ ھاجىم، شۇ چاغدىكى ئوپالنىڭ بېگى — زەيدىن قورولبېگىلەرنىڭ گۇۋا بولۇشى، «ھەزرىتى مول-لام» مازىرىنىڭ يالغۇز ئوپال خەلقى ئارىسىدىلا ئەمەس بەلكى قەشقەردىكى ئىلىم — ئەھلىلىرىنىڭ ئىچىدىمۇ مەھمۇت قەشقەرىنىڭ قەبرىسى ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇزۇن زامانلاردىن تارتىپ «ھەزرىتى موللام» مازىرىنى پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئالىملار، ئىلىم ھەۋەسكارلىرىنىڭ "ئىلىمگە ھودىگار" دەپ ئېتىقات قىلىپ زىيارەت قىلىپ كېلىۋاتقانلىقى، ئالىم ياشىغان دەۋرىدە «نوروز بۇلاق» نىڭ بېشىدا باشلانغان شېئىر ئېيتىش ئادىتىنىڭ تاھازىرغىچە ئۆز ئەنئەنىسىنى يوقاتماي ئوپال خەلقى ئىچىدە "پەر بېيىت" نامى بىلەن شېئىر ئوقۇش مۇسابىقىسى شەكلىدە داۋام قىلىپ كېلىشىمۇ بىر ئەمەلىي پاكىت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

# V

يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان رىۋايەتلەر، كۆرسىتىلگەن تارىخى ماددى پاكىتلارنى بىر — بىرىگە ئۇلاپ مۇلاھىزە قىلىنسا كىشىدە «ھەزرىتى موللام» مازىرىنىڭ ئەسلىدە مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مازىرى ئىكەنلىكىگە بولغان ئىشەنچ تۇغۇلىدۇ. دەل مۇشۇنداق ھالقىلىق بىر پەيتتە شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ مەسئۇلى ئىبراھىم موتىئى بىلەن مىرسۇلتان ئوسمانوۋلار «دىۋان، 3-توم» نىڭ نەشرگە تەييارلانغان نۇسخىسىنى ئاخىرقى قېتىم تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتى بىلەن 1982 - يىلى 12 - ئاينىڭ بېشىدا قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. ئورۇنلىشىپ، خىزمەتنى رەسمى باشلىغاندىن كېيىن مەھمۇت قەشقەرى ئۆز ئەسەرىدە "بىزنىڭ يۇرتىنىڭ نامى" دەپ ئىزاھلىغان يەرلەر، ئالىمنىڭ مازىرى دەپ قىياس قىلىنىۋاتقان جاي ۋە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك يادىكارلىقلار ھەققىدە، بىزنىڭ ئىككى يىلدىن بېرى ئىزدىنىپ توپلىغان ماتېرىياللىرىمىز ھەققىدىكى تونۇشتۇرۇشىمىزنى ئاڭلاپ، بۇ ھەقتە بىز ئىشلىگەن خىزمەتلەردىن مەمنۇن بولدى. ماددى ئىسپاتلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، رىۋايەتلەرنى بىۋاستە ئاڭلاپ تەتقىق قىلىپ كۆرۈش غەرىزى بىلەن 1982 - يىلى 12-ئاينىڭ 18 - كۈنى (شەنبە كۈنى) ئوپالغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. تەكشۈرۈش ئىككى كۈن داۋام قىلىپ، يولداش ئىبراھىم موتىئى، مىرسۇلتان ئوسمانوۋلاردىن باشقا «دىۋان» نىڭ نەشرگە تەييارلانغان نۇسخىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتىگە قاتنىشىۋاتقان ئابدىرىشىت قارىم، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنى يادىكارلىقلارنى ئاسراش - باشقۇرۇش ئورنىدىن مەھەممەت زۇنۇن، مەھەممەت ئىمىن سايىت، كونىشەھەر ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ مەسئۇلى ئىسمائىل ئىبراھىم، ئوپال گۇڭشېسىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك كادىرلىرى بولۇپ 10 دەك كىشى قاتناشتى. تەكشۈرۈشكە قاتناشقانلار مۇناسىۋەتلىك جايلارنىڭ ئۈستىگە بېرىپ ئەستايىدىل كۆردى، قايتا - قايتا سوراپ ئېنىقلىدى. رىۋايەتلەرنى، كىشىلەر قەلبىدە ساقلىنىپ قالغان «ھەزرىتى موللام» تەزكىرىسى ھەققىدىكى ئەسلىمىلەرنى ئاڭلىدى. نەتىجىدە يولداش ئىبراھىم موتىئى، مىر سۇلتان ئوسمانوۋلار «ھەزرىتى موللام» مازىرى — ئەمەلىيەتتە مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مازىرى ئىكەن دېگەن روشەن كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ جەرياندا يولداش ئىبراھىم موتىئى ئۆزىنىڭ كېسەلچان،

ياشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي، قىش - زىمىس-
تان، قەھرىتان سوغۇقنى پىسەن قىلماي، كۈن
بويى تالا تۈزنى ئايلىنىپ تارىخى مادىدى ئىس-
پاتلارنى كوردى، كىشىلەر بىلەن سوھبەتلىشىپ
رىۋايەتلەرنى ئاڭلىدى. يولداش ئىبراھىم مو-
تىئى، مىرسۇلتان ئوسمانوۋلارنىڭ مۇنداقكەم-
تەر، ئەستايىدىللىق بىلەن خىزمەت ئىشلەش
ئىلمى پوزىتسىيىسى، جاپا - مۇشەققەتتىن باش
تارتمايدىغان ئېسىل روھى بىزنى چوڭقۇر تە-
سىرلەندۈردى.

يولداش ئىبراھىم موتىئى، مىر سۇلتان ئوس-
مانوۋلار ئوپالدىن قايتىپ كېلىپ مەھمۇت قەش-
قىرىنىڭ مازىرى ھەققىدە ئۆز قاراشلىرىنى
بايان قىلىپ دوكلات يېزىپ ۋىلايەت رەھبەر-
لىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە سۇندى.
ۋالى مامۇتوپ قۇربان، ئېيسا شاكىر قاتارلىق
ۋىلايەت رەھبەرلىرى بۇ دوكلاتنى كورگەندىن
كېيىن خۇرسەنلىك بىلەن جىددى كوڭۇل بولۇپ،
ئەتراپلىق مۇلاھىزە قىلىپ كورۇش ئۈچۈن مۇ-
ناسىۋەتلىك كىشىلەر باش قوشقان يىغىن چا-
قىرىشنى ئورۇنلاشتۇردى. 1983 - يىلى 1 - ئاي-
نىڭ 6 - كۈنى مەمۇرى مەھكىمىنىڭ مەجلى-
خانىسىدا ۋالى مامۇتوپنىڭ رىياسەتچىلىكىدە
ۋىلايەت رەھبەرلىرىدىن باشقا قەشقەرنىڭ ئولى-
مالىرىدىن قاسىم قارى ھاجىم، سەلەي دامول-
لاجىم، پىشقەدەم تارىخچى ئىمىر ھوسەيىن قازى
ئاخۇنوم، ئابدىرىشىت ئەلەم ئاخۇنوم، مەدىنى-
يەت باشقارمىسىنىڭ مەسئۇللىرى، مۇناسىۋەت-
لىك زىيالىلار، كونىشەر ناھىيىسى ۋە ئوپال
گۇڭشېسىنىڭ مەسئۇللىرى قاتارلىق 20 نەچچە
كىشىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن يىغىن ئېچىلدى.

يىغىندا يولداش ئىبراھىم موتىئى ئوپالدا
ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى تونۇش-
تۇردى. مىرسۇلتان ئوسمانوۋ بۇ ھەقتە تەييار-
لانغان دوكلاتنى ئوقىدى. كوپچىلىك مۇزاكىرە

ۋە مۇلاھىزە قىلىپ، «ھەزرىتى موللام» مازى-
رى، ئەمەلىيەتتە مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مازىرى
دىگەن كوز قاراشقا قىزغىنلىق بىلەن بىردەك
قوشۇلۇپلا قالماي يەنە قىممەتلىك دەلىل، ئىس-
پاتلارنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇپ تېخىمۇ تولۇقلىدى.
بولۇپمۇ پىشقەدەم تارىخچى ئىمىر ھوسەيىن
قازى ئاخۇنۇم بۇنىڭدىن 150 يىل بۇرۇن مەشھۇر
ئۆلىما موللا سادىق ئەلەم ئاخۇنۇم تەرى-
پىدىن مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مازىرىغا ۋەخپى
قىلىنغانلىق ھەققىدىكى ۋەسىقە قوشۇلۇپ تۈپ-
لەنگەن " مەسنەۋى شىرىپ " كىتاۋىنى ئوتتۇ-
رىغا چىقىرىپ چوڭ خىزمەت كورسەتتى. ئىمىر
ھوسەيىن قازى ئاخۇنۇمنىڭ بۇ قىممەتلىك
كىتاپنى ئۆزۈندىن بېرى ياخشى ئاسراپ ساق-
لاپ كېلىپ مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مازىرىنى بې-
كىتىش خىزمىتىگە ئالاھىدە توھپە قوشقانلىقىغا
كوپ رەھمەت بايان قىلىمىز.

نەتىجىدە : يىغىن « ھەزرىتى موللام ». ما-
زىرى دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان بۇ مازارنىڭ
ئەمەلىيەتتە ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرىنىڭ
مازىرى دىگەن قاراشقا بىردەك قوشۇلدى.

يىغىندىن كېيىن مەمۇرى مەھكىمە نامىدىن
مەخسۇس دوكلات يېزىلىپ بۇ دوكلاتنى مۇئا-
ۋىن ۋالى ئېيسا شاكىر ئوزى ئۈرۈمچى ۋە بېي-
جىڭغا ئېلىپ بېرىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيى-
تى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ۋە ئاپتونوم رايون-
لۇق خەلق ھوكۇمىتىگە سۇندى.

"مەھمۇت قەشقەرى" نىڭ قەبرىسى تېپىل-
غانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر، بۇ ھەقتە ئېلىپ
بېرىلغان پائالىيەتلەر «قەشقەر گېزىتى» گە
ئارقا - ئارقىدىن بېسىلىپ كېلىۋاتىدۇ. «شىن-
جاڭ گېزىتى» 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىكى سانى-
دا خەۋەر ئېلان قىلدى، مەركىزىي خەلق رادىيو
ئىستانسىسىمۇ ئاڭلاتتى.

دىمەك بۇ ئۇلۇغ ئىش مەملىكىتىمىزنىڭ

ئىچى ۋە سىرتىغا ئاشكارىلاندى.

مەھمۇت قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ ئولمەس ئەسەرى "تۈركى تىللار دىۋانى" جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى كوپ مىللەتلىك چوڭ ئائىلىسىنىڭ تەڭ ھوقۇقلۇق بىر ئەزاسى بولغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىدىكى پارلاق نامايەندە بولۇپلا قالماستىن بەلكى جۇڭگو خەلقىنىڭ 5 مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىنىڭ يارقىن بەتلىرىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرى نىڭ قەبرىسىنىڭ تېپىلغانلىقى ئۇيغۇر خەلقى شۇنداقلا پۈتۈن جۇڭگو خەلقى ئۈچۈن خوشاللىق ۋە ئىپتىخارلىق چوڭ تارىخى ۋەقە بولۇپلا قالماستىن بەلكى تۈرك ئائىلىسىگە مەنسۇپ ھەممە مىللەت خەلقى ۋە جاھان تۈركولوگىيە ساھەسى ئۈچۈنمۇ چەكسىز خوشاللىق ۋەقە.

چۈنكى — «دىۋان»نى تۈرلۈك تىللارغا تەرجىمە قىلغان، ئالىمنىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرىنى تەتقىق قىلىپ ئەسەرلەر يازغان. جاھان تۈركولوگىيە ساھەسىدە ئابرۇيلۇق ئالىملاردىن بىرۈككىلمان، پىرىتساك، كابايىن، ئابدىقادىر ئىنان، بېسىم ئاتالاي، سالىھ موتەللىپوپ قاتارلىقلارمۇ ئالىمنىڭ ۋاپات بولغان ئورنى ۋە قەبرىسى ھەققىدە ئوز كوز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى مەلۇم ئەمەس.

ئالىم «دىۋان» نىڭ مۇقەددىمىسىدە بايان قىلغان "... ئەبەدى يادىكارلىق ۋە پۈتمەس-تۈگىمەس بايلىق بولۇپ قالسۇن دەپ ئۇلۇغ تەڭرىگە سېغىنىپ بۇ كىتاپنى تۈزۈپ چىقتىم" دىگەن ئارزۇسى، بۈگۈنكى سوتسىيالىستىك يېڭى جۇڭگودا ئەمەلگە ئاشماقتا. «دىۋان»بىزنىڭ قىممەتلىك مەدەنى مىراسىمىز بولۇپلا قالماي، پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا تۈركولوگىيە ساھەسىدىكى مەڭگۈ قەدىرلىنىدىغان پۈتمەس - تۈگمەس بايلىق بولۇپ ھساپلانماقتا.

"4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش" ئۈچۈن كۈرەش قىلىنىۋاتقان ھالقىلىق پەيتتە. پارتىيە 12 - قۇرۇلتىيىنىڭ ھوججەتلىرى ۋە خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ 6 - بەشيىللىق پىلانىنىڭ روھىنى ياخشى ئۈگىنىپ، پەن تەتقىقات ئىشلىرىدىمۇ "ئىككى قاتلاش"نى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئالىمنىڭ ئېسىل خىسلەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئىلىم - پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلايلى!

# ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرى خاتىرىسىگە بېغىشلانغان نەزمىلەر

## ئوپال ئەلچىلىرى

( سىكىل )

ئابدىرەشىت سەلەي

### ئوپالغا مەدھىيە

(مۇقەددىمە)

يەنە سېنى ئەسكە ئېلىپ ئەي، گۈزەل ئوپال،
ئالدىم قولغا قەلىمىمنى ئوتلۇق تۇيغۇدا.
دەپتىرىمنى ۋاراقلايدۇ ئويناق ـ شوخ شامال،
جامالىڭنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ شۇندا.

سېنىڭ كىمخاپ چاپىنىڭدۇر ياپ-يېشىل ئوتلاق،
قارلىق تاغلار ھەۋەس بىلەن باقاتتى ساڭا.
باغرىڭدىكى كۈمۈش چەشمە-ئاھۇ كۆز بۇلاق،
گۈل ئۈندۈرۈپ زېمىنىڭدىن تاقاتتى ساڭا.

كۈندۈز قۇياش، ئاخشامدا ئاي كۆكىڭدە پارلار،
بولىنىپ نۇر بوشىگىدە ياتاتتىڭ گۈزەل.
كۈمۈش پامىر كۆكسىدىن ئېتىپ ئاققان دەريالار،
مەدھىيىلەپ گۈل ھۆسنىڭنى كۈيلەر شوخ غەزەل.

سەن گۈزەللىك ئاسمىنىدا چاقنىغان يۇلتۇز،
خىسلەتلىرىڭ يۈكسەك سېنىڭ تاغدىن زىيادە.
ئۇلۇغ ئالىم، مەھمۇت بوۋام ئاچقان نۇرلۇق كۆز،
قوينىڭدىكى تەۋەرۈك جاي ئازىخ كەنتىدە؛

تاۋاپ قىلىپ مەھمۇت بوۋام ياتقان جايىنى،
كەزگەن ئىدىم نورۇز بۇلاق بويلىرىنى مەن.
چېكىپ ئوتلۇق يۈرۈگۈمنىڭ لېرىك تارىنى،
ياڭراتقانىتىم مۇھەببىتىڭ كۈيلىرىنى مەن.

نوز يۇرتۇمدەك سويۇملۇكسەن ئەي، گۈزەل ماكان،
ھەرتۈپ گىيا، ھەرتال تېشىڭ تونۇش - يېقىندۇر.
سېنىڭ ئىشقىڭ - مۇھەببىتىڭ يالقۇنلۇق داستان،
خۇددى نورۇز بۇلاق كەبى پۈتمەس ئېقىندۇر.

## نورۇز بۇلاق

نورۇز بۇلاق، خۇش بۇلاق،
زەر بۇلاق، كۈمۈش بۇلاق.
سېنى ئەسلەپ ئوي - پىكرىم،
ئۇچتى مىسلى قۇش، بۇلاق.

ئاسراپ سېنى تاغ - ئورمان،
خەلقۇەت قوينىغا ئالغان.
ئەكس ئېتەر سۈيۈڭدە،
ئاق بۇلۇتلۇق كۆك ئاسمان.

ھاياتقا خۇش باقسەن،
ئويناپ - كۈلۈپ ئاقسەن.
خەلقىتىڭدىن دىللارغا،
ئوچمەس ئوتنى ياقسەن.

سەيىر قىلىپ بويۇڭنى،
ئاڭلاپ مۇڭلۇق كۈيۈڭنى؛
ئىچكەن قەلبى قانغىچە،
مەھمۇت بوۋام سۈيۈڭنى.

يېگىپ توسقۇن،سوغ - جۇتنى،
كېزىپ قانچە ئەل - يۇرتنى.

كەلگەن ئالىم، شائىرلار،
تاۋاپ قىلىپ مەھمۇتنى.

بويلىرىڭنى كېزىشىپ،
گوھەر سوزلەر يېزىشىپ؛
تاشلىغان شوخ سۈيۈڭگە،
نورۇز نامە يېزىشىپ.

يادلاپ مەھمۇت نامىنى،
شوھرىتىنى — شانىنى.
ئېقىپ كەلدىڭ ئەسىرلەر،
سۇنۇپ تارىخ جامىنى.

ئىچىپ شەربەت سۈيۈڭنى،
چولغىدى نۇر ئويۇمنى.
خەلقىتىڭنى ئۇلۇغلاپ،
بېغىشلىدىم كۈيۈمنى.

نورۇز بۇلاق،شوخ بۇلاق،
ئىشقى ئوچمەس چوغ بۇلاق.
ئويناپ - كۈلۈپ ئېقىۋەر،
ساڭا توسقۇن يوق بۇلاق.

## كوكگەز

گۈزەل كوكگەز، ئاي كوكگەز،
يېشىللىقا باي كوكگەز.
كەم تېپىلۇر دۇنيادا،
سەندەك ئېسىل جاي كوكگەز.

نامىڭ ئاڭلاپ يىراقتىن،
ئوتۇپ سايلار، بۇلاقتىن؛
چىقىپ دوڭگە - ئۇستۇڭگە.
باقتىم ئۇزاق تويماستىن.

باغرىڭ ھەيۋەت سوگەتلىك،
سايىسى باشقا كۇنلۇك.
چىمەنلىكتە، سالقىندا،
سايرايدۇ قۇشلار ئۇنلۇك.

سوقار سالقىن شوخ سابا،
بېغىشلاپ تەنگە داۋا.
نەپەس ئالدىم قانغىچە،
ئەجەپ پاكىز - ساپ ھاۋا.

ئاستىڭدا چەكسىز ئېتىز،
دولقۇنلار مىسلى دېڭىز.

ئاھ، كوكگەز ئاجايىپ-سەن،
كەلگەن كىشى كەتكۇسىز.

خۇددى گۈلگە ئوخشىغان،
ھايات سەندە ياشنىغان.
بەلكىم مەھمۇت بوۋامدۇ،
ساڭا نەزەر تاشلىغان.

ئويلىدىمكى شۇ يەردە،
مەھنەتتىن تامغان تەردە؛
بولسام كوكگەز چىمەنسى،
قالماستى ئارمان مەندە.

ئوخشاپ ئاشۇ چىمەنگە،
ھوسۇن قوشسام ۋەتەنگە،
نۇسخە بولسام، گۈل بولسام،
كوركەم، رەڭدار گىلەمگە.

گۈللە كوكگەز، ھور كوكگەز،
گۈل كەيپىڭنى سور كوكگەز!
گۈزەللىك ئاسمىنىدا،
چاچقىن مەڭگۇ نۇر،كوكگەز!

## ساسلىقتا

سالقىن شامال ئۇچىدۇ،
ئىگىپ سوگەت تېلىنى.
گۈزەل ساسلىق ئاچىدۇ،
شائىر كوڭلى - دىلىنى

ئاستىمدا چىملىق قىرغاق،
يۇمشاقدۇر ما زۇق كەبى.
ئاقار سۇ ئويناق - ئويناق،
ئوخچىغان بېلىق كەبى.

كوزۇم تىكسەم يىراققا،
چەكسىز ساسلىق ناماياں.
يۈركەنگەن يېشىللىققا،
ئاجايىپ گۈزەل ماكان.

ئايدىڭدا كۆلگەن قىزدەك،
پارلار ساسلىق يۈزلىرى.
تۈندە يانغان يۇلتۇزدەك،
ئوينار بولاق كوزلىرى.

تويۇپ ئوتقا شوخلۇنۇپ،
يايرارماللار ئەركىن شات.

تەبەسسۇمدە زوقلۇنۇپ،
دېدىم: ئاجايىپ ھايات!

گۈزەللىكىنىڭ شەربىتى،
دىل جامىمغا قۇيۇلدى.
كورۇپ گۈزەل ساسلىقنى،
مۇنداق سوئال تۇغۇلدى:

گۈزەل ساسلىق يىنىڭدىن،
مەھمۇت بوۋام ئوتكەنمۇ؟
ئۆزمەي كوزىن سېنىڭدىن،
ئوتلۇق شېئىر پۈتكەنمۇ؟

## ئايدىڭكول

ئىسمىڭ لايىق جىسمىڭغا،
باغرىڭ چىمەن،ھوسنۇڭ گۈل.
قاراپ كوزۇم تويمايدۇ،
زەپ گۈزەلسەن ئايدىڭكول.

يوللىرىڭدا تال - تېرەك،
شىلدىرلايدۇ يېقىملىق.
سەزدىم ئوتلۇق قەلبىمدە،
ساڭا چەكسىز يېقىنلىق،

چىم قىرلىق ئوستەڭلەردە،
قۇياش نۇرى پارلايدۇ.
شاۋقۇن سېلىپ سۇلىرىڭ،
ھور بەختىڭنى كۈيلەيدۇ.

نەگە باقسام گۈزەلدۇر،
زۇمرەت ساسلىق، زىلال سۇ.

ئاھ، ئايدىڭكول سەن پەقەت،
يېشىللىققا ئورالغانمۇ؟

بەلكىم مىڭ يىل مۇقەددەم،
مەھمۇت كېلىپ يايرىغان.
قوتلاپ ئۇلۇغ ئالىمنى،
تورغايلىرىڭ سايرىغان.

ئېتىن باغلاپ تېرەككە،
گۈل ھوسنۇڭگە باققاندۇ؟
گۈزەل،رەڭدار جامالىڭ،
دىلىغا ئوت ياققاندۇ.

سېنى كورۇپ ئايدىڭكول،
ئىلھامغا تولدى كوڭۈل.
بەختىڭ كۈندەك پارلىسۇن.
گۈللە، ياشنا، مەڭگۈ كول!

# ھەزرىتى موللام تېغىدا

## (خاتىمە)

گۈزەل ئۇپال قوچاغىڭدىن قايتار چېغىمدا،
چىقتىم ئۇلۇغ پىر ھەزرىتى موللام تېغىغا.
شائىرانە تۇيغۇ بىلەن يالقۇنلۇق ئويلاپ،
سالدىم نەزەر گۈل ھۆسنۈڭنىڭ ھەممە يېقىغا.

قىستىم تەرەپ گۈزەل ئورمان، قوينىدا بۇلاق،
گۈزەل قىز نىڭ نىگاھىدەك جىلۋىلىك، ئويناق.
ئاقار پەسكە جىلغا تامان شىلدىرلاپ ھەيۋەت،
كېچە-كۈندۈز ئۇز بەختىدىن كۈيلەپ ساز-قوشاق.

ئورمانلىقنىڭ ئېتەكلىرى كوجۇم مەھەللە،
قوچاق يەتمەس ئۈجمىزارلىق تاشلايدۇ سايە.
ياتار گۈلدار بوشۇكلەردە يۇمران بوۋاقلار،
كۈيچى ئانا ئەجەپ مۇڭلۇق ئېيتىدۇ ئەللە.

سالغىنىمدا ئوتلۇق نەزەر ئوڭ تامانىمغا،
گۈزەل كوككەز يېشىللىقنى قوچقان باغرىغا.
ئېرىسىدا ھول جىگدىنىڭ ئېتىز - باغلىرى،
تاۋلىنىدۇ ئوخشاپ خۇددى رەڭدار شايىغا.

باققىنىمدا سول تامانغا تاغ باغرى ياغۇ،
خىلۋەت، كوركەم قوچاغىدا يايرايدۇ ئاھۇ.
قەد كوتەرگەن ئاپپاق تاملىق مەكتەپ بىناسى،
كورىنىدۇ يىراقلاردىن بوپ مىسلى ئاققۇ.

ساپ ھاۋاغا، خوش ناۋاغا بايدۇر دىيارىڭ،
جاراڭلايدۇ شوخ كۈيلەرگە راۋاپ، دۇتارىڭ.
سائادەتنىڭ ئىللىق نۇرى پارلار چېھرىڭدە،
دەۋرىمىزدە كۈلدى ياشناپ گۈزەل باھارىڭ.

مەھمۇت بوۋام باققان كوزدە باقتىم چېھرىڭگە،
تەڭ كېلەلمەس قوياش تەپتى ئوتلۇق مېھرىڭگە.
بېغىشلايدۇ مەڭگۇ ئىلھام، پۈتمەس كۈچ-قۇۋۋەت،
سېنىڭ ئىشقىڭ ئىجادىمغا، پۈتكۈل ئومرۇمگە!

# مەرىپەت يۇلتۇزى

(داستان)

ئۇچقۇن

## مۇقەددىمە

"مەڭگۈلۈك كۆز يۇمدى مەھمۇت قەشقەرى"
ئۇي چولپان باغرىدىن تارقالدى خەۋەر.
ئوقۇشتى مەرسىيە پۈتكۈل جامائەت،
ئوقۇشتى گادايدىن ـ شاھلارغا قەدەر.

ئويغاندى تەبىئەت چۆچۈپ ئۇيقىدىن،
ئاققۇزدى كۆك ئاسمان مۇنچاق يېشىنى.
يىغلىدى يۇلتۇزلار ئۆكسىگەن قىزدەك،
ھىلال ئاي ماتەمدە ئەگدى بېشىنى.

بۇلۇتقا تاقاشقان باباتاغ، پامىر،
جۇدالىق دەردىدىن ماتەمگە چۆكتى.
سىر دەريا بويلىرى شاۋقۇندىن خالى،
بېلىقلار تولغۇنۇپ ئىسسىق ياش تۆكتى.

يىغلىدى ئاھ ئۇرۇپ باغداتلىق ئانا،
يىغلىدى ماتەمدە بوشۇكتە بوۋاق.
يىغلىدى ئاق باغلاپ مەرۋەلىك بوۋاق،
يىغلىدى ھەسرەتتە شۇ نورۇز بۇلاق.

يىغلىدى تالىپلار "ساچىيە"دە كوپ،
يىغلىدى ئۇن سېلىپ كوكگەزدە چوپان.
يىغلىدى بۇخارا، سەمەرقەنتلىكلەر،
يىغلىدى ئالەمگە پۈتكۈل يەر ـ جاھان.

قىرغاقنى تىترىتىپ چايقالدى بالقاش،
ھازىدار ئاۋازى يەتتى پەلەككە.
بۇلبۇللار يېشىدىن نەم بولدى باكۇ،
مۇسىبەت زىخچىسى پاتتى يۈرەككە.

مۇڭلاندى «سۇلتانىباغ». «تەكياگاھ» ئۇزاق،
دىللارنى چىرمىدى ئاچچىق بىر ئازاپ.
ئاھ! بۈيۈك ـ چوڭ ئالىم ئايرىلدۇق سىزدىن،
بولارمۇ سىز كەبى يەنە بىر ئاپتاپ؟

ياڭرىدى: "بىلىمگە ھوددىگەر پىرىم —
ياشايسىز ئالەمدە، مەڭگۈ بىز بىلەن.
نامىڭىز قۇربىدىن تۈرك يۇرتلىرى،
كۈچلۈنۈپ كۈنسېرى بولغۇسى گۈلشەن.

جاسارەت، شىجائەت سىزدە مىسلىسىز،
پەن ـ ئىرپان تاۋلىغاچ ئىرادىڭىزنى.
سۆيگىمىز سىز ئۈچۈن گويا يانار تاغ،
كۆيلەيمىز شۇڭانام ـ نىشانىڭىزنى."

# 1 - باپ

## سەپەر

تاڭ سەھەر شەرقتىن بالقىدى قوياش
بەئەينى شەلپەردەك رەڭ ئالدى ئۇپۇق.
نۇر بىلەن يۇيۇنۇپ تەلكە تاغلىرى،
يېپىندى ئۈستىگە زەر باسقان يوپۇق.

چوڭ بىكەت بىزەلگەن كوز قاماشقىدەك،
جاراڭلار لابادا ئۇزۇتۇش سازى.
ئادەملەر يولبويى سەپ تارتقان ئۇزۇن،
پەلەكنى چولغىغان ناخشا ئاۋازى.

ئېخ، بۈگۈن بۇ يەردە ھەممە شات-خورام،
چوڭ - كىچىك قەلبىدە يېڭىچە مەنا.
ئۇزۇتۇش شاۋقۇنى چىقتى ئەۋجىگە،
سۇيۇنۇش كويىگە تولدى كەڭ ساما.

ئولتۇرغان ئەر - ئايال ئاپتوۋۇزغا لىق،
ھەر شائىر قولىدا دەستە - دەستە گۈل.
ئەتراپتا ئىنتىزار مىڭلىغان كوزلەر،
چىن يۈرەك سوزىنى توكەتتى ئۇدۇل.

چاچلىرى ئاقارغان مېھرىبان ئانام،
سوزلەيتتى: "يول بولسۇن،جان ئوغلۇم ساڭا!
يوقلاپ كەل، ئالىمنىڭ قەۋرىسىنى سەن،
سوزلەپ بەر ئاڭلىغان - كورگەننى ماڭا.

سومكاڭغا سەپ قويدۇم كوپ يىلدىن بۇيان-
ساندۇقتا ساقلىغان كىچىك قۇتىنى.
ئەمەس ئۇ تاماكۇ، ئۇ — ئېسىل گوھەر،
قەلبىڭدە ياندۇرسۇن ئېرپان ئوتىنى...»

شۇ شىردىن كۇنلەرنىڭ چوڭى - سەپدىشىم،
سوزلەيتى خوشلۇقتىن "يول بولسۇن سىزگە!
سادىرنىڭ يۇرتىدىن قەشقەرگە قاراپ،
ماڭدىڭىز ۋەكىل بوپ، ساناقسىز كوزگە.

سومكىغا سەپ قويدۇم ياغلىققا ئوراپ،
ئالىمنىڭ كىتاۋى - ئەشۇ «دىۋان» نى.
ئۇ، بىزنىڭ تەۋەررۇك ئەڭگۈشتەرىمىز،
سالغاچقا زىل - زىلغا پۈتكۈل جاھاننى.

ئوغلۇممۇ چۈچۈك تىل بىلەن سوزلىدى،
«ئۇپالنىڭ خەلقىگە ئېيتتىڭ كوپ سالام.
جاھانغا كارامەت ئوغۇلنى بەرگەن،
شۇيۇرتقا بىزلەردىن يوللاڭ ئېھتىرام...»

ئانامنىڭ سوزلىرى بولدى ئېسىل رەخت،
ئوغلۇمنىڭ سوزلىرى بولدى مەشۇت يىپ.
رەپىقەم سوزىنى قىلدىم بىر يىڭنە،
چىقتىم مەن قەلبىمگە گۈل كەشتە چېكىپ.

مېڭىشقا ئاپتوۋۇز بەرگەندە بەلگە،
خوشلاشتىم قول سىلكىپ دىلدا ھاياجان.
جاھاندەك ھورمەتنى قۇچاغلاپ پەۋەس،
يول ئالدى ئاپتوۋۇز قەشقىرىم تامان.

× × ×

دەل بۈگۈن سەپەرنىڭ ئىككىنچى كۈنى.
كوز يۇمۇپ ئاچقىچە ئوتتى بىر كېچە.
ئىلىخو باغرىدىن سايرام بويىغا -
كەلگەندە، ئويىندى يۈرەك باشقىچە...

جۇلالار يولبويى پايانسىز ئېتىز،
مەخمەلگەچىكىلگەن يېپەك كەشتىدەك.
باغلارغا جان بەرگەچ خاسىيەتلىك كۆز،
ئوخشاپتۇ نەشپۈتلەرگەردۈن چىنىدەك.

دەريالار، داۋانلار يول بېرىپ بىزگە،
قالاتتى قانچىلاپ يېشىل ۋادىلار.
ھەر بىكەت ئالدىدا تەبەسسۇم ئەيلەپ،
ئۈزۈتۈپ قوياتتى ئۇماق باللار.

مەن شۇدەم يالقۇنلۇق ئارزۇلار بىلەن،
باراتتىم شۇ بۈيۈك ئالىم يېنىغا.
قەلبىمنىڭ ھىسلىرى سەل بولۇپ گويا —
ئاقاتتى تومۇردا پاتماي قېنىغا.

گاھىدا ئاپتۇۋۇز بەزلەيتى مېنى،
گاھىدا كوز قىرىم تالادا — سىرتتا.
ئاخىرى بىقارار ئاچتىم سومكىنى،
ئۆرۈندى قولۇمغا تەۋەررۇك قۇتا.

قۇتىنى ئاچتىم — دە،
بىلدىم ھەممىنى،
ئەمەسمۇ بۇ توپا — ئوپال توپىسى.
سۇ ئىچكەن ئەمەسمۇ ئۇن يىل مۇقەددەم،
شۇ جايدىن ياشلىغىم — ئۆمرۈم نوتىسى.

ئاپىرىن، ساڭا ئەي دانىشمەن ئانا،
مېھرىڭدىن قەلبىمگە سالدىڭ پاياندار،
توپىنى يۈزۈمگە سۈرتتىم يېنىشلاپ،
خىيالىم كەپتىرى قىلدى شوخ پەرۋاز...

## 2 - باپ

## بوشۇك

قۇچىغى پايانسىز گۈزەل تيانشان،
تارىخقا شان بېرىپ كەلدى يىراقتىن.
يىللارنىڭ مەڭزىدە پاقىرايدۇ زەر،
قىسمەتنى نامايان قامۇس — بۇلاقتىن...

تارىخنىڭ بەتلىرى سوزلەر جاراڭلاپ،
ئوپالدىن چاقنىدى بىر نۇرلۇق چولپان.
چولپانكى نۇرانە ئالەم سۆيۈندى،
جىسمىگە پۈتۈلگەن مەرىپەت — ئېرپان.

شاتلىقتىن ماڭلايغا سۆيدى رابىيە①
باققاندا دۇنياغا نۇرلۇق كوز ئېچىپ.
خوشخەۋەر مىسالى بولدى قوڭغىراق،
تارالدى مۇخ يولى، جىلغىلار ئېشىپ.

سۆيۈنۈپ، ئانارەك قىزاردى ئۆپۈق،
مۇبارەك! — دېيىشتى پامىر چوققىسى.
مۇبارەك! — دېيىشتى ئۈژمىلىك كوچا،
مۇبارەك! — دېيىشتى باھار نوتىسى.

مۇبارەك! — دېيىشتى قىرلاردا كاككۇك،
مۇبارەك! — دېيىشتى دەريادا بېلىق.
مۇبارەك! — دېيىشتى شاھىنشا، نەۋكەر،
قاپلىدى ئوردىنى چەكسىز خوشاللىق...

تۈركلەر قەۋمىنىڭ پەخرى — غۇرۇرى،
چولپانىنىڭ بوشۇگى ئەي گۈزەل ئوپال.
سەن تۇققاچ دۇنياغا سۈمباتلىق ئوغۇل،
مەدھىيلەپ ئېيتىمەن كۈي — غەزەل، ئوپال.

① بۈبى رابىيە — مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئانىسى

## 3 - باپ

# ئىلىم ئارزۇسى

ئەي پاخلان مەۋلانا، ئەي ئوماق تايچاق،
ماڭدىڭىز ئومىلەپ، ئوسۇپ - يېتىلىپ،
ماڭدىڭىز ھۇسەيىن، رابىيە بەرگەن،
ئەقىلنىڭ شەرۋىتى دىللارغا سىڭىپ.

باردىڭىز مەدرىسىگە جىلىتىنى ئېسىپ،
تومۇزدا، ھۇشقىيتقان قاتتىق سوغۇقتا.
زوقلۇنۇپ قارايتتى قۇرداشلىرىڭىز،
سىز كىتاپ كورگەن چاغ ئايدىڭ - يورۇقتا.

قەلبىڭىز قېتىدا بىر شىرىن ئارزۇ،
ئۇندىدى يۇكسەككە، ھەركۈن، ھەرسەھەر.
بۇلاقلار تۇۋىدە قەدەم ئىزىڭىز،
ياڭرىتىپ ساماغا شېئىر - نەزمىلەر.

كىتاپلار ھەر ۋاقىت بولدى سىزگە دوست،
ئوتتىڭىز بىر - بىرلەپ شۇڭغۇپ ئىزدىنىپ.
مەدرىسە سىز ئۈچۈن ئاچتى كەڭ قويۇن،
مەرىپەت بېغىدا ئۇچتىڭىز قېنىپ.

شىرىنلار يىغدىڭىز ھاردىم دىمەستىن،
ئەۋلاتلار ئارزۇسى ياندى قۇياشتەك.
مۇدەررىس، ئۇستازدىن ئالدىڭىز ساۋاق،
بولامتى ئارزۇمۇ ئۇنىڭدىن بولەك؟

ئۇستىڭىز ئازنىقتا، سۇسەر ① ئاغزىدا ،
ئەجداتلار تەپسىرى - نۇرىنى چېچىپ.
ئالتۇندەك چاقنىدى ياشلىق دەۋرىڭىز،
ئومرىڭىز قامۇسى شانلىق بەت ئېچىپ.

تىلىڭىز گۈزەللىك قىيامى ئىدى،
خىسلەتتە خوش پېئىل، شۇقەدەر كەمتەر.
ئەسرارداش ئىدىڭىز ئەھلى دەرتمەنگە،
يەتكۈزۈپ تەشناغا دوستلۇقتىن كەۋسەر.

تۇتقانتى قولىڭىز يىنىك يىك قەلەم،
پىكرىڭىز دەرياكى يوق ئىدى چىكى.
ھوسنىخەت بابىدا يىگانە سۇلتان،
سىزگە چىن قايىلتى شۇ " موللام تېغى."

مەلۇمات — زېھنىڭىز ئوستى كۆنسېرى،
ئۇچرۇشۇپ داموللا — ئالىملار بىلەن.
سىز يىغىپ توپلىغان بايلىق - مىراسلار،
بىر ئولمەس تىل ئۈچۈن ھۇل سالدى جەزمەن.

چىمەندە يامغۇرسىز ئېچىلمايدۇ گۈل،
بولمىسا گۈل ئىشقى سايرىماس بۇلبۇل.
سىز ئۇيغۇر—تۈركچۈن سىڭدۈرگەچ قان-تەر،
ياشنىدى پورەكلەپ تومەن تال - سۇمبۇل.

① سۇسەر - سەل سۇيېشى مەنىسىدە، ئوپالدىكى جاي ئىسمى.

# 4 - باپ

## بۈركۈت پەرۋازى

ئىغ بۇگۈن، سەپەرنىڭ بەشىنچى كۈنى،
باردىمەن يولبۇيى ناخشامنى ئېيتىپ.
ئۇچماقتا غۇيۇلداپ ئاپتوۋۇز مانا،
ئاز قالدۇق بېرىشقا ئۇ پالغا يېتىپ.

ۋەتەنىنىڭ پايانسىز مۇنبەت زېمىنى،
قوزغايتتى قەلبىمدە ھورمەت — ئېھتىرام.
يۈز ئېچىپ ئالدىمدا جۇشقۇن مەنزىرە،
خىيالىم مۇشۇنداق قىلاتتى داۋام:

سويۈملۈك مەۋلانا، ئەي قىران بۈركۈت،
ئۇستىڭىز ئات مىنىپ، دۇلدۇل ئوينۇتۇپ.
يات قۇزغۇن بۇ يۇرتقا قەدەم باسقاندا،
يۈزلەندى ئەجەلگە توپا — قان يۇتۇپ.

ئېقىل ۋە زېھنىڭىز ئاشتى كۈنسىرى،
بىلىمنىڭ بېھىساپ شەرۋىتى بىلەن.
تونۇلدى جاھانغا نۇرلىنىپ قەشقەر،
سىز كەبى تۇلپارلار ھىكمىتى بىلەن.

مەربىيەت بۇلبۇلى جەم بولدى شۇ چاغ،
"ساچىيە" مەدرىسى گوياكى بۇلاق.
ئىلىمنىڭ قۇربىدىن چاقنىدى دىللار،
مىسالى تۇمەن قۇش ئالغاندەك ساۋاق.

ئۇلىما، ئالىملار دەرس بەرگەن چېغى،
ئىلىمدىن كوكۇلگە باستىڭىز موھۇر.
قىلغاچقا كوپ ئەللەر قەشقەرنى تاۋاپ،
خەلقىمنىڭ قەلبىنى قاپلىدى غورۇر.

يېتىشتى بۇ يەردە قانچىلاپ شائىر،
يېتىشتى قانچىلاپ يازغۇچى، تىلماچ.
يېتىشتى قانچىلاپ تارىخچى، رەسسام،
يېتىشتى قانچىلاپ ئارخىلوگ، ۋىراچ.

يېتىشتى بۇ يەردە قانچىلاپ خەتتات،
يېتىشتى قانچىلاپ مەرگەن،چەۋەنداز.
مەۋلانا، سىز ئەشۇ بۈركۈتلەر ئىچرە
ئاجايىپ ئۆزگىچە قىلدىڭىز پەرۋاز.

ھەر يىلى يۈز مىڭلاپ تالىپ - ئوقۇغۇچى،
ئوقۇشنى تامالاپ ئۇچماق بولغاندا؛
ئىلىمدىن مەرتىۋە، ئۇنۋانلار ئېلىپ،
تېخىمۇ زور شوھرەت قۇچماق بولغاندا؛

ئەرەپلەر، پارسلار قايىللىغىدىن،
مەمنۇنلۇق ئەيلىشىپ باقتى ئۇزاقتا.
ئىلىم - پەن تاجىسى، سەرخىللار بولغاچ،
ئېرىشتى مەرت خەلقىم باتۇر ئاتاقا.

× ×

ئىلىمنىڭ سەھنىسى شۇ قەدەر قايناق،
"بەيگىدە تەك چاپقان گويا ئىككى ئات".
بۈركۈتلەر ئاسماندا قىلارمۇ پەرۋاز،
بولمىسا كۈچ - قۇدرەت، بولمىسا قانات؟

ئەي ئۇلۇغ ،دانىشمەن مەھمۇت قەشقىرى،
سىز دىمەك چوك «دىۋان»ھەم تىلنىڭپىرى.
سىز ئۈچۈن شۇ يىللار بولدى بىر شەمشەر،
ئەرەبى، پارسى، رۇم، تۈرك تىلى...

شۇ ئالتۇن ـ تىللادىن، ئۇردىدىن كېچىپ،
ئەل ئۈچۈن جان تىككەن ئالىم نەدە بار؟
مۇشەققەت يۈكىنى يەلكىگە ئارتىپ،
قامۇسقا زەر بەرگەن تاجىم نەدە بار؟

گاھىدا پىيادە، گاھىدا ئاتلىق،
ماڭدىڭىز يۇرت كېزىپ، راھەتنى تاشلاپ.
نازىيۇ-كەرەشمە قىلالمىدى كار،
ماڭدىڭىز ئىشرەتنىڭ كوزىنى ياشلاپ.

پۇرايدۇ بۇرنۇمغا قەدەم ئىزىڭىز،
بۇخارا، سەمەرقەنت، نىشاپۇرلاردا.
كورىنەر جاپالىق مېھنەت ـ ئەجرىڭىز،
« دىۋان » نىڭ ھەر بېتى، ھەربىر قۇرلاردا.

مەۋلانا، ئۇن يىللاپ خەلقىم تىلىنى—
ئۈتتىڭىز تەكشۈرۈپ، ئەل-يۇرتلار كورۇپ.
سىز بېسىپ ئۆتمىگەن سەھرا قالمىدى،
تاغ دەريا تازىمدا تۇردى پۈكۈلۈپ.

ھاردۇقلار يەتمەستىن قىلدىڭىز تەتقىق،
بارماڭكى قەيەرگە ياغدى ئىھتىرام.
تۈركەن، ئوغۇزلار، قىپچاق، ياغمىلار...
بارچە قەۋم ئالقىشلاپ كورسەتتى ئىكرام.

تاڭغۇتنىڭ يايلىغى، قىرغىز دالاسى،
سىز ئۈچۈن شۇ ئىللىق باغرىنى ئاچتى.
سىز يىغىپ توپلىغان فولكلور دەستۇر،
پەششىقلاپ ئىشلىنىپ ئالتۇن نۇر چاچتى...

سىز باسقان مۇساپە بەش قولدەك ئايان،
كەلدۇق بىز شۇڭلاشقا سىزنى چىنسويۇپ.
ئالىمنىڭ ئىچىدە ئالىم بار يەنە،
مەۋلانا توھپىڭىز يۇلتۇزدىنمۇ كوپ.

قاتمۇ-قات پامىرنى دەيدىكەن ئىگىز.
تۇمەنمىڭ دەريادىن ھاسىلكەن دېڭىز.
مېھرىمىز، ئەي چۇەر مەھمۇت قەشقەرى،
سىز ئۈچۈن تەئەللۇق، پامىردىن ئىگىز.

## 5 - باپ

## « ھەزرىتى موللام » دا

كوزۇمگە مىنگەشتى ئۇيقۇ تۇيغۇسى،
بىراق، مەن كېچىچە قاقمىدىم كىرپىك.
خىيالىم قولۇنغى ئۇزدى زەپ مەغرۇر،
ئويلايتىم بۇ ئاخشام ئوتىسكەن ئىتتىك.

تاڭ ئاتتى تاۋاردەك قىزاردى ئۇپۇق،
نۇر ئەكسى ئەلنىڭ تاغ، سەھرالىرىدا.
ئۇنتۇلماس بەختلىك مىنۇتلار كەلدى،
سۇ ئاقتى قەلبىمنىڭ دەريالىرىدا.

دولقۇنلۇق، يىغۇبار مۇھەببەت بىلەن،
گۇمبەزنىڭ ئىچىگە تاشلىدىم قەدەم.
سېپىمدە قېرىنداش، ھەمرالىرىم بار،
باساتتى قەلبىمنى ئېغىر دەرت-ئەلەم.

قەدىمى شەرقنىڭ سىماسى بولۇپ،
ئالىمنىڭ قەۋرىسى ياتاتتى مەغرۇر.
نىمىشقا قانىمىسۇن دىل تەشنالىغى،
چېچىلسا ئۇنىڭدىن ھەر تەرەپكە نۇر؟

لەپىلدەپ تۇراتتى ئەنە ئاق تۇغلار،
ئەجداتلار قەلبىنىڭ شاھىدى بولۇپ.
كورگەندە شۇ تۇغنى ئالىم - بوۋىمىز،
خاتىرجەم ياتماسمۇ قەلبى زوقلۇنۇپ!؟

قەۋرىنىڭ ئالدىدا چوڭ " هاي-هاي تېرەك"
ئەتراپى ياپ - يېشىل ئورمان بەلۋېغى.
هەر بىر توپ گۈل-گىيا شۇنچىلىك پۈزۈر،
ئوخشايتى چار باققا موللامنىڭ بېغى.

جامەدە چىدامىلىق تۇۋرۇك ، ياغاچلار،
گوياكى ئاسماننى كوتىرىپ تۇرغان.
ئالىمنىڭ بىناكار ئەۋلادى ، يۈرەك-
باغرىنى سەرپ قىلىپ، نەقىشلەر ئويغان.

بۇ يەرگە ياراشقان ئىدى ئاجايىپ،
پەلەمپەي سۇپا ھەم بىر توپ چوڭ رىدە.
ئاقاتتى شىلدىرلاپ شۇ "چەشمە زۇلال"،
باغرىدا سۇ ئىچەر تېرەك، تال، بىدە...

ئېخ ، ئۇلۇغ مەۋلانا سىزنى سېغىنىپ،
قارايتى بۇرۇلۇپ ئونبەشكۈنلۈك ئاي.
قىلاتتى چىن تازىم كۆزنىڭ شامىلى،
هەر كۈنى بۇ- يەردىن ئوتسىمۇ ، قانماي.

قەلبىمدە بىر دەريا تەسىرات شۇدەم:
سىز دەۋر ئالدىدا يۈردىڭىز چەبدەس.
قول ئېلىپ كورۇشۇپ فارابى بىلەن،
سوزلىشىپ هىكمەتتىن ، ئېرپاندىن پەۋەس.

توكۆلگەن ياشلىرىم بەئەينى مارجان،
دۇئاغا قولۇمنى كوتەرگەندە مەن.
بۇ قەۋرە ئەمەسقۇ ؟ بۇ نەق ئوزىڭىز،
ئولتۇرغان ئىدىڭىز ئاجايىپ تىمەن.

سىز كېتىپ، هە مانا، ئوتتى ئون ئەسىر،
ئوزگىرىش بولدى كوپ زىمىن-ئاسماندەك.
سوزلىسەم شۇ ئىزنىڭ مىڭدىن بىرىنى،
ئۇرغۇيدۇ ھىسلىرىم گويا فۇنتاندەك.

ئازاتلىق كۆلكىسى بولدى يار بىزگە،
پارلىدى يالتىراپ يۇرتۇم ئاسمىنى.
ئوپالدىن قارا جۇت ھەيدەلدى، كەتتى،
قاپلىدى دىللارنى باھار تاشقىنى.

خەلقىمىز كوتەردى شۇ بۇگۈن ئىگىز،
سىز بىزگە قالدۇرغان « دىۋان »نى-تۇغنى.
تاقاشتى ئاسمانغا بېشى بۇ ئەلنىڭ،
ياندۇردى گۈلخاندەك يۈرەكتە چوغنى.

بۇركۈتنىڭ پەرۋازى ھەممىگە ئايان،
ئۇچىدۇ ئاسماندا بولغاچ قوش قانات.
يادىگار قىلغاچسىز ئولمەس«دىۋان»نى،
بىر يېڭى مەناغا تولدى بۇ هايات.

سىز يېزىپ قالدۇرغان قىممەتلىك مىراس،
ئۇچرۇشۇپ ئەل بىلەن ، تاپتى كامالەت.
پەن - هىكمەت يولىدا باشلانغان جەڭدە،
كورسەتتى كۈچىنى ئاخىر ئادالەت. ...

ئىلىم-پەن باھارى ، ئىلھامى بىلەن،
باشلىدۇق قايتىدىن ئوتكەلگە ھۇجۇم.
ئېچىپ بىز پەندىكى سىرى پىنھاننى،
شۇ نۇرلۇق چوققىغا چىقىمىز چوقۇم.

ئەي بوۋا ، ئېھتىمال ئاڭلىغاندۇرسىز،
بىر يېڭى قانۇننى تۈزدى قۇرۇلتاي.
پۈتۈلگەن ئۇنىڭدا هوقۇق، ئورنىمىز،
(بىز قانداق تۇرايلى ئۇنى ماختىماي ؟)

جان بوۋا ، سوزلىسەم يېڭىلىقلارنى،
ئەشئارىم تۈگۈمەس ، مىسالى بۇلاق.
"رازىمەن! ئىز باسقان ئەۋلاتلىرىمدىن"
دىدىڭىز گوياكى، مەن سالسام قۇلاق...

ئالدىمدا چوڭ قەۋرە،
ياتىسىز مەغرۇر،
قامەتۇ ـ بەستىڭىز كوڭلۇمدە مېنىڭ.
نۇر چېچىپ تۇرىسىز بىر يۇلتۇز كەبى،
شۇ نۇردىن ئاقتى ساپ تومۇردا قېنىم...

قارايمەن قەۋرىگە،
قارايمەن تويماي،
شۇ بىر جۈپ كوزۈمنى مىڭ جۈپ كوز قىلىپ.
جان ئانام، رەپىقەم، ئوغلۇمنىڭ سوزى،
تۇرغاچقا قەلبىمدە چوغ بولۇپ يېنىپ.

ئويلايمەن: نىمانچە ۋاقىت تىز ئوتەر؟
يىل ئوتسە يازغان خەت، ئىزلارمۇ ئوچەر.
ئەي مەھمۇت قەشقەرى نامىڭىز ئەبەت،
ئەۋلاتتىن ـ ئەۋلاتقا ئىز سېلىپ، كوچەر،

## 6 - باپ

## توختىماس ئەزىم دەريا

ئايرىلىش تۈيغۇسى چولغىدى دىلنى،
بۇ دىيار ئۇزاتقان چېغىدا سەھەر.
خوش ئەندى، ئالىمنىڭ بوشۇگى ـ يۇرتى،
ئاڭلارسەن كەلگۈسى بىزدىن خوشخەۋەر.

بىز چۈشكەن ئايروۋۇز گۈكىرەپ يەنە،
قوزغالدى سايرامنىڭ بويىغا قاراپ.
ھەر شائىر قەلبىدە ئالەمچە تۈيغۇ،
ئۇنتۇلماس بەختىنى ئوتتى جاكالاپ.

ئالغاندا قولۇمغا ئالتۇن «دىۋان» نى،
جۇش ئۇردى قەلبىمدە ئوتلۇق ھاياجان.
شوخ قانات قاققان چاغ خىيال كەپتىرىم،
ئالىمنىڭ ھاياتى بولدى نامايان...

خورمىلىق باغلارغا لىق تولغان باغدات.
قانچىلاپ سۇلتاننىڭ بولغان ماكانى.
بۇ يەردە قانچىلاپ قەۋمى ــ ئۇرۇقلار،
سۇمۇرگەن ئېرپاندىن بىر ساپ ھاۋانى؟

سىز قەدەم باسقاندا بۇ ئۇلۇغ يۇرتقا،
قېرىنداش خەلقلەر قوينىغا ئالدى.
ئوز ئارا ئۇچرۇشۇش، تەسىرلىك مەيدان،
مىسالى بايرامدەك قىزغىن تۈيۇلدى.

تەپەككۇر كېمىڭىز ئۇزدى نەچچە يىل،
زېھنىڭىز دەرياكى ئوركەشلەپ ئاققان.
سىز يېزىپ پۈتتۈرگەن نادىر «دىۋان» دىن،
يۇز ئاچتى لەتاپەت، ھور بىلەن غۇلمان...

«دىۋان» دا چاقنىدى باتۇر خەلقىمىنىڭ،
پەن ئۈچۈن ئىنتىلگەن ھالال ئەمگىكى.
كەمبەغەل ـ يوقسۇلغا شەپقەتلىك بولۇش،
زورلۇق ھەم زۇلۇمنى يەنجىش ئىستىگى.

«دىۋان» دا چاقنىدى ئىسىل پەزىلەت،
خوش پېئىل، پاك ئادەم بولۇشقا دەۋەت.
ئوز ئارا ئىناقلىق، سۈيگۈگە ۋاپا،
ئەكسىچە ئاچكوزلۇك، دۈشمەنىگە نەپرەت.

«دىۋان» دا چاقنىدى ھورمەت، شان ـ شەرەپ ـ
ئەزەلدىن ئەل سۆيگەن مەرت ئاددەمگە خاس.
ئەجداتلار روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ،
بىلىمنى دوست تۇتۇپ، ئوم بولۇپ ياشاش.

................................

سىز يازغان شۇ «دىۋان» بولدى بىر مەشئەل،
ماگدى ئەل مەرىپەت يولىغا ئۇدۇل.
مەغرىپتىن ـ مەشرىقىقا كەتتى نامىڭىز،
شاھلارمۇ قەدىرلەپ قىلغاچقا قوبۇل...

× × ×

كىمنىڭ قان توكۇلگەن گـوھەر دىيارىم،
دۇنيادا ۋەتەندەك ئىززىز يەر بارمۇ؟
ۋەتەننىڭ سۆيگۈسى جىسمىمگە سىڭگەن،
مەۋلانا، سىز كەبى ئۇلۇغ ئەر بارمۇ؟

ئۇستىگە ئاق قاردىن كەڭ لىباس كىيىپ،
ساماغا بوي سوزغان ھەيۋەتلىك پامىر.
يىراقتىن ئۇن سىلىپ بىر كارۋان كىلەر،
زوھرەنىڭ ئىشقىدا كويگەندەك تاھىر.

كوزلەرگە قۇم ـ تاشنى ئۇچۇرتۇپ بوران،
چوققىلار باغرىدا تاراسلايدۇ مۇز.
شۇ كارۋان يامغۇرغا قىلمايدۇ پەرۋا،
كارۋانكى ئەجداتى شۇتوققۇز ئوغۇز.

«پىلسىرات كوۋرىگى»، تىيىلغاق يوللار،
داۋانكى خەتەرلىك، يولۋاسنىڭ ئاغزى.
كوز يەتمەس شۇ هاگدىن ئوتكۇزدى يۇدۇپ،
ئىھ . سىزنى سىغىنىپ يۇرت چەۋەندازى...

سىلىندى پايانداز مۇخ يولى بويلاپ،
ھورمەتتە ياش ـ قىرى كەلتۇردى تازىم.
دىيىشتى: "ساپ ھاۋا، ئوي ـ پالغا .باققا،
مەۋلانا، سىز كەبى ئالىملار لازىم."

كوز يۇدۇپ ـ ئاچقىچە قىش كەلدى، كەتتى
ئۇزۇتۇپ قويدىڭىز سەككىز باھارنى.
ئاخىرقى ئومرىڭىز يەتتى ھىراتقا،
قالدۇرۇپ ئەۋلاتقا خۇشبۇي ئىپارنى...

كىشلەر سايرامنى دەيدىكەن چوڭقۇر،
تاغلاردىن سۇ ئىچكەن كوكۆلنى ئۇچقۇر.
ئەي چەۋەر تىلشۇناس مەھمۇت قەشقەرى،
مىھرىڭىز سايرامدىن تىخىمۇ چوڭقۇر.

## 7 - باپ

### ئىپتىخار

دەريادا ئۈزدى تىز، كىمە ـ قولۋىقىم،
ئاسماندا پەرۋاز قىپ ئۇچتى كەپتىرىم.
بىر بويۇك ئالىمغا توقۇدۇم نەزمە،
مىسرادىن چاقنىدي قەلەم ـ دەپتىرىم.

سايرامنىڭ بويىدىن ئوپالغا قەدەر،
باغلاندى ئوي پىكرىم، ئالىمغا پۈتزن.
مۇقامىم ئەۋجىنى يىغسام توچكىغا،
چاراڭلاپ ياڭرىدى مۇنداق بىر يەكۈن:

ئاقارمۇ دولقۇنلاپ، ئەزىم دەريالار،
بولمىسا تاغلاردا سۇنىڭ مەنبەئى؟
كوكلەرمۇ ياپ- يېشىل دەل- دەرەخ،ئورمان،
بولمىسا تۇپراقتا يىلتىزى - غولى!

دەيمىزكى:بولمىسا مەھمۇت قەشقەرى،
بولمايتتى شۇ قەدەر قىممەتلىك مىراس.
ئۇلۇغۋار مەۋلانا سىز بىلەن كەلدى،
تىلدىكى يۈكسۈلۈش قامۇستىن زاپاس.

بۇ دىمەك ئەسىرلەر، يىللار جاۋابى،
بۇ دىمەك، تارىختا ئوچمەس ھەقىقەت.
ئالىمنىڭ يۇرتىدۇر - بىزنىڭ يۇرتىمىز،
ئىپتىخار، ئەيلەيدۇ ۋەتىنىم ئەبەت.

× ×

ئاپتوۋۇز بەرگەندە قاتتىق بىرسىگنال،
خىيالىم يىپلىرى ئۈزۈلدى بىردىن.
دىرىزە ئالدىدا ئولتۇرىمەن شات،
كوز ئوزمەي پايانسىز گۈل دالا، قىردىن.

تۇرسامۇ ئاپتوۋۇز ئۇستىدە، لېكىن،
يالقۇنلۇق يۈرۈگۈم ئوپالدا مېنىڭ.

ئالىمنىڭ قەۋرىسى، ئالىمنىڭ يۇرتى،
ئوچمەس ئىز قالدۇردى قەلبىمدە مېنىڭ.

چاپ ئالغا، توختىما، ئېسىل كارۋىنىم،
يەتكۈزگىن تەلكىنىڭ باغرىغا مېنى.
جان ئانام ، رەپىقەم زىرەك ئوغلۇمغا،
يەتكۈزەي ئوپالنىڭ چىن سالامىنى.

قەدىردان پارتىيە تۇتقاچقا رولنى ،
بەختىمىز ئىقبالغا بولدى قوش كېزەك .
ئالىمنىڭ ۋەسىيەت ، ئىرادىسىدىن ،
كورۈندى كوزۈمگە پارلاق كېلىچەك .

شۇڭا مەن بەختىيار ، شاتلىغىم چەكسىز،
دولقونلار قەلبىمدە سۈيگۈ دېڭىزى.
يېڭى جەڭ - كۈرەشكە ئۈندەيدۇ مېنى،
پارتىيە ئۈمىدى، ئالىمنىڭ سوزى ».

× ×

ئاپتوۋۇز بەرگەندە ئاخىرقى بەلگە ،
ۋىسالنىڭ كىممىسى سويدى قىرغاقنى .
ئانام ھەم رەپىقەم، شوخ، چېچەن ئوغلۇم ،
بىكەتتە كۈتۈشۈپ، ئاچتى قۇچاقنى ...

## خاتىمە

مەرىپەت كوكىدىن ئوچتى بىر يۇلتۇز ،
ئەلۋىدا ، ئەي ئالىم يېتىڭ خاتىرجەم
بىزلەرگە قالدۇرغان مىراسىڭىزغا،
ۋارىسلىق قىلىمىز ھەر كۈن، ھەر قەدەم .

بولىمىز ئىلىم - پەن باغۋىنى ، گۈلچى ،
سىز يازغان «دىۋان» نى چىڭ تۇتۇپ قولدا،
قۇرىمىز كەلگۈسى قۇدرەتلىك ۋەتەن ،
مەردانە مېڭىپ بىز، سىز ماڭغان يولدا ،

مەرىپەت ناخشىسى ياڭرايدۇ ھەر يان ،
ئېيتىمىز جاراڭلىق ئەۋلاتتىن - ئەۋلات .
خەلقىمىز قەلبىنى يىغساق بىر سوزگە :
" مەھمۇت قەشقەرى مەڭگۈگە ھايات. "

1982 - يىل سىنتەبىر
1983 - يىل مارت .

قەشقەر

# سەيلە تەۋەرۇكلىرى

ئابدۇللا ساۋۇت

I

شاخ ـ شېخىدا مەي باغلاپ ـ ئېقىپ،
پىشقان چېغى باغلاردا ئۈرۈك .
ئاتام ئېلىپ كەپتۇ سەيلىدىن ،
بىر قاپاقتا زەمزەم ـ تەۋەرۇك .

قوللۇرۇمغا ئېلىپ قاپاقنى ،
ئىچتىم شۇئان ئاشۇ زەمزەمنى .
نە زەمزەمكى ـ تەشنا يورەككە
تەگدىشى يوق شىپا ـ مەلھەمنى .

شاتلىغىمدا چۇچۇك تىل بىلەن ،
دىدىم : " ئاتا بۇ قانداق زەمزەم؟،
ئېلىپ كەلدىڭ قەيەردىن ئۇنى ؟
بىلىپ قالاي بۇنى مەنمۇ ھەم ! ".

سوئال قويۇپ يەنە ئاتامغا ،
دىدىم : ــ بولدى قەيەردە سەيلى ؟.
كۈلۈپ تۇرۇپ دىدى : ــ ھەي گۇدەك…
ئېيتىپ بېرەي، ئاڭلىغىن … مەيلى….

ــ ئوپال دىگەن يۇرتنىڭ غەربىدە
تاققا يانداش بار ئۇلۇغ مازار .
دەيمىز ئۇنى : ــ «ھەزرىتى موللام» ،
ھەر ياز شۇندا بولىدۇ بازار .

بازار دىدىم، بازار ئەمەس ئۇ ،
مەمۇرچىلىق ــ ئۈرۈك سەيلىسى.
سەيلى قىلىغاچ، ئۇلۇغ مازارنى
تاۋاپ قىلار يۇرتنىڭ ھەممىسي .

چۈنكى، ئوتكەن قەدىم زاماندا ،
ياشاپتىكەن بىر ئالىم كىشى .
ئىلمى دەريا ـ دېڭىزدەك چوڭقۇر ،
خەلقىمىزنىڭ دىلكەش ـ سىردىشى .

تالىپلىرى ياساپتۇ مازار ،
پىرى ئۇستاز بولغاندا ۋاپات .
نەچچە يۈز يىل ئوتكەن بولسىمۇ ،
بۇ تاۋاپگاھ بوپ كەلدى ئاۋات .

شۇ مازارغا يېقىن يەردىلا ،
قايناپ تۇرار سۇپ ـ سۈزۈك بۇلاق .
سۈيى ئۇنىڭ ـ ئابى ھاياتتۇر ،
ئىچكەن كىشى ياشايمىش ئۇزاق…

ئىچكىن ئوغلۇم تەۋەرۇك سۈيىنى ،
ئۇزۇن ئومۇر ساڭا يار بولسۇن ،
ھەزرىتى موللام روھىناتلىرى ٠
دائىم يولەك ـ مەدەتكار بولسۇن ! ".

بۇنى ئاڭلاپ، ئابى ھاياتتىن،
ئىچىپ-ئىچىپ قاندى يۈرۈگۈم.
ئەسكە ئالدىم ئەشۇ پەيتلەرنى،
پىشقىنىدا ھەر ياز ئۈرۈگۈم.

II

كوز ئالدىمدا ئۇلۇغ زات-مەخمۇت،
قوللۇرۇمدا ئۇنىڭ « دىۋان» ى.
ۋاراقلىدىم، كوردۇم ھەر قۇردا،
موجىزىلەر تولغان دۇنيانى.

ئوقۇپ-ئوقۇپ ئەشۇ قامۇستىن،
يەغدىم زېھىن، ئەقىل-ئىدرەكنى.
پىكىرلەرى بېغىشلاپ قۇۋۋەت،
ئويغۇتاتتى دىلنى-يۈرەكنى.

شۇندىن بېرى ھەر بىر تۇنۇمنى،
بىدارلىقتا ئۆتكۈزدۈم ئويغاق.
ئالتۇن سەھىپە ياندۇردى مېنىڭ
ۋۇجۇدۇمدا ئوتلۇق ئىشتىياق.

يامغۇر كۆتۈپ تۇرغان چول كەبى،
ئابى ھايات ئىچتىم «دىۋان» دىن.
بىر يورۇغلۇق كوچكەندەك بولدى،
پاك دىلىمغا پۈتكۈل جاھاندىن.

پەخىرلىنىش ئىلكىدە يايراپ،
ئىپتىخارغا پەۋەس چومۇلدۇم.
ئەشۇ ئۇلۇغ-بىباھا كاندا،
قىممەت باھا زەرگە كومۇلدۇم.

ئاپپاق ساقال ئاتام بىر كۈنى،
كىرىپ مېنىڭ يالغۇز ھوجرامغا؛
دېدى:-كىتاپ بەندىسى بولۇپ،
ئوخشاپ قاپسەن خۇددى موللامغا!

دېدىم:-شۇنداق••• لېكىن ئاجايىپ
خوشلۇغۇم بار، كەيپىممۇ بەك ساز».
ئاتام شۇ چاغ كورۇپ دىۋاننى،
دېدى:-ئوغلۇم بولاي مەن ھەمراز•••»

ئوقۇپ بەرسەم بىر نەچچە بەتنى،
ئولتۇراتتى ئاتام جىم، تىڭشاپ.
ۋە ئاخىرى دېدى:-ماڭمۇ-
بەردىڭ ئىسىل تەۋەرۈك شاراپ•••»

كۆڭلەر ئوتتى، ئاتام-ئىككىمىز،
بولۇپ قالدۇق قىزغىن كىتاپخان.
بىراق، بىزگە سىر ئىدى، ئالىم-
مەخمۇت بوۋا تۇغۇلغان ماكان!•••

## III

كىرگىنىدە ئوغلۇم مەشكتىن،
قۇچاق ئېچىپ دېدىم:-كەل يېگىت!..
ئۇدۇلۇمدا ئولتۇرۇپ بولۇپ،
سومكىسىدىن ئالدى بىر گېزىت.

ھورمەت بىلەن ئالدىم گېزىتنى،
(ئەزەلدىن مەن گېزىتكە ئامراق):
سەھىپىلەرگە تىكىلگىنىمدە،
كوز ئالدىمدا ياندى نۇر چىراق.

ھاسىسىنى تايىنىپ ئاتام،
كىرىپ كەلدى يەنە ھوجرامغا.
ئوغلۇم بىلەن ئىككىمىز شۇئان،
ھورمەت بىلەن تۇردۇق سالامغا.

يېنىمىزغا ئولتۇرۇپ دېدى:
-چېھرەڭلەردە كوردۇم تەبەسسۇم.
خوشلۇغۇڭلار زادى نېمىدىن؟
ئۇنى ماڭا قىلىڭلار مەلۇم!»

كورسىتىپ بىز گېزىتنى شۇ چاغ،
دېدۇق:"ئاتا ئاڭلاڭ خوشخەۋەر.
ئورتاق بولۇڭ خوشلۇقتا سىزمۇ،
ئوقۇپ بەرسۇن ئوغلۇم مۇزەپپەر."

ئوقۇلغاندا يارقىن سەھىپىلەر،
بىز تىڭشىدۇق شۇنچە دىققەتتە.
«ھەزرىتى موللام-مەخمۇت مازارى»
دېيىلىپتۇ ئۇشبۇ ھوججەتتە

بىر ئالىمنىڭ مۆھرى بېسىلغان،
قولىيازمىنى ئالدىم قولۇمغا.
يۈرەكلەردە ھۆرمەت تۇيغۇسى،
ئاشتى يەنە دىۋانغا-تۇرمىغا.

خاسىيەتلىك ھۆججەت ئىكەن بۇ،
ئۆزۈن يىللىق تارىخقا ئائىت.
ئاخىرىغا قويۇپتۇ ئىمزا،
بولۇپ نەچچە ئالىملار شاھىت.

ئاتام ئەسلەپ قالدى ئۆتمۈشنى،
(ئەدەپ ساقلاپ تۇردۇق بىزمۇ جىم):
يەنە ، بۇلاق، سەيلى...تۇغرىلىق
سۆزلىگۈسى كەلدىغۇ بەلكىم...؛

خىياللاردىن ئويغىنىپ ئاتام،
دىدى:"ئەجەپ كەلدى پەيت-سائەت.
قىلايلى بىز سەپەر جابدۇغى،
كېچىكىشكە ئەمدى يوق تاقەت...!"

ئاتام، مەن ۋە ئوغلۇم-ئۈچىمىز،
يولغا چىقتۇق شۇ كۈنى تاڭدا.

قارشى ئالدى ئالىم مازارى،
بىزنى ئەشۇ ئۇپالدا-تاغدا.

ئالدىمىزدا ئاتام يول باشلاپ،
ماڭار ئىدى ئوقۇپ مۇناجات...،
قەۋرە، بۇلاق، ۋە كونا ئىزدىن،
بېرىپ ھەردەم بىزگە ئىزاھات.

قامىتىمگە "ھاي-ھاي تېرەك" دىك،
قاراپ قالدۇق بولۇپ مەھلىيا.
سىزدىلەتتى مەخمۇت قەشقەرى،
ئالدىمىزدا تۇرغاندەك گويا.

قەۋرىسىنى ئۇلۇغ ھەزرەتنىڭ،
قىلدۇق ئۇزاق زىيارەت، تاۋاپ.
دىلدا ھۆرمەت، قولىمىزدا جام،
ئىچتۇق مارجان بۇلاقتىن شاراپ.

ئاخىرىدا ئالىمنى يادلاپ،
سالام بەردۇق ئۇلۇغ قەۋرىگە.
يەنە بۇلاق تەۋەرۈكىدىن،
ئېلىپ قايتتۇق نەۋرە-چەۋرىگە.

## ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى

سودىگەر تىلى بىلەن بازار تاپىدۇ ،
گىلەم قىلى بىلەن ( بازار تاپىدۇ . )

سۇنمايدىغان تۆمۈر يوق ،
ئۆتمەيدىغان ئۆمۈر ( يوق . )

كۆز - كۆزنى كۆرمەيدۇ ،
ئادەم ئۆزىنى كۆرمەيدۇ.

ئادەمنىڭ شەكلىگە باقما ،كۆزىگە باق .

نادان يۇرتتا موللا تولا .

توگە تويۇپ سەكرەيدۇ ،
ئاچ توخۇپ ( سەكرەيدۇ . )

جاپا بىلەن يول تاپقان مەقسىدىگە ئاسان يېتىدۇ.

توپلىغۇچى : ئىمىر ھەسەن ئىپسا

# ئۇستىدە

تۇرام ئىسلام

ئۆتتى نى شەيخى مازارلار ئىستىقامەت ئۈستىدە،
ئويناشۇپ تەقدىر بىلەن رەم سالدى ئامەت ئۈستىدە.

ئۆلچىدى ئوز بەختىنى ئىسرىق سېلىپ، نوكچا يېقىپ،
ئاھ! دىدى، جان ئۈزدى ئاخىر زىكرى-تىلاۋەت ئۈستىدە.

ئۆتتى نى باتۇر چەۋەنداز قامچىسىنى ئوينۇتۇپ،
كەتتى ئالەمدىن، ئىچىپ ئوت كور جاھالەت ئۈستىدە.

ئاقتى دەريا چايقىلىپ، پۈكلەندى تاغلار تىزلىنىپ،
ۋە يەنە قالدى نادان، دىللار جارائەت ئۈستىدە.

ئۆتتى قىسمەت ئەۋلىيالار شايى ئەتلەس تون كىيىپ،
ئىلمۇ - ئىرپانغا نەزەر سالماي پاراغەت ئۈستىدە.

بەختۇ - ئىقبال نەدە دەپ كىم ئىزدىسە شەيتان رەجىم،
بار دىدى بەختىڭ سېنىڭ سوزلەپ قىيامەت ئۈستىدە.

ئاي ئۆتۈپ، يىللار ئۆتۈپ، چۈشتى غۇلاپ قەلئە - قەسىر،
باسىمغاچقا موھىردىنى شاھ، ھەق - ئادالەت ئۈستىدە.

يەن - ئىلىم دۇنياسىغا كەلدىڭ قەدىردان قەشقىرى،
تۇغدى چولپاننى گويا، ئاسمان كارامەت ئۈستىدە.

خەت پۈتەلمەي ئوزگىلەر ئاۋارە چاغدا گاڭگىراپ،
تۈركى دىۋاننى ئاتا قىلدىڭ پاراسەت ئۈستىدە.

نە ئۈچۈن ماختانمىسۇن پۈشتۈڭ، ئېلىڭ ئوسكەن دىيار،
بار جاھاندا سەن كەبى كىملەر ئىناۋەت ئۈستىدە؟

موھتەرەم نامىڭ ئۇلۇغدۇر ھەزرىتى مەۋلان بوۋا،
ئەسلىسەك ئارزۇلىرىڭنى، بىز خىجالەت ئۈستىدە.

جانىجان كومپارتىيەم ئاچتى ئىلىمگە كەڭرى يول
قالمىغاي ئەۋلاتلىرىڭ مەڭگۈ نادامەت ئۈستىدە.

# پەخىرلىك بىز سەن بىلەن...

ئابلىز ھەلىمىدىن

ئىزىز قەشقەر دىياردا تۇغۇلغانسەن،
" بىلىم پىرى " دەپ ئاتىلىپ تونۇلغانسەن.
خەلق دىلىغا نەقىش بولۇپ ئويۇلغانسەن،
بوۋام مەخمۇت نامىڭ بىلەن پەخىرلىك بىز،
ئۇلۇغ شوھرەت- شانىڭ بىلەن قەدىرلىك بىز.

ئانا ۋەتەن باغرىدىن سەن چۈشكەن ئوغۇل،
ئىلىم- پەندە ئالەمگە سەن بولغان مەقبۇل.
شۇڭا خەلقىم باشلىرىغا قىسقان قىپ گۈل.
بوۋام مەخمۇت نامىڭ بىلەن پەخىرلىك بىز،
ئۇلۇغ شوھرەت- شانىڭ بىلەن قەدىرلىك بىز.

پەخىرلىنەر ئىلىم سېنى تۇققىنىغا،
سېنىڭ بىلەن پۈتۈن شەرەپ قوچقىنىغا،
مەرىپەتتە قانات ياساپ ئۇچقىنىغا،
بوۋام مەخمۇت نامىڭ بىلەن پەخىرلىك بىز،
ئۇلۇغ شوھرەت- شانىڭ بىلەن قەدىرلىك بىز.

ئالەمشۇمۇل ئىجادكارلىق سەنئىتىڭدىن،
قەتئىي نىيەت، ئىرادەڭدىن - غەيرىتىڭدىن،
پۈتكەن «دىۋان» جاپالىق تەر مېھنىتىڭدىن،
بوۋام مەخمۇت نامىڭ بىلەن پەخىرلىك بىز،
ئۇلۇغ شوھرەت- شانىڭ بىلەن قەدىرلىك بىز.

ئۇيغۇر— تۈرك بايلىقىدۇر بۈيۈك «دىۋان»
قايىل ئاڭا ئەزەلدىنلا يەر- جاھان،
مەرىپەتنىڭ چولپانى بوپ چاقنار ھامان،
بوۋام مەخمۇت نامىڭ بىلەن پەخىرلىك بىز،
ئۇلۇغ شوھرەت -شانىڭ بىلەن قەدىرلىك بىز.

ئېيتىمىزكى: ئەزەلدىن بىز روناق تاپقان،
مەرىپەتتىن كەڭ جاھانغا نۇرۇق چاچقان،
ئوزۇق بىزگە ۋەكىل بولۇپ يورۇق ئاچقان،
بوۋام مەخمۇت نامىڭ بىلەن پەخىرلىك بىز،
ئۇلۇغ شوھرەت- شانىڭ بىلەن قەدىرلىك بىز.

ئەمەس ئەسلا تارىختا بىز نادان مىللەت،
سىغماس بىزگە "راۋاج تاپماس" دىگەن ئىللەت،
بىرەر «دىۋان»— ئالتۇن قاموس بىزگە زىننەت،
بوۋام مەخمۇت نامىڭ بىلەن پەخىرلىك بىز،
ئۇلۇغ شوھرەت- شانىڭ بىلەن قەدىرلىك بىز.

كەلدى قايتا ئىلىم - پەننىڭ باھار پەسلى،
بارچە گۈللەر چېچەك ئاتار ئەمدى ئەسلى،
تېخىمۇ زور شان قوچىمىز مەھمۇت نەسلى،
بوۋام مەخمۇت نامىڭ بىلەن پەخىرلىك بىز،
ئۇلۇغ شوھرەت- شانىڭ بىلەن قەدىرلىك بىز.

نەۋ باھاردا دىيارىڭدا ئاتتى چېچەك،
شاتلىقىدا چالدى چاۋاك "ھاي - ھاي تېرەك"،
زامانەمدە بونغاچقا ھەل ئارزۇ - تىلەك،
بوۋام مەخمۇت نامىڭ بىلەن پەخىرلىك بىز،
ئۇلۇغ شوھرەت- شانىڭ بىلەن قەدىرلىك بىز.

يېڭىۋاشتىن ياشنىدى تال ۋە سۆمبۈللار،
ياڭزا - ياڭزا چېچەك ئېچىپ رەيھانگۈللار،
"دىۋان" دىگىنى كۈيلىمەكتە شات بۇلبۇللار،
بوۋام مەخمۇت نامىڭ بىلەن پەخىرلىك بىز،
ئۇلۇغ شوھرەت- شانىڭ بىلەن قەدىرلىك بىز.

خوشلۇغۇم كوپ ساڭا بولغاچ ۋەتەنداشمەن،
ھەم شۇندا قىلا نۇرۇق- ئەۋلات، نەسلىداش، مەن،
ئۈمىدىڭدىن گۈل ئېچىشقا تىلەكداشمەن،
بوۋام مەخمۇت نامىڭ بىلەن پەخىرلىك بىز.
ئۇلۇغ شوھرەت- شانىڭ بىلەن قەدىرلىك بىز.

زامانىۋى دولەت قۇرۇش بىزنىڭ تىلەك،
ئات چاپتۇرۇپ چۈشتۈق جەڭگە تۈرۈپ بىلەك.
بۇ سەپەردە ئۈمىدىڭدىن ئاتار چېچەك،
بوۋام مەخمۇت نامىڭ بىلەن پەخىرلىك بىز،
ئۇلۇغ شوھرەت-شانىڭ بىلەن قەدىرلىك بىز.

باسىمىز بىز پەللەردىن - پەللەرگە،
روھىڭ بىزگە بۇ ساھەدا شانلىق ئۈلگە،
ئىرپان بىلەن پۈركەش ئۈچۈن ئەلنى گۈلگە،
بوۋام مەخمۇت نامىڭ بىلەن پەخىرلىك بىز،
ئۇلۇغ شوھرەت- شانىڭ بىلەن قەدىرلىك بىز.

# مەھمۇت قەشقەرى شەنىگە

خېۋىر تۇمۇر

قاچانكى قوياشنىڭ خانە سىدىن چاچرىدى ياقۇت،
بۇ ياقۇت نۇرىدىن ئالەم ئارادا بىر زىيا مەۋجۇت،
ئەنە قەشقەر، ئەنە ئابول تەۋەللۇت بولدى بىر ئەر - قۇت،
بى تەھقىق، ئىپتىخار ئالەم ئۇلۇغ زات قەشقەرى مەھمۇت.

ئۇلۇغ توھپەڭ بىلەن ئالەم ساڭا قەدرىنى ئەگمەكتە،
سېنىڭ نامىڭ بىلەن باشىم پەلەك - ئاسمانغا تەگمەكتە،
بۇ خەلقىم روھ ئېلىپ سەندىن ئېزىز باشىن كوتەرمەكتە،
سېنىڭ توھپەڭ ئىلىم قۇدرەت، ئۇلۇغ روھ قەشقەرى مەھمۇت.

سېنىڭ نادىرلىغىڭ شۇلكى، پۈتۈن مىللەتكە جان بەردىڭ،
ئىلىم مەركىدە مەردانە تۇرۇشقا كەڭ ماكان بەردىڭ،
بۇ خەلقىم ئىپتىخارىغا بېغىشلانغان « دىۋان » بەردىڭ،
قىياسىڭ چوڭ تەبىئەتتىن ئۇلۇغدۇر قەشقەرى مەھمۇت.

ئۇلۇغۋار نىشان بويلاپ جاۋاھىر، دۇر، سەدەپ تەردىڭ،
كېزىپ ئەللەر ئاراسىنى قېزىپ فوندى لوغەت تەردىڭ،
ئېنىقلاش كەلسە بىر سوزنى ئورتازىيانى ئون كەزدىڭ،
جاسارەتتە، كامالەتتە قىرانسەن قەشقەرى مەھمۇت.

سېنىڭ غەيرەتلىرىڭ تاغدەك ئىگىز، بەلكى تىيانشاندۇر،
سېنىڭ ئىلمىڭ ئۇلۇغ ئوكيان ۋە بەلكى ئۇندىن ئاشقاندۇر،
سېنىڭ قىزغىنلىغىڭ ئاتەش قوياش جامىدا تاشقاندۇر،
ئىجادى مەشئەلىڭ مەڭگۇ ماياكسەن قەشقەرى مەھمۇت.

ئەشۇ ئەسىرىڭدە تاللاپ پەن - ئىلىمگە بولغىنىڭ شەيدا،
سېنىڭ توھپەڭ بىلەن ئالەم - ئارادا ئىپتىخار پەيدا،
ئەگەر شۇ ئەجرىنى سەن چەكمىسەڭ بىزگە شەرەپ قايدا،
بۇ ئەلگە زور شەرەپ بەرگەن ئىجاتكار قەشقەرى مەھمۇت.

سېنىڭ ئەسىرىڭدە بەلكى ئىشلىرىڭدا كوپ جاپالىقتۇر،
ئىلىم ئىزدەنگىلى چىقساڭ يولۇڭ چاڭگىلىق - توپالىقتۇر،
سېنى قوللار كىشى كەمدۇر، كوپىنچە بىۋاپالىقتۇر،
نە بولسا بارىڭنى يەڭگىدىڭ پىداكار قەشقەرى مەھمۇت.

مۇھەببەت، زوق ساراي كەڭلىڭنى سەنمۇ بىلگەنسەن،
ۋە لېكىن ھور-پەرى، شوخ نازىنىنلەرگە بېرىلمەپسەن،
ۋە ياكى چوڭ ۋەزىرلىك تەختىدە بەخوت كىرىلمەپسەن،
ئىلىمگە خاس جۇنۇن بولغان ۋاپادار قەشقەرى مەھمۇت.

ئەگەر ئوتسەڭ ئىدى ئول ناز پەرىنىڭ كوزىگە قايىلاپ،
ۋە ياكى توي - توكۇن نەزىر - چىراقلاردا بۇرۇت مايلاپ.
ۋەيا باساڭ ئەگەر مەنسەپ - ئەمەلنىڭ يولىنى بويلاپ،
بۇ دىۋان بىزگە يوق ئەردى چۇشەنسەڭ ، قەشقەرى مەھمۇت.

بۇگۇن قەدرىڭنى بىلگەچكە زامانەمگە نىشان قىلدۇق،
ئۇلۇغ « دىۋان » كىتاۋىڭنى ئىلىم - ئىر فاندا شان قىلدۇق.
سېنىڭ غەيرەت - ۋە ئەجرىڭنى يۇرۇشلەرگە پىشاڭ قىلدۇق،
سېنىڭ ئىلمى ئىزىڭ بىرلەن ماڭارمىز ، قەشقەرى مەھمۇت.

بۇ باشنى ئوگشىدى ئەۋلات كى يۇزلەنگەن تەنەززۇلدىن،
زامانلاشماققا يول تۇتتۇق ئىزىڭ چۇشكەن شۇ مەنزىلدىن.
تاۋاپ ئەيلەپ ئاياغىڭغا سۇيۇپ قەۋرەڭنى چىن دىلدىن،
تۇمەن مىڭ ئاپەرىن ئەيتار بۇزرۇكۋار قەشقەرى مەھمۇت.

# يادنامە

( تەرجىئى بەنت )

نۇرمۇھەممەت ئېركى

— ئۇلۇغ ئالىم، ئۇستاز شائىر ۋە جامائەت ئەربابى يۈسۈپ خاس ھاجىپخاتىرىسىگە

يادلىنار ھەر زامان ئىشىدىن كىشى،
تونۇتار تارىخقا كىشىنى ئىشى.
ياخشى ئىش قىلغان ئەر ئەلدە ئۇنتۇلماس...
ھەم بولار ئۇنىڭدىن ئېگىز ئەل بېشى.
بېشىمىز دۇنيادا سەن بىلەن ئېگىز...
ئېلىمىز ئەجدادى، ئەي قەلەمدىشى!
توھپىسىز ئادەمدۇر - مېۋىسىز دەرەخ،
ئەل ئۇچۇن خىزمەتتۇر ئادەم يېمىشى.
يېمىش يەر يۈسۈپتەك ۋەتەن ياشلىرى!
يېمىشكى: توختىماس شېكەر ئېقىشى.
ئۆلدى كوپ ئادەملەر، ئۆلمىدى يۈسۈپ،
ئۆتتى كوپ ئەسىرلەر يازۇ ھەم قىشى.
ئىش قىلغاچ ئەل ئۇچۇن، ئالەم ئۇچۇن ئۇ،
ھورمەتلىك ئالەمنىڭ ئاڭا بېقىشى...
مەۋجۇتكى دۇنيادا تەبىئى قوياش،
ئۆچمىگەي ئەلنىڭ بۇ ئىرپان قويىشى.

ئۆلمىدى خاس ھاجىپ يۈسۈپ، ئۇ تىرىك،
نۇرچېچىپ تۇرماقتا « قۇتاتقۇ بىلىك ».

× ×

بۇ جاھان بىر جايكى، بىر كېلىپ - كېتەر،
ئاقىللار بۇ ئىشنى تەپەككۇر ئېتەر...
ھەسرەتكى، ياشىساق ئورلەپ كوپۈكتەك،
ئارقىدىن يوقالساق غۇژژىدا، ئەگەر.
بۇ ھالغا ھەر كىمكى رازى بولمىسا،
تەدبىرى - قالدۇرۇش ئالەمدە ئەسەر.
خاس ھاجىپ قالدۇردى شۇ يوسۇن بىر ئىز،
بىر ئەسەر يازدىكىم بىباھا گوھەر.
پاراسەت پۈقراغا، ئادالەت شاھقا...
تەشەببۇس ئەيلىدى، سوزلىدى شېكەر.
تىكىپ قوي بىر دەرەخ، سايىدار كىشى،
ياساپ قوي بىر كوبرۈك، كوپچىلىك ئوتەر.
بېقىپ قوي بىرپەرزەنت، نامىڭ ئوچمەيدۇ...
يەپ- ئىچىپ، ئولۇش ئۇ، ھايۋانغا ھۈنەر.
ئەل ئۇچۇن پايدىلىق بىرەر ئىش يارات،
«ئەسەر» شۇ ئولمەسكە، ئاققۇز ئەلگە تەر.

ئۆلمىدى خاس ھاجىپ يۈسۈپ، ئۇتىرىك،
نۇرچېچىپ تۇرماقتا « قۇتاتقۇ بىلىك».

× ×

« قۇتاتقۇ » قۇتباتتى، تەھقىق ئەسقاتتى،
بۇ « بىلىك » ئىنسانلار قەلبىن پارلاتتى.
« قۇتاتقۇ بىلىك » نىڭ قۇتاتقىنى راس:
مىڭ يىلدىن كېيىنمۇ رولنى ئويناتتى.
پارقىراپ، بەرق ئۇرۇپ بۇ ئالتۇن كىتاپ،
دۇنيانىڭ كوزىنى ھەتتا چاقناتتى...
سىياسەت، جەمىيەت، ئەخلاق ئىلمىدە،
دۇنيا پەن غەزنىگە جەۋھەرلەر قاتتى.

نىزامى ئالەمدىن " چىرتوۋ " سىزدى ئۇ،
قانۇنى ھاياتنىن " دەستۇر " ئۇشلاتتى.
مەدەنى، ئەدەپلىك بولۇشنى دىدى،
ئەسىردىمىز ئىشىغا مەدەت ئۇزاتتى.
" قۇت " بەرمەك، قۇتاتماق كارامىتى بۇ:
مىڭ يىلنىڭ رىشتىسىن ئۇز ئارا چاتتى.
تونۇدى ئالتۇننى، مەلۇم بولدى كىم:
مەرىپەت تېگىدىن بىزدە تاڭ ئاتتى.

ئۇلمىدى خاس ھاجىپ يۈسۈپ، ئۆتىرىك.
نۇر چېچىپ تۇرماقتا "قۇتاتقۇ بىلىك".

× ×

ۋەتىنىم! ئەي ۋەتەن سېنى نىمە دەي؟
نىمە دەپ مەدھىيلەي، قانداق تەسۋىرلەي؟
سەندىكى ھاۋاغا قانداق ئات قوياي؟
سەندىكى سۇلەرگە نىمە نام بىرەي؟

سەندىكى ھاۋادىن،سەندىكى سۇدىن —
ئۆسكەن ئۇ، باغنى قوي، ئادەمنى كورەي.
ھاۋايىڭ پاراسەت، سۈيۈڭ ئىقىلمۇ؟
ھورنى قوي، سەندىكى تۇپراققا سۆيەي.
تۇپرىغىڭ ئۇستۇردى ھەر زامان دانا...
تىلىمنى نامىدىن مەن شەكەر ئىتەي.
يۇلتۇزدەك ساناقسىز شانلىق پەرزەنتىڭ،
يۈسۈپتەك ئالىمىڭ بىلەن تەبرىكلەي.
ئالىملار — ۋەتەنىنىڭ گۈزەل گۈللىرى...
بۇ گۈلدىن شاتلىناي، بۇ گۈلدىن كۈلەي.
ئەي قولۇم! ياخشى ياز ئالىم ئۈستىدە،
ياق بولسا، "شارت" قىلىپ سىنى مەن كېسەي،

ئۇلمىدى، ئۇلمەيدۇ يۈسۈپ، ئۆتىرىك.
نۇر چېچىپ تۇراركەن"قۇتاتقۇ بىلىك".

1983- يىل، ئاپرىل، قەشقەر

( بېشى 48- بەتتە)

شىغا كوڭلى ئۇنىماي قايتىدىن مەكتەپكە كېلىپ، خالىدەم بىلەن كورۇشۇپتۇ ۋە بالىلىرىنىڭ ئۇنىڭ سىنىپىدا ئوقۇپ قېلىشىنى قاتتىق تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ . خالىدەممۇ مەكتەپ رەھبەرلىگىنىڭ پىكىرىنى ئالغاندىن كېيىن ئۇلارنى يېگىۋاشتىن ئۆز سىنىپىغا قوبۇل قىلىپ 2 - 3 ئايلىق جاپا-مۇشەققەتلىك تىرىشچانلىق كورسىتىش ئارقىسىدا ئۇلارنى يىل ئاخىرىسىدا ئەلاچى ۋە ياخشى ئوقۇغۇچىلار قاتارىغا ئوتكۇزۇپتۇ.

"ئىخ ئاتا-ئانا قەلبى، ئاتا-ئانا مېھرى! مەن ئۇلارنى شۇنچە ئاسان مەكتەپتىن ھەيدىۋەتكىنىم بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆز بالىلىرىغا بولغان چوڭقۇر مىھرى - مۇھەببەت تولۇپ - تاشقان يۈرەك - باغرى چىدىمايدۇ - دە!"

خىيالىم شۇ يەرگە كەلگەندە ، يىغىن بىر -دەك ئاخىرقى ئىسىملىكنى بېكىتتى ، غەلبە خالىدەمنىڭ ئىدى . مەن ئىختىيارسىز ھالدا يەر تىگىدىن ئۇنىڭغا قارىدىم : ئۇنىڭ شان-شەرەپ ئالدىدا قىلچە مەغرۇرلۇق سىزىلمەيدىغان ئىغىر بېسىق،تەمكىن چىرايى يەنىلا باشقىلارنىڭ ئۆز ئەقىدىسى ئۈستىدە بايان قىلغان قىزغىن ماختاش سوزلىرىنى ئاڭلىمىغاندەك خاتىرجەم كورۈنەتتى . مەن شۇ چاغدىلا ئۆز سىنىپىمدىكى بۇ يىلقى بىر قەدەر " يۇقۇرى " نەتىجىنىڭ يولداش خالىدەمدەك خەلق ئىشلىرىغا سەممىي - سادىق، تىرىشچان خىزمەتداشلىرىمنىڭ سەپەر ئۈستىدە يۈكنىڭ ئېغىرىنى ئۆزلىرى كوتىرىپ ، يېنىكرەكىنى ماڭا ئۆتۈنۈپ بەرگەنلىگىدىن بولغانلىغىنى چوڭقۇر ھىس قىلدىم - دە، نىمە قىلىشىنى بىلەلمەي ئولتۇرۇپلا قالدىم .

# ئىز ۋە مىراس

ئاتىكە مىرەخمەت

ئەجداتلار قالدۇرۇپ كەتكەن بىباھا،
گوھەردەك كىتاپلار چاقنار قولۇمدا.
ھەر بېتى ـ قۇرىدىن ئاجايىپ ئىشلار ـ
ئىزدىلىپ ئۆتمەكتە تەپەككۇرۇمدا...

خان تەڭرى قامىتى شەمشەتتەك مەغرۇر،
تىكىدۇ كوزىنى يىراق ـ يىراققا.
باغرىدا سوزۇلغان سانسىز جىرايىل،
تۇتۇشار مۇنبەت يەر ـ ئانا تۇپراققا.

بۇ يولدا ئۆزۈلمەس ئەسىرلەپ داۋام،
مەرىپەت كارۋىنى قاتار تىزىلىپ.
گوياكى پەن نۇرى ئىشقىدا مەجنۇن،
كېزىدۇ ئالەمنى چوڭقۇر ئىز سېلىپ...

ئۈزۈلمەس كارۋاننىڭ سەپلىرى ھامان،
باشچىسى فارابى، مەھمۇت قەشقەرى.
كېلىدۇ شۇ ئۇلۇغ ئىجاتكار ئىنسان،
يۇسۇپ خاس ھاجىپ ھەم ئەخمەت يۈكنەكى...

مەرىپەت كوكىنىڭ چولپانى بولۇپ،
چاقنىغان ھاياتى نۇر بىلەن روشەن.
خەلقىنىڭ قەلبىگە سالدى ئۆچمەس ئىز،
بىلىمدىن يارىتىپ رەڭمۇ ـ رەڭ گۈلشەن.

شۇ ئىزلار نۇر چېچىپ تارىختىن بۇيان،
ئەۋلاتتىن ـ ئەۋلاتقا مىراس بوپ قالدى.
ئوت يۈرەك ياشلارنى جەڭگە چاقىرىپ،
قەلبىگە ئەڭ بۈيۈك ھىسلارنى سالدى.

تەپەككۇر نەھرىدىن چىقتىم ساھىلغا،
بەختىيار تۇيغۇدىن دىلىمدا ھاياجان.
ئەجدادىم ئىزىغا قىلسام ۋارىسلىق،
بىر ئومۇر قالمايدۇ مەندىكى ئارمان.



# هايات شامالليرى

( هكايه )

جەلىلى

1

هايات شامالليرى ئاجايىپ سىرلىق ، ئۇ گاھ سېنى ئاللىقاياقلارغىدۇ ئۇچۇرۇپ، مېھرىبان ئاتا - ئانا، جان - جىگەر قېرىنداشلىق، قەدىناس دوستلۇق ۋە سۆيۈملۈك نىگارىڭدىن ئايرىپ تاشلىسا، گاھ سېنى ئۇلار بىلەن بەختلىك ئۇچراشتۇرۇپ، مۇرات - مەقسىدىڭگە يەتكۈزىدۇ. سەن هايات شامالليرى ئېلىپ كەلگەن جۇدالىق - ھىجران دەردى بىلەن ۋىسال شاتلىقىنى ئۆمۈرۋايەت ئۇنتالمايسەن ، ئەلۋەتتە.

هايات شامالليرى ئۇلار ئىككىسىنى تولىمۇ تەساددىپى ۋە خۇشال ھالدا ئۇچراشتۇردى. بۇ ، دەل باش ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. شەھەر گويا ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان. سائادەت قىز ئەينەكتەك يالتىراپ تۇرغان كەڭ ۋە ئازادە سېمونت كوچىنى بويلاپ سودا سارىيى تەرەپكە كېتىۋاتاتتى. ئۇ، خۇددى توقۇش ماشىنىسىنىڭ موكىسىغا ئوخشاش ئۇياقتىن - بۇياققا ئوتۇشۇۋاتقان سان - ساناقسىز كىشىلەر ئارىسىدا كېتىۋېتىپ، ئۇزىدىن ئون نەچچە مېتىر يىراقلىقتا شەھەرنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرىگە زوقمەنلىك بىلەن قاراپ كېلىۋاتقان بەختىيارنى كۆرۈپ قالدى. " بۇ - ئۇ ئۆڭۈممۇ ياكى چۈشۈممۇ؟" دەپ ئويلىدى سائادەت قەددىمىنى ئاستا توختۇتۇپ ۋە ئۆز كۆزىگە ئىشەنمىگەندەك يېنىشلاپ قارىدى. ئۇ، راستىنلا بەختىيار ئىدى. گەۋدىلىك، قوشۇما قاشلىق يىگىت يولنىڭ ئۇچېتىدە ئەتراپقا نەزەر سېلىپ كەلمەكتە ئىدى. سائادەت قەلبىدىن پونتاندەك ئېتىلىپ چىقىۋاتقان شاتلىق - ھاياجىنىنى باسالماي، ۋارقىرىۋېتىشكە تاس قالدى، ئەمما ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يولۇچىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۆزىنى زورىغا بېسىۋالدى - دە، يولنى توغرىسىغا كەسكەن پېتى قۇشتەك يېنىككىنە قەدەم تاشلاپ بەختىيارنىڭ يېنىغا كەلدى.

— بەختىيار! — دېدى سائادەت يېقىملىق، لېكىن تىترىگەن زىل ئاۋازى بىلەن.

ئۆزۈندىن بۇيان بىرەر قېتىممۇ ئاڭلانمىغان بۇ تونۇش ئاۋاز بەختىيارنىڭ يۈرىكىنى جىغىلدىتىپ، غولىغا يېقىمدىن سۇ يۈگۈرگەن

كوچەتكە ئوخشاش ياشارتتى ـ دە، ئۇنى سول تەرەپكە بۇرۇلۇپ قاراشقا مەجبۇر قىلدى.

ــ ۋويي، سائادەتقۇ سىز؟ ـ دېدى بۇ تەساددىپى ئۇچرىشىشتىن ھاياجانلانغان يىگىت، ئۆز يېنىدا ئېچىلىۋاتقان ئەتىرگۈل غۇنچىسىغا ئوخشاش خۇشخۇي كۈلۈپ تۇرغان قىزنىڭ ئاق، يۇمران قوللىرىنى چىڭ قىسىپ، ـ ھاڭۋاختىلىغىمنى قاراڭ.

ــ سالامەت تۇردىڭىزمۇ؟ ـ دېدى سائادەت ھاياجاندا.

ــ خۇداغا شۈكرى، ئىككىمىزنىڭ بۇ يەردە تويۇقسىز ئۇچرىشىپ قېلىشىمىزنى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن. بۇ، تولىمۇ ياخشى بولدى، ـ بەختىيار ئەيتىپ تۈگەتكۈسىز خۇشاللىغى بىلەن قىزغا تىكىلدى...

سائادەت كۆپ يىلدىن بۇيان بەختىيار بىلەن كۆرۈشمىگەچكىمۇ ياكى قىزلارغا خاس نازتارتىنىشتىنمۇ، ئەيتاۋۇر، خىجىل بولغان قىياپەتتە لام ـ جىم دېمەي تۇرۇپ قالدى ۋە ئوڭ قولتۇغىدىن چىقىرىپ، بودرۇق بارماقلىرى بىلەن تۇتۇپ تۇرغان ئۇزۇن، قارا چېچىدىن بېشىنى سەل كۆتىرىپ، يەر تېگىدىن بەختىيارغا ئىللىقنا قاراپ قويدى.

ــ قاچان كەلدىڭىز؟ ـ سورىدى سائادەت بىر پەس جىمجىتلىقتىن كېيىن بەختىيارغا ياندىشىپ مېڭىپ.

ــ ئۈچ كۈن بولدى.

ــ شۇندىن بۇيان ئەجەبمۇ ئۇچرىشالماپتىمىز، ــ دېدى سائادەت ئەپسۇسلانغان ھالدا سۇمبۇل چاچلىرىنى ئارقىسىغا تاشلاپ. بۇ ئۇچرىشىشتىن سۆيۈنگەنلىكى ئۇنىڭ چولپاندەك چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.

ــ ئۇ قوشۇلماسلىق بوپتۇ،ـ دېدى بەختىيار،ـ شەھەرگە خىزمەت ئىشى بىلەن كەلگەنىدىڭىز؟

بەختىيار ئۈچىسىغا ھىم كەلگەن سىماۋى دىنكا چاپىنىنىڭ ياقا تۈگمىسىنى يېشىۋېتىپ، سائادەتكە ياندىن قارىدى. ئۇن تۆت كۈنلۈك ئايدەك ھۆسنىگە تولغان بۇ قىز ئۇنىڭ كۆزىگە خېلى ئۆسۈپ قالغاندەك كۆرۈندى.

ــ ئاتىپوسكا بىلەن كەلگەن ئىدىم، ـ دېدى سائادەت مۇلايىملىق بىلەن ۋە سۆزىنى داۋام قىلدى،ـ ۋاقىت توشۇپ قالغاچقا، بۈگۈن ئەتىگەن قايتىشقا بىلەت ئېلىپ قويغان، بىراق سىز...

ــ مېنى دەپ بىلەتنى قايتۇرۇشنى ئويلاۋاتامسىز؟ـ دېدى بەختىيار ئۈمىت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان ئوتلۇق كۆزلىرىنى سائادەتكە تىككەن ھالدا،ـ ھېچقىسى يوق، خىزمەت يوجۇڭ ئەمەسمۇ!؟ سائادەت، مەن بۈگۈن چۈشتىن ئاۋال سىياسەتنى ئەمەللەشتۈرۈش ئىشخانىسىغا بارغان ئىدىم، مەسئۇل يولداش " سىزنىڭ مەسىلىڭىز ئۇزۇل ـ كېسىل ھەل بولدى، ئەتە سەھىيە ئىدارىسىغا بېرىپ رەسمىيەت بېجىرىۋېلىڭ " دېدى. خۇدا بۇيرۇسا، ئەتە سەھەردىلا رەسمىيەت ئۆتەشكە بارىمەن.

ــ قەيەردە ئىشلەشنى خالايسىز؟ـ تارتىنىۋاراق سورىدى سائادەت،ـ بەلكى شەھەردە قېلىپ قالارسىز؟

ــ ئۇنداق بولالمىدىغان، سىز قەيەردە ئىشلىگەن بولسىڭىز، مەنمۇ ئەلۋەتتە شۇ يەردە ئىشلەيمەن ـ دە! ـ دېدى بەختىيار سائادەتكە مەنىلىك قاراپ،ـ خالامسىز؟...

بەختىيارنىڭ سۆزلىرىدىن سائادەتنىڭ يۈرىكى ئىمىن تاپقاندەك بولدى ـ دە، رازىلىغىنى بىلدۈرگەن ھالدا چاقماق كىرپىكلىرى ئاستىغا يوشۇرۇنغان بىر جۈپ قارا كۆزىنى "لىپ" قىلىپ بەختىيارغا تىكتى. ئۇنىڭ ئاناردەك مەڭزىدىن ئېقىپ چۈشىۋاتقان باھار شەبنىمىدەك سۈپ ـ سۈزۈك بىر تامچە شاتلىق يېشى " مەن

ئەلۋەتتە خالايمەن » دېگەن جاۋاپتىن بىشارەت بېرىپ تۇراتتى.

— يۇرۇڭ، ئۆيگە بارايلى،— دېدى سائادەت سەمىمىلىك بىلەن،— ئاپام بىلەن كۆرۈشۈپ، كەچلىك غىزانى بىرلىكتە يەپ قايتىڭ.

— سىلەرنىڭ ئۆيگە تۈنۈگۈندىن بېرى باراي دەپ ئويلىۋېدىم، لېكىن ئاپىڭىزدىن خىجىل بولۇپ بارالمىدىم،— دېدى سەمىمىي هالدا بەختىيار،— هە، راستىنلا ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن، ئويدىكىلەر تېچلىقمۇ؟ ئاتىڭىزنىڭ ئىشى قانداق بولدى؟

— دادامنىڭ " مەسىلىسى " بۈلتۈر 11 - ئايدا هەل بولغان. هازىر ئۆز خىزمىتىنى قىلىۋاتىدۇ،— دېدى سائادەت خاتىرجەم هالدا.

— بۇ تولىمۇ ياخشى بوپتۇ،— دېدى بەختىيار خۇرسەنلىك هالدا سۆزىنى داۋام قىلدى،— " مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى " نىڭ بوران - چاپقۇنلىرى كىشىلەرگە، جۈملىدىن ماڭا ۋە دادىڭىزغا ئاز - بولمىغان بالايى - ئاپەتلەرنى كەلتۈردى. ئۆتكەنگە سالاۋات، ئەمدى كۆڭلىمىز ئارامىغا چۈشتى.

ئۇلار پاراڭلاشقاچ باغچا ئالدىغا كېلىپ قالغىنىنى تۇيماي قېلىشتى، پەقەت سالقىن شامال گۈل هىدىنى دىماقلىرىغا " گۇپ " قىلىپ ئۇرغاندىلا:

—سائادەت، يۇرۇڭ، باغچىنى ئايلىنىپ چىقايلى،—دېدى بەختىيار.

ئۇلار باغچىغا كىرىشتى. سالقىن شامال سائادەتنىڭ ئورۇم چاچلىرى ۋە ئاپپاق يۈزىنى ماموق قوللىرى بىلەن سىلاپ ئۆتۈپ، ئۇنى تېخىمۇ هاياجانلاندۇرغان ئىدى. باغچا رەڭمۇرەڭ گۈللەرنىڭ خۇشبۇي هىدى بىلەن تولغان بولۇپ، گۈزەل ئارزۇلىرى توغرىسىدا قىزغىن پاراڭلىشىپ كېتىۋاتقان ئىككى ياشنى ئاللىقانداق شېرىن خىياللارغا مەپتۇن قىلغان ئىدى.

ئۇلار ئېرىقتا شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇنى بويلاپ مېڭىپ مەجنۇنتال ئاستىغا كەلدى. بۇ- تولىمۇ خىيابان ۋە هاۋالىق جاي بولۇپ، مۇڭدىشىشقا بەكمۇ ئەپلىك ئىدى.

— مۇشۇ يەردە بىر دەم ئارام ئالايلى، — دېدى بەختىيار تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇۋېتىپ ۋە سائادەتنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

سائادەت ئارقىسىدا يولەنچۈكى بار كوك سىرلىق ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. بەختىيارمۇ سائادەتكە يانداشىپ ئولتۇردى- دە، تاماكىسىنى قاتتىق شورىغاندىن كېيىن سائادەتنىڭ ئىللىق چىرايىغا قاراپ تۇرۇپ كوڭۇل سوزلىرىنى توكۇشكە باشلىدى.

— سائادەت،— دەيتتى بەختىيار،— مەن مۇشۇنداق كۈنلەرنىڭ يېتىپ كېلىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتىم، تۈرمىدىكى چېغىمدا، سىزنىڭ يازغان خېتىڭىز ماڭا ناهايىتى چوڭ ئىلهام ۋە كۈچ - قۇۋۋەت بەخش ئەتتى، ئىرادەمگە ئىرادە قوشۇپ، ياشاش ئۈمىدىمنىڭ پىلىتىسىگە ئوت يېقىپ يالقۇنجاتتى. تۈرمىدا ئۆتكەن ئۈچ يىلىم گەرچە ئۈچ يۈز يىلدەك تۇيۇلغان بولسىمۇ، بۈگۈنكى بەختىيار ئۇچرىشىش قەلبىمدىكى هەسرەتلەرنى تۆكۈۋېتىپ، ۋۇجۇدۇمدا يېڭى هاياتقا نىسبەتەن چەكسىز چوڭقۇر ئۈمىت تۇيغۇسىنى قوزغاتتى. مەن ئەمدى ئۆزەمنىڭ ئىسمى - جىسمىغا لايىق هەققى بەختىيار ئادەم بولغانلىقىمنى تونۇپ يەتمەكتىمەن. هايات شامماللىرى مېنى نەچچە يۈز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تۈرمىدىن ئۇچۇرۇپ كېلىپ، سىز بىلەن ئۇچراشتۇرغىنىغا قايىلمەن، ئاه، بىز نېمە دېگەن بەختلىك ياشلارمىز - هە!

بەختىيار سوزلەۋېتىپ، ئەمگەكتە پىشقان قاتمال قوللىرى بىلەن سائادەتنىڭ پاختىدەك ئاق، يۇمشاق قوللىرىنى ئاستا تۇتتى. سائادەت-

مۇ » سىزنى ئىنتايىن سېغىنغان ئىدىم « دېگەن سوزنى ئاران ئېيتتى ـ دە، ئىختىيارسىز ھالدا بېشىنى بەختىيارنىڭ كوكرىكىگە قويۇپ، مەجنۇنتالغا قارىدى. سائادەتنىڭ بۇلاقتەك كوزلىرى بەختىيارنىڭ سېغىنىش ئوتلىرى چاقناپ تۇرغان نۇرلۇق كوزلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا، يېقىن ئەتراپتىكى سۇۋادان تىرەك ئۇستىدىن ياڭرىغان » كاككۇك ـ كاككۇك « دېگەن يېقىملىق ئاۋاز ئىككى ياشنىڭ يۇرەك تارلىرىنى چېكىپ ئوتتى…

× × ×

تاڭ سەھەر. مەركىزى پاساژىر بېكىتىنىڭ ئېلېكتىر نۇرى چاقناپ تۇرغان چوڭ زالى ئۇياق ـ بۇياققا سەپەر قىلىدىغان يولۇچىلار ۋە ئۇزاتقۇچىلار بىلەن لىق تولۇپ كەتكەن. سائادەتنى ئۇزۇتۇشقا كەلگەن بەختىيار بولسا، زالنىڭ ئىشىگى ئالدىدىكى سىمونت پەلەمپەيدە سائادەتنى تەقەززالىق بىلەن كۇتمەكتە ئىدى. يولۇچىلاردىن بىر نەچچىسى قەدەملىرىنى پۇتى كويگەن توخۇدەك ئىتتىك ـ ئىتتىك ئېلىشىپ زال ئىچىگە كىرىپ كېتىشتى. بىر ئازدىن كېيىن 3 ياشلار چامىسىدىكى بۇدرۇقنىڭ بىر قىزچاقنى كوتەرگەن سائادەت ئانىسى پاتەمخان بىلەن ئالدىراش يېتىپ كېلىشتى. بەختىيار پاتەمخاننى كورۇپ خىجىللىق ھىس قىلغان بولسىمۇ، ئۇزىنى پىنھانغا ئېلىشقا ئۇلگۇرەلمەي قالدى.

ـ ۋوي، بۇ ـ پاتەمخان ئاچامغۇ؟ ـ دېدى چاندۇرماسلىققا سېلىپ، ـ تىنچ ـ ئامان تۇلىمۇ؟

ـ تىنچلىق، بالام، تىنچلىق! ـ دېدى پاتەمخان تولىمۇ قىزغىن ھالدا، ـ ئوزلىرىمۇ تىنچ ـ ئامان كەلدىمۇ؟

ـ خۇدايا شۇكرى، ئاچا! ـ دېدى بەختىيار ۋە قوشۇپ قويدى، ـ ئامان ـ ئېسەنلا دولساق كورۇشىدىكەنمىز…

ـ سائادەت ئاپا، بۇ كىم بولىدۇ؟ ـ سورىدى ھېلىقى قىزچاق بەختىيارنى كورسۇتۇپ.

ـ بۇ، ـ دېدى سائادەت بىر ئاز ئوڭايسىزلانغان قىياپەتتە، ـ يېڭى كەلگەن دوختۇر ئاكاڭ بەختىيار.

ـ ئاپا، ئۇ ياستىنلا مېنىڭ ئاكام بويامدۇ؟

ـ رۇشەنگۇل، ئۇ، راستىنلا سېنىڭ ئاكاڭ، ـ گەپكە ئارىلاشتى پاتەمخان ئاچا كۇلۇپ تۇرۇپ ۋە بەختىيارغا قاراپ سوزىنى داۋام قىلدى، ـ سائادەت بۇ نوۋەت قىزى رۇشەنگۇلنى ئالغاچ كەپتىكەن، يېنىمدا قالسۇن دېسەم، ئاپام بىلەن بىللە كېتىمەن، دەپ زادىلا ئۇنىمىدى…

دەل شۇ چاغدا، بېكەت لاباسىدىن » ق. ناھىيىسىگە بارىدىغان مېھمانلار بېكەت ئىچىگە كىرەيلى « دېگەن جاراڭلىق سادا ئاڭلاندى. شۇ ھامان سائادەت قىزى رۇشەنگۇل بىلەن ئاپتوۋۇزغا چىقىپ، يولۇچىلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى، ئاپتوۋۇز ئاستا قوزغۇلۇش بىلەن تەڭ، ئۇلار دەرىزىدىن قوللىرىنى چىقىرىپ پاتەمخان بىلەن بەختىيارغا پۇلاڭلاتتى. بەختىيار ئاپتوۋۇزنىڭ قارىسى كوزدىن يوقالغىچە، ئالىمقانداق چىگىش خىياللارغا بەنت بولغان ھالدا تۇرۇپ قالدى.

» سائادەت مۇھەببەتكە خىيانەت قىلغاندىمۇ؟ ئەگەر ئۇ تۇرمۇشقا چىقمىغان بولسا، رۇشەنگۇل نەدىن كەلدى؟ ـ ئوزىگە ئوزى سوئال قويانتى بەختىيار، ـ زادى بۇ نىمە ئىش ؟… « بەختىيارنىڭ خىيال قۇشى ئۇزلۇكسىز پەرۋاز قىلماقتا ئىدى. ئۇ، ئويلىغانسېرى خىيالى چىگىشلىشىپ، تېخىمۇ قىيىن كىچىككە كىرىپ قالدى. » ھەي، سائادەت! ـ دەيتتى ئۇ غەزەپ ئارىلاش، ـ سەندە ھەقىقىي، پاك ۋىجدان، سەمىمىي

مى ساداقەت بولمىدىغانلا بولسا، بۈگۈنكى كۈندە بۇ قىزغا ئانا بولۇپ قالارمىدىڭ؟...» بەختىيار تېگى يوق ئوي خىياللار ئىلكىدە مېڭىپ كېتىۋېتىپ، تۈرمىدىكى چېغىدا سائادەت ئەۋەتكەن خەتنى ئەسلىدى. سائادەت بەختىيارغا يازغان خېتىنىڭ خاتىمىسىنى "قەدىرلىك بەختىيار! مەن سىزنىڭ ھىلە ـ مېكىر ۋە سۇئىقەستلەردىن خالى، پاك ۋىجدانلىق، ئاق كۆڭۈل يىگىت ئىكەنلىكىڭىزنى تولۇق چۈشۈنىمەن. ۋەتەندە ھەقىقەت يۇلتۇزلىرى پارلىماقتا! ئۈمىتۋار بولۇڭ. ھايات شاماللىرى يېقىن كەلگۈسىدە ئىككىمىزنى چوقۇم ئۇچراشتۇرغۇسى، سىزنى ئاخىرغىچە بەرداشلىق بېرىپ كۈتىمەن!" دەپ تاماملىغان ئىدى. بەختىيار سائادەتنىڭ ئۈمىت ۋە ساداقەت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان ئاشۇ ھاياتبەخش سۆزلىرىنى قانچە يادىغا كەلتۈرگەن

"ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتماپتۇ، دېگەن شۇ ـ دە! غۇنچىدەك بىر چىرايلىق قىز مانا بۈگۈنكى كۈندە بىر بالىنىڭ ئانىسى ـ ھە! قېنى ئۇنىڭ ئاخىرغىچە بەرداشلىق بەرگىنى؟» بەختىيار ئەشۇلارنى ئويلاپ ئاخىرى بىر قارارغا كەلدى: «مەن ئىمكان قەدەر ئۇنىڭدىن يىراقراق تۇرۇشۇم، ئەڭ ياخشىسى، ئۇنىڭ قېشىغا بارماسلىغىم كېرەك!...»

بەختىيار ئىرادە كەمىرىدە بېلىنى چىڭ باغلىدى ـ دە، 500 مېتىرچە يول ماڭغاندىن كېيىن، ئوڭ تەرەپكە بۇرۇلۇپ، ئۇدۇل سەھىيە ئىدارىسى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

بولسىمۇ، ئەمدى كۆڭۈل ئازادىلىك ھېس قىلالمىدى، بەلكى ئۈستىنى يوغان بىر تۈگمەن تېشى بېسىپ تۇرغاندەك، بىر تۇمۇر پەنچە يۈرىكىنى مۇجۇۋاتقاندەك تولىمۇ بىئارام بولۇپ، چىداپ تۇرغۇسىز ھالدا ئازاپلاندى.

## 2

سائادەت ماشىنا بىلەن بىر كۈن يول يۈرۈپ، كەچ نامازدىگەر بىلەن ئۆزى ئىشلەۋاتقان گۆڭشي دوختۇرخانىسىغا يېتىپ كەلگەندە، تىببىي خادىملار ئىشتىن چۈشۈپ بولۇپ، پەقەت دوجۇرنى دوختۇر گۈزەلنۇرلا قالغان ئىدى. ئۇ دەرۋازىدىن كىرىپ كېلىۋاتقان سائادەتنى كورۇپ خۇشخۇيلۇق بىلەن ئالدىغا باردى ـ دە، قىزلارغا خاس چاقچاق بىلەن قۇچاقلىشىپ كورۇشۇپ، ئامان ئىسەنلىك سورىغاندىن كېيىن، رۇشەنگۈلنى كوتىرىپ بىللە ياتاققا كىردى. سائادەت تاشقى كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، لوڭگىنى ھول قىلىپ يۈزىنى ئېيتقاچ، گۈزەلنۇر بىلەن قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.

— ئاداش، خىزمەتداشلار تېچلىقمۇ؟ ـ سورىدى سائادەت. ـ گۆڭشېمىزدىكي كېسەللىك ۋە داۋالاش ئەھۋالى قانداقراق؟

— يولداشلار سالامەت، بىز سېنى قەۋەتلا سېغىندۇق. ـ دېدى گۈزەلنۇر ۋە داۋام قىلدى. ـ ئۆتكەن ئۇششاق بالىلاردا يۇقۇملۇق قىزىل كېسەللىكى ئەدەپ كەتكەن ئىدى، 10 ـ 15 كۈندىن بۇيان يولداشلار توۋەنگە چۈشۈپ قىزىل ۋاكسىنىسى سالدى، ھازىر كېسەللىك بىر ئاز كېمىيىۋاتىدۇ.

— ئەھۋالدىن قارىغاندا، يولداشلار كوپ جاپا چېكىپتۇ، ـ دېدى سائادەت، ـ مەن بولغان بولسام، جاپانى تەڭ تارتقان بولاتتۇق ـ دە!

— سەممىي نىيىتىڭگە رەخمەت، سائادەت! ـ دېدى گۈزەلنۇر مەمنۇن بولغان ھالدا، ـ ئۇنىڭسىزمۇ ئۆتكەندە جاپانى ئاز تارتمىدىڭ ـ دە!

پاراڭ شۇ تەرىقىدە بىر پەس داۋاملاشقاندىن كېيىن، سائادەت گۈزەلنۇر بىلەن كېسەلخانىغا كىرىپ كېلىشتى. يېتىپ داۋالىنىۋاتقان كېسەللەر سائادەتنى كورۇش بىلەنلا گويا يوقىتىپ قويغان گوھىرىنى تېپىۋالغاندەك خۇ

شال بولۇشۇپ كەتتى.

— سائادەتقىز، تىچ - ئامان كەلدىمۇ؟ ئاـ
تا - ئانىلىرى تىچ - ئامان، ساق - سالامەت
تۇرۇپتىمۇ؟ - دىدى ياستۇققا يولۇنۇپ ئولتۇرـ
غان بىر كېسەل ئايال كۆلۈمسىرىگەن قىياـ
پەتتە.

— تىجلىق، ۋاقىت توشقىچە ھەربىرلىرىنى
كورگۇزۇم كېلىپ ئىككى كوزۇم تۆت بولدى، —
دىدى سائادەت خۇشخۇيلۇق بىلەن، — خېلى ياخـ
شىلىنىپ قېلىشلىمۇ؟

— كۈندىن - كۈنگە شىپالىق تېپىۋاتىمىز،
قىزىم، - دىدى چاچ - ساقاللىرى ھۆنجۈيلەپ
كەتكەن بىر كېسەل دىخان.

— پات ئارىدا سەللىمازا ساقىيىپ كېتىلا، —
دىدى سائادەت كېسەلگە ئۈمىتۋارلىق روھ بېـ
غىشلاپ ۋە دىخانىنىڭ ئۈستىگە يېپىلغان يوتقانـ
نى تۈزەشتۈرۈپ قويدى.

ئىرى - بىرى گەپلەردىن كېيىن، سائادەت
ياتىغىغا قايتىپ چىقتى ۋە رۇشەنگۈلنى ياتـ
قۇزۇپ بولۇپ، يىشىندى - دە، كارۋاتقا ئۆزىنى
تاشلاپ ياستۇققا باش قويدى. ئۇ يول جەرياـ
نىدا يەتكەن ھاردۇغىنى چىقىرىش ئۈچۈن خېـ
لى ئۆرۈنۈپ كورگەن بولسىمۇ، كوزىگە زادىلا
ئۇيقۇ كەلمىدى. چۈنكى، بەختىيار توغرىسىدىـ
كى ئەسلىمىلەر ئۇنىڭ يادىغا كېلىۋالغان ئىـ
دى. سائادەت ئورنىدىن تۇرۇپ ئەلبومنى ئاچتىـ
دە، بەختىيارنىڭ سۈرىتىگە قارىدى. شۇتاپتا
قامەتلىك، كەڭ پىشانىلىك، قاڭشا بۇرۇن، ئوتـ
كۇر كوزلۈك بەختىيار ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولـ
غاندەك، سائادەتنىڭ سېغىنىش ئوتىدا يالقۇنـ
جاۋاتقان يۈرىگى گۈپۈلدەپ ئۇرۇپ كەتتى. ئۇ،
رەسىمجازىسى ئارقىسىغا قىستۇرۇپ قويۇلغان
كونۋېرت ئىچىدىن بىر پارچە خەتنى ئېلىپ
"قەدىرلىك سائادەت!..." دەپ باشلانغان
يارقىن قۇرلارنى ئوقۇشي بىلەنلا، بۇنىڭدىن
بىر نەچچە يىل ئىلگىرىكى ئىشلار كوز ئالدىـ
غا كېلىشكە باشلىدى...

ئېۋۇل ئېيىنىڭ ئاخىرلىرى. بىر كۈلى ئەتـ
تىگەنلىك چايدىن كېيىن، تىببى ئىنىستىتوتىنىڭ
ھەرخىل گۈل ۋە مەجنۇنتاللار بىلەن تولغان
باغچىسىدا ئوغۇل - قىز ئىستودىنتلار كەلگۈسى
خىزمەت تەقسىماتلىرى توغرۇلۇق قىزغىن پاـ
راڭغا چۈشۈپ كەتكەن ئىدى. پاراڭغا مەغۇل
بولۇپ ئولتۇرغان سائادەت يېنىغا بەختىيارـ
نىڭ كېلىپ قالغىنىنى سەزمەيلا قالدى.

— سائادەت، سىز بۇ يەردە ئىكەنسىزغۇ! —
دىدى بەختىيار تەمكىن ھالدا.

سائادەت يانغا بۇرۇلۇپلا بەختىيارنى كوردى.

— ئورۇندۇقـقا كېلىڭ! - تەكلىپ قىلدى
سائادەت ئورنىدىن تۇرۇپ ۋە بەختىيارنىڭ چىـ
رايىدا بىر ئاز ئەنسىزلىك بارلىغىنى سىزىپ،
سورىدى، — سىزگە نىمە بولدى؟ بىر يېرىڭىز
ئاغرىمدۇ - يە؟

— ياق، بۈگۈن كېچە بىرئاز ئۇيقۇسىزلىق،
ئوڭشىلىپ كېتىدۇ، - دىدى بەختىيار چاندۇرـ
ماسلىققا تىرىشىپ، — سىزنى ئىزدەپ كەلگەن
ئىدىم، يۈرۈڭ، چەتتىرەك سوزلىشەيلى.

ئۇلار ساۋاقداشلىرىدىن ئون نەچچە قەدەم
يىراقلىشىپ، مەجنۇنتال تىگىدىكى ئورۇندۇققا
كېلىپ ئولتۇرۇشتى. سائادەت قويۇق قارا قاشـ
لىق بەختىيارنىڭ تەلەپچان كوزلىرىگە سوئال
نەزىرى بىلەن تىكىلدى.

— سائادەت، - دىدى بەختىيار بىرئاز
جىمجىتلىقتىن كېيىن، - تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن
گۇڭشەنجۈيدىن ئىككى ساقچى كېلىپ
مەن بىلەن سوزلىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ مۇئاـ
مىلىسى خېلىلا قوپال بولدى، ئەھۋالدىن قارىـ
غاندا بەزى چېقىمچىلار...

بەختىيار سوزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ساـ
ئادەتنىڭ بېشىدىن بىر چىلەك سوغۇق سۇ قۇـ

يۇلغانلەك بولدى ـ دە، كوز ئالدى قاراڭغۇ-
لىشىپ، لەپىسى سىقىلدى ۋە مۇڭ باسقان
كوزلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان ئىككى تامچە
غەزەپ يېشى ئىككى مەڭزىدىن سىرغىپ چۈشتى.
شۇ تاپتا مۇنداق بىر ئىش سائادەتنىڭ كوڭلى-
دىن چاقماق تېزلىگىدە كېچىپ ئوتتى:

بۇنىڭدىن ئىككى كون ئىلگىرى ئىنىستىتوت
يويىچە «ئوڭچىل ئەنزە ئاغدۇرۇش شامىلىغا
قايتۇرما زەربە بېرىش كۇرىشىنى ئاخىرغىچە
ئېلىپ بېرىش قەسەمىيات يىغىنى» بولۇپ ئوت-
تى. يىغىن مەزگىلىدە بەختىيار ئەتراپىدا ئول-
تۇرغان ساۋاقداشلىرىغا "مېنىڭچە، دىڭ شياۋ-
پىڭ ياخشى يولداش ئىدى. ئەپسۇسكى، ئۇ-
نىڭغا ئۇۋال قىلىنىۋاتىدۇ..." دىگەن سوزلەرنى
ئېيتقان ئىدى...

— بەختىيار، ـ دىدى سائادەت يۇقارقىلار-
نى بىر قۇر ئەسلىگەندىن كېيىن تەسەللى بې-
رىپ، — كوڭلىڭىزنى خاتىرجەم تۇتۇڭ. ھەق-
قەت ئىگىلىدۇ، سۇنمايدۇ.

— شۇنداق، ـ دىدى بەختىيار سالماقلىق
بىلەن، — بۇ ۋاقىتلىق ھادىسە، بارلىق سۇيىق-
قەستلەر چوقۇم ئەمەلگە ئاشمايدۇ...

ئۇلار قىزغىن پاراڭلىشىۋاتقاندا، مەكتەپ را-
دىئو ئۇزېلىنىڭ لاباسىدىن "جىددى يىغىن بار،
بارلىق ئوقۇتقۇچى ۋە ستودېنتلار دەرھال
زالغا يىغىلىڭلار!" دىگەن ئۇقتۇرۇش ئاڭلاندى.
شۇ چاغدىلا بەختىيار يانچۇغىدىن بىر دانە
كونۋېرتنى ئېلىپ سائادەتكە سۇندى ـ دە،
ئىككەيلەن بىرلىكتە زال تەرەپكە قاراپ يول
ئالدى.

زال ئىچى بىردەمدىلا ئوقۇتقۇچىلار، ئىستو-
دېنتلار بىلەن لىق تولدى. «نەق ئەكسىلئىنقى-
لاپچىلارغا چارە كورۇش يىغىنى» دىگەن لوزۇن-
كا سەھنىنىڭ ئالدىغا ئېسىلغان بولۇپ، زال-
نىڭ تاملىرىغا چاپلانغان شوئارلار كوزگە تاش-
لىنىپ تۇراتتى. سائادەت كوڭلى ئويگەن ھالدا
بەختىيارغا سەپ سالدى. قوشۇمىسى سەل تۇ-
رۇلگەن بەختىيارنىڭمۇ يۇزىدىكى ئەنسىز سېلىشقا
باشلىدى. ستودېنتلار "بۇگۇن كىمنى ئېلىپ
كېتەركىن" دىگەندەك بىر ـ بىرىگە قاراشماقتا
ئىدى، لېكىن ھېچكىم زۇۋان سۇرمەيتتى. ئانچە
ئوتمەي زالنىڭ ئالدىغا بىر جىپ ماشىنا كې-
لىپ توختىدى ـ دە، ئىچىدىن ئۇچ نەپەر ساقچى
چىقىپ، زالغا كىردى. ئۇلارنىڭ ئىككىسى تۇنۇ-
گۇن بەختىياردىن "تىل خەت" ئېلىپ كەتكەن-
لەر ئىدى. بەختىيار ئۇلارنى كورۇپ، كوڭلىدە
"مېنى قولغا ئالغىلى كەپتۇ" دەپ ئويلىسىمۇ،
لېكىن گويا ھىچ ئىشتىن خەۋىرى يوق كىشى-
دەك پەرۋاسىزلا سائادەتكە قارىدى. بۇچاغدا
سائادەتنىڭ گۇلدەك چىرايى سارغىيىپ كەتكەن
ئىدى. ئىگىز ـ پەس تىۋۋلانغان قورقۇنۇچلۇق
شوئارلار پەسلەپ، زال ئىچىنى ۋە ھەممىلىك
سۇرباستى. سوت مەھكىمىسىنىڭ بەختىيارنى
قولغا ئېلىش ھەققىدىكى تەستىق ئۇقتۇرۇشى
ئوقۇپ ئوتۇلگەندىن كېيىن، بىر ساقچى ئوقۇ-
غۇچىلار توپى ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ، قوپاللىق
بىلەن:

— نەق ئەكسىلئىنقىلاپچى ئۇنسۇر بەختىيار
سەھنە ئالدىغا چىق! — دەپ قاتتىق تۇۋ-
لىدى.

ۋۇجۇدىنى باتۇرلۇق، قەيسەرلىكنىڭ ئوچ-
مەس يالقۇنلىرى قاپلىۋالغان بەختىيار دەس
ئورنىدىن تۇردى ـ دە، سالماق قەدەم بىلەن
ساقچىلارنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە قولىغا كويزا
سېلىنىپ، زالدىن ئېلىپچىقىپ كېتىلگەنگە قەدەر
ئوتكۇر كوزلىرىنى ساۋاقداشلىرىدىن ئۇزمىدى.
پۇتۇن دىققىتى بىلەن بەختىيارغا تىكىلىپ ئول-
تۇرغان سائادەت مۇشۇ تاپتا قەدىرلىك دوستى-
نىڭ ئوزىگە بىر قارىشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن
كۇتمەكتە. مانا بەختىيار ئۇنىڭغا قارىدى،

قانداقتۇ بىر ئۇچقۇن كېلىپ سائادەتنىڭ يۈرىگىنى "پىژ" قىلىپ كۆيدۈرگەندەك بولدى. ئۇ، بەختىيار ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەندىن كېيىنلا ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى توستى.

ئىستودىبىنتلار زالدىن چىققىچە "بۇ نىمە ئىش؟ بەختىيارغا نىمە بولدى؟ ئۇ بىزنىڭ سەممى، ياخشى ساۋاقدىشىمىز ئىدىغۇ!" دېيىشىپ ياتاقلىرىغا تارقىلىشتى.

بەختىيارنىڭ بۇنداق ئۇشتۇمتۇت قولغا ئېلىنىپ كېتىشى سائادەت ئۈچۈن بەكمۇ ئەلەم بولدى. ئۇ زالدىن يالغۇز چىقىپ، تېخى ئون نەچچە مىنۇت ئىلگىرى بەختىيار بىلەن پاراڭلاشقان ھېلىقى مەجنۇنتال تۈۋىگە كەلدى - دە، يانچۇقىدىن بەختىيار قالدۇرۇپ كەتكەن خەتنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى:

"قەدىرلىك سائادەت!

مەن بۇ خەتنى بېشىمغا كېلىۋاتقان مۇدھىش كۈنلەرنى ئويلاپ، سىزگە ئۆزۈمدىن بۇيان ئېيتالمىغان يۈرەك سىرلىرىمنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن يېزىۋاتىمەن. كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتسام، مەن سىزنى تولىمۇ ياخشى كۆرىمەن. بۇ ياخشى كۆرۈش — ئىككىمىز ئىنىستىتوتتا ئۆتكۈزگەن بىر نەچچە يىللىق قايناق ھايات داۋامىدا كۆڭلۈمدىن ئورۇن ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ يىلتىزى بەكمۇ چوڭقۇر. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، سىزنىڭ ئۆگىنىشتىكى تىرىشچانلىقىڭىز، ھەر بىر ئىشتىكى جۈرئىتىڭىز، ساۋاقداشلارغا قىلغان سەممى ياردەم ۋە قىزغىن مۇئامىلىڭىز... قىسقىسى، ۋۇجۇدىڭىزغا مۇجەسسەملەنگەن بارلىق ئېسىل ئەخلاقى پەزىلەتلەر قەلبىمدە ئۆچمەس ئىز قالدۇرۇپ، سىزگە بولغان پاك سۆيگۈ - مۇھەببىتىمنىڭ ئوتىنى تېخىمۇ يالغۇنجاتتى... تىل - دىلىمنىڭ ئەلچىسى. بىراق، مەن تىلغا ناقىلىقىمدىن بۇ ئاددى خېتىم ئارقىلىق يۈرەك سۆزلىرىمنى سىزگە تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمىگىنىمگە تولىمۇ ئەپسۇسلىنىمەن...

قەدىرلىك سائادەت! سىزنىڭمۇ مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ۋەتىنىمىزنىڭ ئەڭ ئېھتىياجلىق، يىراق يېزا - قىشلاقلىرىغا بېرىپ، خەلق ئۈچۈن جان - دىل بىلەن خىزمەت قىلىشنى، ھايات قامۇسىدىن يېڭى بەت ئېچىپ، سىز بىلەن ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە بىرگە ئۆتۈشنى ئارزۇ قىلاتتىم. ئەپسۇسكى، ھايات شامالىرى ئىككىمىزنى ۋاقىتلىق ئايرىپ تاشلىدى! ئىشىنىمەنكى، سىز بۇ جۇدالىققا چوقۇم بەرداشلىق بېرەلەيسىز، چۈنكى سىز ئىرادىلىك، تۇراقسىز، ئەكە - ناينىق قىزلاردىن ئەمەس - دە! سىز يېڭى خىزمەت ئورنىغا مېڭىش ئالدىدا تۇرىسىز. يېقىن كەلگۈسىدە پارتىيىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ بىزدىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ئادا قىلىشىڭىز، كېسەللەرنىڭ ئاھ - زارىغا يېتىپ، ئۇلارنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ ئېلىشىڭىز كېرەك. بۇ — مېنىڭ سىزدىن كۈتىدىغان سەممى ئۈمىدىم.

خەير ... كۆرۈشكىچە ئامان بولۇڭ!

سىزنى كۈتكۈچى بەختىيار"

"ئىخ، بەختىيار! - دەپ پىچىرلىدى سائادەت ھەسرىتىنى ئىچىگە يۇتقان ھالدا، — سەندىن ئايرىلىش مەن ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئېغىر، سەن مېنى قانداق ياخشى كۆرگەن بولساڭ، مەنمۇ سېنى شۇنداق، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرەتتىم. سەن بىلەن ئۆمۈرۋايەت بىرگە ھايات كەچۈرۈشنى ئارزۇ قىلاتتىم. ئەگەر سەن بۇ يۈرەك سۆزلىرىمنى ئۆز تىلىڭ بىلەن ئاڭلىيالىغان بولساڭ ئىدىڭ، مەن ئۆزەمنى قانچە خۇشال ۋە بەختلىك ھېس قىلغان بولاتتىم - ھە! قارا بۇلۇتلار تارقاپ ۋىسال سەھەرى يېتىپ كەلگەندە قەدىر سېنى

كۆتىمەن! سېنى كۆتىمەن!...»

سائادەت ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى تۇتۇپ، ئاۋازىنى سىرتقا چىقارماي قاتتىق ئۆكسۈپ يىغلىدى - دە، بىر ئازدىن كېيىن ئۆزىنى بېسىۋېلىپ مەجنۇنتال تىگىدىن قوزغالدى ...

سائادەتخەتنى ئوقۇپ بولۇپ ياستۇققا باش قويدى ۋە بەختىيارنىڭ ئەتە ياكى ئۆگۈندىن قالماي چوقۇم دوختۇرخانىغا يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆڭلى ئىمىن تاپقاندەك بولدى - دە، شىرىن خىياللارغا چۆكتى. چاقماق كىرپىكلىرى ئاستا - ئاستا جۈپلەشتى.

3

"يولۋاس ئىزىدىن يانماس، يىگىت سۆزىدىن" دېگەندەك، بەختىيار ئۆزىنىڭ ئاخىرقى قارارى بويىچە يول تۇتۇپ، ش. ناھىيىسىنىڭ «گۈلئاۋات» گۈڭشېي دوختۇرخانىسىغا ئورۇنلاشتى. بۇ مۇلايىم، كېلىشكەن يىگىت دوختۇرلار بىلەن ئاسانلا چىقىشىپ كەتتى.

"بەختىيار! - دەيتتى ئۇ، ئۆزىگە ئۆزى خىتاپ قىلىپ، — ھايات شاماللىرى سېنى بۇ يەرگە ئۇچۇرۇپ كەلدى. سەن ئەمدى يېڭى ھاياتقا قەدەم قويدۇڭ. بەختىڭنى خەلق ئۈچۈن جان - دىل بىلەن خىزمەت قىلىپ نۇرلاندۇر! سەن خۇسۇسى مۇھەببەت كۆڭۈلسىزلىگىدىن داغلانغان قەلبىڭنى خەلققە ۋە خىزمەتكە بولغان پاك مۇھەببەتنىڭ زىلال سۈيى بىلەن يۇيىۋەت! ...»

ھەش - پەش دېگىچە ئارىدىن 4 ئاي ئۆتۈپ كەتتى. بەختىيار ھەر كۈنى دېگىدەك بۇرۇن ئىشقا چىقىپ دادۇيلەردىن كېسەل كۆرسەتكۈچىلەر كەلگىچە گېزىت كۆرۈپ مەملىكەت خەۋەرلىرى ۋە خەلقارا ئىلمىي مەسىلىلەردىن خەۋەردار بولاتتى؛ بەزىدە تىببىي كىتابلارنى ئوقۇپ كەم بىلىملىرىنى تولۇقلايتتى؛ داۋالانغۇچىلار كېلىش بىلەن تەڭ ئۇلارنى بىر - بىرلەپ ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، كۆڭۈل قويۇپ داۋالايتتى. بەختىيارنىڭ خىزمەتتىكى ئاكتىپلىقى، ئۆگىنىشتىكى تىرىشچانلىقى، كېسەللەرگە تۇتقان قىزغىن ۋە سەمىمىي مۇئامىلىسىدىن تەشكىل ۋە يولداشلار مەمنۇن بولاچاقتا ئىدى.

بىر كۈنى ئەتىگەن بەختىيار ئەمدىلا ئىشقا چۈشۈپ تۇرۇشىغا پوچتالىيون گېزىت ئەكىرىپ بەردى. بەختىيار يېڭى گېزىتتىن بىرنى قولىغا ئېلىپ ۋاراقلىغان ئىدى. ئۇنىڭ كۆزى 3 - بەتنىڭ باش ئىستونىدىكى «يېزا خەلقىنىڭ كويزىمچان دوختۇرى» سەرلەۋھىلىك تۇڭشۈن ئارىسىغا قىستۇرۇپ بېسىلغان بىر پارچە سۈرەتكە چۈشتى. شۇ تاپتا، بەختىيارنىڭ يۈرىكى بىردىنلا دۈپۈلدەپ، يۈزى ۋىللىدە قىزىرىپ كەتكەندەك بولدى. بەختىيار سۈرەتكە يېنىشلاپ قاراپ، ئىللىق كۈلۈمسىرەپ تۇرغان سائادەت ئىكەنلىكىنى ئېنىق تونۇدى - دە، ئىختىيارسىز ھالدا تۇڭشۈننى ئوقۇشقا باشلىدى ...

" سائادەت 1975 - يىلى تىببىي ئىنىستىتۇتنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، ق. ناھىيىسىنىڭ «چىمەن» گۈڭشېي دوختۇرخانىسىغا خىزمەتكە كەلدى. بۇ گۈڭشېدا دېخانلار تارقاق ئولتۇراقلاشقانلىقتىن، كېسەل بولۇپ قالسا، دوختۇرخانىغا كېلىپ داۋالىنىشتا قىيىنلاتتى. بۇنى چۈشەنگەن سائادەت دەسلەپكى يىلى قىش - ياز سومكىسىنى كۆتۈرۈپ يېزىمۇ - يېزا ئايلىنىپ، دېخانلارنىڭ كېسەللىنى كۆڭۈل قويۇپ داۋالىدى. ھەتتا دەم ئېلىش، ھېيت بايرام كۈنلىرىدىمۇ دېخانلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ كېسەل داۋالاش بىلەن ئۆتتى. «چىمەن» گۈڭشېسى ناھىيە مەركىزىدىن 90 نەچچە

چە كىلومېتىر يىراق بولۇپ، جىددى ۋە ئېغىر كېسەللەرنى ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا يۆتكەپ داۋالىتىشتا خېلى كۆپ قىيىنچىلىق بولاتتى. سائادەت بۇ خىل كېسەللەرنى ئۆز گۆكشىسىدا داۋالاپ، دىخانلارنى ئۆلۈم ۋە ئاغرىق ئازاۋىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا بىر يىل بىلىم ئاشۇرۇپ كېلىپ، ئۆز دوختۇرخانىسىنىڭ داۋالاش شارائىتىنى ياخشىلىدى. قىيىن تۇغۇت، جىددى ئوپېراتسىيەلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلەپ، ئېغىر كېسەللەرنى داۋالاپ ساقايتىپ، دىخانلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولدى··· »

بەختىيار سائادەتنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى ئوقۇغانسىرى ھاياجانلانماقتا ئىدى، بۇ ھاياجان ئۇنىڭ سائادەتكە بولغان ھىسداشلىقىنىڭ يۈرەك قاتلاملىرىدا جۇش ئۇرۇۋاتقان نازۇك دولقۇنلىرى ئىدى.···

« سائادەت تولىمۇ مېھرىۋان قىز، ـ دەپ باشلانغان ئىدى توگشۈننىڭ ئاخىرقى ئابزاسى، ـ بۇنىدىن 3 يىل ئىلگىرى بۇلاق دادۇيىنىڭ 3 ـ ئىشلەپچىقىرىش دۇيىدىكى ئايشەمخاننىڭ ئېرى ئاشقازان راكى كېسەللىكى بىلەن ئۆلۈپ كېتىپ، ئايشەمخان قوساقتىكى 6 ئايلىق بالىسى بىلەن تۇل قالىدۇ، ئۇنىڭ ئاي ـ كۈنى توشقاندا سائادەت ساق ـ سالامەت تۇغدۇرىدۇ ۋە ئانا بىلەن بوۋاققا ياخشى قارايدۇ، ئۆز پۇلىغا سۈت، قەن ـ شېكەر ئېلىپ ياردەم قىلىدۇ··· كىم بىلسۇن، بىر كۈنى كەچتە ئايشەمخان بازاردىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا، يول ئۈستىدە تۇيۇقسىز ماشىنا بېسىۋېلىپ بەختكە قارشى قازا تاپىدۇ. ئايشەمخان ۋە ئۇنىڭ ئېرى ئەسلىدە بۇ يېزىدىكى بىردىن ـ بىر يېتىم ئەرخوتۇنلار ئىدى. « يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە، بېشى تاشقا تېگىپتۇ » دېگەندەك، ئۇلار ھەرخىل سەۋەپلەر بىلەن ئالەمدىن ئۆتۈشتى. سائادەت ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ بەختسىزلىكلەرگە چەكسىز قايغۇرىدۇ ـ دە، ئايشەمخاننىڭ يېتىم قىزى رۇشەنگۈلنى ئۆز تەربىيىسىگە ئېلىپ باقىدۇ···»

بەختىيار توگشۈننى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، بىر پارچە ئوت ئۇنىڭ تاپىنىدىن كىرىپ مېڭىسىدىن چىقىپ كەتكەندەك بولدى ـ دە، ئويلىغانسىرى پۇشايمانىنى ئالغىلى قاچا تاپالماي قالدى. « قەدىرلىك سائادەت، ـ دېدى بەختىيار سۈرەتكە قاراپ، ـ مەن ئىلگىرى ساڭا قايسى بىر ئەدىپنىڭ: قىز ـ يىگىتلەرنىڭ دوستلۇق مۇناسىۋىتى ھايات سىناقلىرىدىن ئۆگىلمەي ئۆتۈپ، ھەرخىل تەتۈر شاماللارغا بەرداشلىق بېرەلمىسە، ئۇمەڭگۈ سۇلماس مۇھەببەت گۈلشەنىگە ئايلىنىشى مۇمكىن، ئۇ ھالدا، روھى زەئىپلىك، جىسمانى كېسەللىك، تەبىئى كەمبەغەللىك ياكى ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن جىددى ۋەقەلەرمۇ كىشىنىڭ ئىرادىسىنى سۇسلاشتۇرۇپ، ئىشەنچىسىنى بۇزۇۋېتەلمەيدۇ، دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىنى ئەسلىتىپ، سەن بىلەن ھەربىر قىيىنچىلىقنى، ھەربىر مۇھتاجلىقنى ئورتاقلىششقا، ھەربىر بەختسىزلىكنى بىللە كەچۈرۈشكە تەييار ئىكەنلىكىمنى ئىزھار قىلغان ئىدىم. ئەپسۇسكى، رۇشەنگۈلنى كورگەندىن كېيىن سېنى تۇرمۇشقا چىقىپتۇ دەپ ئويلاپ، يولنى خاتا مېڭىپ قويدۇم. ئىش ئىزلىرىڭ بېسىلغان گېزىتنى ئوقۇپ، كۆڭلۈمدىكى غەشلىك تۇمانلىرى تارقاپ كەتتى··· بىراق، سەن ھازىرغىچە روھى ئازاپ چېكىۋاتىدىغانسەن ياكى ئىشىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي تۈنلەرنى بىدار ئۆتكۈزۈۋاتىدىغانسەن ـ ھە؟ سائادەت، مەن ئالدىڭدا كەچۈرگىسىز گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويدۇم، سەن ئۇنى كەچۈرەمسەن ـ يوق ؟! نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەن سېنىڭ قېشىڭغا بېرىپ چىن قەلبىمدىن ئەپۇ سورايمەن. قەدىرلىكىم سائادەت، مېنى كەچۈر! مېنى كەچۈر!···»

# ئىبرەت

(ھېكايە)

تۇرسۇن نىياز

بۈگۈنكى باھالاش يىغىنىدىن تولىمۇ خوشال ئىدىم، لېكىن ئۆزەمدىكى بۇ خىل ھېسسىياتنى باشقىلار ئالدىدا چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، مېنى ئارقا - ئارقىدىن «ئىلغار ئوقۇتقۇچى» نامزاتى قىلىپ كۆرسىتىۋاتقان خىزمەتداشلىرىم ئالدىدا سالماق ۋە خاتىرجەم ئولتۇرۇشۇم كېرەك ئىدى. مەن ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق قىلدىم: يىغىننىڭ دەسلىۋىدە ئۆزۈم ئۈستىدىكى ھەر خىل ماختاش سادالىرىغا پەسەن قىلمىغان ھالدا ئولتۇردۇم - دە، چوڭقۇر چوكۇرۇپ كېيىۋالغان شەپكەمنى تۈزەشتۈرۈپ قويۇپلا ئاخىرقى نەتىجىنى كۈتۈشكە باشلىدىم. بىراق يىغىن ئۇزۇنغا سوزۇلغانسېرى ئىيۇل ئېيىنىڭ ئىنجىق ئىسسىغىدىنمۇ ياكى قويۇق تاماكۇ ئىسى بىلەن قاپلانغان ئىشخانا ئىچىدىكى 40 تىن ئارتۇق ئەر - ئايال ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ماڭىلا كۆز تىكىپ تۇرغىنى ئۈچۈنمۇ، خېلىلا جىددىيلىشىپ قالدىم. ئاخىرى نائىلاج ماتادەك ئېغىر بىلىنىشكە كەتكەن كۆينىكىمنى يېنىك تارتىپ قويۇپ، ئاستاغىنە بېشىمنى كۆتەردىم. مېنىڭ قارشى تەرىپىمدە ئولتۇرغان ۋە يىغىن جەريانىدا باشتىن ئاياق مېنى «ئىلغار ئوقۇتقۇچى» قىلىپ باھالاشتا چىڭ تۇرۇپ كېلىۋاتقان بىر نەچچە خىزمەتدىشىم: «قانداق، بىز دېمىدۇقمۇ؟ سېنىڭ بۇ قېتىم «ئىلغار ئوقۇتقۇچى» بولۇپ باھالىنىشىڭ بۇرۇنلا مۇقىملىشىپ قالغان - دە!» دېگەندەك بىر خىل مەنىلىك كەيپىيات بىلەن ماڭا قاراپ كۆز قىسىپ قويدى. مەنمۇ ئۆز-ئۆزۈمگە قەتئىي ئىشەنگەن ۋە نەتىجىلىرىمدىن پەخىرلەنگەن ھالدا: «مانا، - دېدىم ئۆز ئىچىمدە ئويلۇنۇپ، - نامزاتلار ئىسمىلىكىدىكى ماڭا تەۋە سان ئۆزلۈكسىز ئاشماقتا، يەنە ئازراقلا ئاۋاز قوشۇلسا، نەتىجەم مۇقىملىشىدۇ - دە، مەكتەپ بويىچە بىردىن - بىر «ئىلغار ئوقۇتقۇچى» دېگەن شەرەپكە ۋە ھەر خىل ماددى مۇكاپاتقىمۇ ئىگە بولىمەن، يەنە تېخى شەھەرلىك، ۋىلايەتلىك ئىلغار مائارىپچىلار يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ تەجرىبە تونۇشتۇرۇشۇممۇ مۇمكىن. مەيلى، نېمىلا بولسۇن، ئەخمۇتنىڭ قانداق بىر ئوقۇتقۇچى ئىكەنلىكىنى باشقىلارمۇ بىر كۆرۈپ قويسۇن...»

—مەن بۇ قېتىم يولداش ماخمۇتنى ئەمەس، بەلكى يولداش خالىدەمنى «ئىلغار ئوقۇتقۇچى» قىلىپ تاللىساق، دېگەن كۆز قاراشتا. يولداش-

لار ئەتراپلىغراق ئويلىشىپ كورسە قانداق؟

ھېچ كۈتمىگەندە ئۈشتۈمتۇت قۇلۇغىمغا ئىشىتىلگەن بۇ غەلىتە ئاۋاز بىردىنلا خىيال يىپىلىرىمنى ئۈزۈپ تاشلىدى. نوۋەتتە ئىسمى كوستىلگەن بۇ ئوقۇتقۇچى مەن بىلەن بىر پاراللىل 1 - يىللىق 2 - سىنىپىنىڭ تەربىيەچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ يىلقى ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئۆزلەشتۈرۈش نىسبىتى مەندىن 5 پىرسەنت ئەتراپىدا تۆۋەن ئىدى، مەن شۇڭا: "ھازىر ئاساسىي گەپ - كىمنىڭ نەتىجىسىنىڭ يۇقىرى تۆۋەنلىكىدە تۇرسا، ئۇ قانداقمۇ نەمۇنىچى بولالىسۇن؟ قازاننىڭ گۇۋاچىسى چومۇچ ئەمەسمۇ؟» دېگەن ئويغا كەلدىم-دە، پىكىر بىلدۈرۈۋاتقان ئوقۇتقۇچىغا ئىچىمدە نارازى بولسامۇ، لېكىن يەنىلا چاندۇرماي بىسىپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم.

— خالىدەمنىڭ بۇ يىلقى دەرس ئۆزلەشتۈرۈش ئەھۋالى، - دېدى ئۇ ئۆز سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — گەرچە مەخمۇتتىن بىرقانچە پىرسەن تۆۋەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەخمۇتتىن قېلىشمايدىغان ئارتۇقچىلىقى ۋە ھەممىمىزگە ئۈلگە بولارلىق ياخشى تەرەپىمۇ بار، ئۇ بۇ يىل يېڭى قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتە جاپالىق ئەجرى سىڭدۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئۆز بالىسىدەك مېھرىبان، ئاتا-ئانىلارغا ئۆز ئاتا - ئانىسىدەك كويۇمچان بولدى. مەن مۇشۇلارنى نەزەردە تۇتۇپ خالىدەمنى " ئىلغار ئوقۇتقۇچى » قىلىپ تاللىساق دەيمەن.

— مەنمۇ ئەكرەمنىڭ پىكرىگە قوشۇلىمەن، - دېدى ئىككىنچى بىر ئوقۇتقۇچىمۇ ئۇنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلەپ ۋە يانچۇقىدىن قانداقتۇ بىر پارچە خەتنى چىقىرىپ مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن كوپچىلىك ئىچىدە قىزغىن تالاش - تارتىش باشلىنىپ كەتتى.

بەزىلەر يەنىلا مېنى باھالاشتا چىڭ تۇرسا، يەنە بەزىلەر يولداش خالىدەمنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى ئۈستىدە سۆزلەيتتى. يىغىن شۇ تەخلىتتە بىر سائەتتىن كوپرەك داۋاملاشقاندىن كېيىن، مەكتەپ مۇدىرىمىز ئەرسلان ئاكا ئۆزىگە خاس تەمكىن ۋە سالماق قىياپەت بىلەن سۆز ئالدى-دە، يىغىننىڭ كېتىۋېتىش ئەھۋالىغا قارىتا ئۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن:

— بۈگۈن ئاتا - ئانىلاردىن مۇشۇ باھالاش يىغىنىمىزغا مۇناسىۋەتلىك بىر پارچە خەت كەپتۇ، يولداشلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن بىر نوۋەت ئوقۇپ كورسەك قانداق ؟ - دەپ سوراپ قالدى.

بىز دەرھال ئۆز ئارا قىلىشىۋاتقان گەپ-سۆزلىرىمىزنى توختۇتۇپ بىردەك مەكتەپ مۇدىرىنىڭ قولىدىكى خەتكە تىكىلدۇق. خەت مۇنداق يېزىلغان ئىدى:

"مەكتەپ رەھبەرلىگى ۋە سۆيۈملۈك ئوقۇتقۇچى-ئۇستازلارغا!

بىز سىلەرنىڭ ئۆتكەن بىر يىللىق ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرىدىكى نەتىجەڭلەرنى يەكۈنلەپ، يېڭى بىر يىلغا قەدەم قويغان ھەمدە بۇ ئىشتا كورۈنەرلىك توھپە ياراتقان ئىلغارلارنى سېلىشتۇرۇپ باھالاۋاتقان چېغىڭلاردا، ئۆزىنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ۋە ساپ يۈرەك قېنى بىلەن ياش ئەۋلاتلىرىمىزنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىۋاتقان يولداش خالىدەمدەك مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلارغا سەممىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز ۋە چىن قەلبىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز. مەكتىۋىڭلاردىكى يولداش خالىدەم ئۆتكەن بىر يىللىق ئوقۇتۇش خىزمىتى جەريانىدا، ئايرىم ئۇستازلار "ئۆگىنىشتە تۆۋەن، لاياقەتسىز» دەپ قاراپ ئۆز سىنىپىدىن شاللاپ چىقىرىۋەتكەن جان-جىگەر پەرزەنتلىرىمىزنى ھەر جەھەتتىن كوڭۈل قويۇپ تەربىيىلەپ بىزنى ئىنتايىن خوشال قىلدى. ئۇ

ھەقىقەتەن بىر شەرەپلىك خەلق ئوقۇتقۇچىسى
بولۇشقا مۇناسىپ. يىللىق سىلىشتۇرۇپ باھا-
لاشتا ئۇنىڭ بۇ نەتىجىلىرىنىڭ ئالاھىدە تىلغا
ئېلىنىشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

ھورمەت بىلەن × × زاۋۇتتىكى مامۇتجان،
قاسىم ئىلى، ياسىن سىدىقلار

مەن خەتنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلا - ئاڭلىمايلا
بۇ خەتنىڭ دەل ئوتكەن يىلى 10 - ئايدا مەن:
" يېشى كىچىك، دەرسكە يېتىشەلمىدى،
ئىنتىزامى ياخشى ئەمەس» دېگەندەك ھەر خىل
بانايى سەۋەپ بىلەن ئوز سىنىپىمدىن شاللاپ
چىقىرىۋەتكەن 5 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ ئاتا-ئانىسى-
دىن كەلگەنلىكىنى بىلدىم-دە، خۇددى بېشىم-
دىن بىر قاپاق سۇ قۇيىۋەتكەندەك تەنلىرىم جۇغ-
غىدە بولۇپ، 5 مىنۇت بۇرۇنقى خوشاللىقىمدىن
قىلچىمۇ ئەسەر قالمىغان ئىدى . ھەممەيلەن
ماڭا قاراۋاتقاندەك يۈزلىرىم پوكاندەك
قىزىرىپ ئولتۇرغان ئورنۇمدا قېتىپلا قالدىم .
شۇ ئەسنادا ئەتراپىمدا ئولتۇرغان باشقا ئوقۇت-
قۇچىلارمۇ ئاستا - ئاستا جانلىنىپ بىلىنەر -
بىلىنمەس ھالدا ئوز ئارا پىچىرلىشىشقا باشلى-
دى. ئۇلارنىڭ بەزىسى "ھە، مەخمۇتنىڭ بىگە-
سى مۇنداقكەندە " دېيىشسە، يەنە بەزىسى
" يۈكنىڭ ئېغىرىنى باشقىلارغا ئىتتىرىپ قو-
يۇپ، يېنىكىنى تاللاپ كوتۈرۈشمۇ بىگىسا بو-
لامدىكەن ؟ " دېيىشەتتى . تېخى 5 مىنۇت بۇ-
رۇن سىنىپىمدىكى ئەلاچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سان
نىسبىتىنىڭ خالىمەمدىن بىر. قەدەر يۇقۇرى ئې-
كەنلىكىگە قاراپلا مېنى ئىلغار ئوقۇتقۇچى قى -
لىپ باھالاشتا چىڭ تۇرغان ئايرىم ئوقۇتقۇچى-
لارمۇ ئاستا - ئاستا ئوز پىكرىدىن يېنىپ، خا-
لىدەمنىڭ سەمىمى، تىرىشچان خىزمەت پوزىتى -
سىيىسى، ئاددى. ئەستايىدىل ئوقۇتۇش ئۇسۇ -
لىنى بىر - بىرلەپ ماختاشماقتا ئىدى.

" ھەي، بۇ ئىشنى قارا، - دېدىممەن ئوز -
ئوزەمگە، - باللارغا ئەستايىدىل بىلىم بەر -
مەسلىكىمدىكى بۇ خىل ئېغىر ئاقىۋەت ئەمدى
مېنى نىمە قىلىدى ؟» .

مەن يىل بېشىدا يۈز بەرگەن
بىر قاتار ئىشلارنى يىگىۋاشتىن ئەسكە ئالدىم:
ئوتكەن يىلى يېڭى ئوقۇش ماۋسۇمىدا مەكتەپ
رەھبەرلىكى تەقسىمات بويىچە مېنى يې-
ڭىدىن قوبۇل قىلىنغان 1 - يىللىق 1 - سىنىپ-
نىڭ سىنىپمۇدىرلىقىغا بەلگىلىدى. مەن ھەش-
پەش دېگىچە مەكتەپ يېشىغا يەتكەن 45 ئو -
قۇغۇچىنى ئوز سىنىپىمغا قوبۇل قىلدىم - دە،
ئۇزۇن ئوتمەيلا دەرس باشلىۋەتتىم. كوپ قې -
تىم چېكىپ تاللاشلاردىن كېيىن قوبۇل قىلىنى -
غان بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇتلەق كوپ قىسمى مەك-
تەۋدىمىزگە يېقىن زاۋۇت-كارخانىلاردىكى ئىش -
چى - خىزمەتچىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى بولۇپ ،
ئائىلىدىكى تەربىيە باشتىلا چىڭ تۇتۇلغانلىقى -
تىن، تېزلا مەكتەپكە ئۈگۈنۈپ، ئوتۇلگەن دەرس-
لەرنى ۋاقتى - ۋاقتىدا ئوزلەشتۇرۇپ ماڭدى .
بىراق ئارىدىن بىر ئاي ئوتكەندە، بۇنىڭ ئى-
چىدىكى ئايرىم ئوقۇغۇچىلاردا ھەرپلەرنى چە -
رايلىق ، توغرا يازالمايدىغان ۋە سان سىپىر -
لارنى ئېنىق تونۇيالمايدىغان يېڭى مەسىلە ك-
لىپ چىقتى. بۇنىڭ بىلەن تەكشى كېتىۋاتقان
سىنىپىمنىڭ دەرس ئوزلەشتۇرۇش نىسبىتىگەمە-
لۇم دەرىجىدە تەسىر يەتتى، قانداق قىلىش كې-
رەك؟ مەن مۇنداق ئويلىدۇم: " يىل ئاخىرى -
دىكى نەتىجەمنىڭ قانداق بولۇشى - جەزمەن
ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا باغلىق،
بۇنىڭ ئىچىدىكى دەرس بىلمەيدىغان ئوقۇغۇ -
چىلار گەرچە ئاز سانلىق بولغاندىمۇ يەنىلا ئو-
مۇمى نەتىجىگە تەسىر كورسىتىدۇ ، ئۇنىڭ-
دىن كورە بىر نەچچىنى مۇشۇ ماۋسۇم ئىچىدىلا
بىر تەرەپ قىلىۋەتكىنىم تۈزۈك " مەن مۇشۇ خى-
يال بىلەن سىنىپىمدىكى دەرستە ناچار دەپ
قاراپ كەلگەن 5 نەپەر ئوقۇغۇچىنى بىرىنچى

قەدەمدە تىزرەك " كوزدىن يوقىتىش " قارارى‍ـ
غا كەلدىم ۋە شۇ كۈندىن باشلاپ مەكتەپ رەھـ
بەرلىكىگە " بالا كىچىك، تېخى مەكتەپ يېشىـ
غا توشمىغان، دەرستە قىينالدى " دەپ ئۆزمەي
دوكلات قىلىسام،يەنە بىر تەرەپتىن ئاتا ـ ئا ـ
نىلىرىغا ئۇلارنىڭ تۈزەلمەس شوخلۇقلىرى ئۈسـ
تىدە شىكايەت قىلىپ: " دەرستە ناچار، ئىنتىـ
زامدا چۈۋالچاق، كىلەر يىلى ئوقۇسۇن " دەپ
قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئۇلارنى ئىلاجى بار ئۆز
پىكرىمگە كوندۇرۇشكە مەجبۇر قىلدىم. نەتىجىـ
دە 3 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى
مىنىڭ قايتا ـ قايتا " تەربىيە " قىلىشىم
ئارقىسىدا كوزى قىيمىغان هالدا بالىلىرىنى
مەكتەپتىن ئېلىپ كەتتى، لېكىن قالغان ئىككى
نەپىرى بولسا زادىلا مەكتەپتىن چىكىندۇرۇۋ ـ
تىشكە ئۇنىماي: "مۇئەللىم،بۇ يىل بالىمىز ئىلا ـ
جىبار مەكتەپتىن قالمىسۇن، دەرستە خام بولـ
ـسا ئۆزىمىز ياردەم بېرەيلى" دەپ چىڭ تۇرۇ ـ
ۋالدى. مەن ئۇلارنىڭ بۇ خىل يوللۇق پىكىر ـ
تەلىۋى ئالدىدا نائىلاج ماقۇل بولغان بولسام ـ
مۇ لېكىن، يىل ئاخىرىدىكى شان ـ شەرەپ ئىسـ
تىگى يەنىلا مېنى باشقا يول تۇتۇشقا مەجبۇر
قىلدى. بۇ ئىككى نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ بىرى
دىلنۇر ئىسىملىك قىزچاق بولۇپ، ئەدەپ ـ
ئەخلاق،ئىنتىزامدا تولىمۇ ياخشى ئىدى، لېكىن
هەرىپلەرنى ئۆز جايىدا يازالمىغانلىقتىن دائىم
ئۇنى كورسەم ئىچىم تىت ـ تىت بولاتتى. بىر
كۈنى ئۇ دەرس ۋاقتىدا قېشىدىكى بىر ساۋاقـ
دىشىنىڭ پارتا ئاستىغا چۈشۈپ كەتكەن قېرىنـ
دىشىنى ئەمدىلا ئېلىپ تۇرۇشىغا يېنىدىكى
ساۋاقدىشى: "قېرىندىشىمنى ئىلىۋالدىڭ، ئوغ ـ
رى!" دەپ جېنىنىڭ بېرىچە ئالا ـ چۇقان كو ـ
تىرىپ سىنىپ ئىچىنى بېشىغا كەيدى. مەن
گەرچە شۇ مەيداندا ئىشنىڭ تېگى ـ تەھتىنى
كورۇپ تورغان بولسامىمۇ، لىكىن دىلنۇرنىڭ تا ـ
راملاپ توكۈلگەن كوز ياشلىرىغا پەرۋا قىلـ ـ
مايلا ئۇنى ئېيىپلىدىم. نەتىجىدە بۇ قىزمۇ ئۇ ـ
زۇن ئوتمەي "ئوغرى" دىگەن نام بىلەن سى ـ
نىپىمدىن تېزدىدى. يەنە بىرسى ئىشچى قادىر
ئاكىنىڭ ئوغلى پولات بولۇپ، ياش جەھەتتىن
باشقىلاردىن خېلى چوڭ بولسىمۇ، لىكىن ئوزى
شوخ، كەپسىز بولغاچقا، بېرىلگەن تاپشۇرۇقلار ـ
نى ۋاقتىدا ئىشلەپ كەلمەيتتى، دوسكىغا چىقارسام
تىرناق تاتىلاپ تۇرىۋالاتتى. بىر كۈنى دەرس
ئالدىدا ئۇنىڭغىمۇ نىمە ئۈچۈن بېرىلگەن تاپ ـ
شۇرۇقنى ئىشلەپ كەلمىدىڭ؟ دىگەن ئيوقىلاڭ
بانايى ـ سەۋەپ بىلەن قاتتىق بىر پوپوزا قىلـ ـ
دىم ـ دە "ماڭ جوگو داداڭنى باشلاپ كەل"
دىگىنىمچە سىنىپتىن ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتتىم.
ئۇمۇ شۇ ئىشتىن كېيىن مەكتەپكە
زادىلا كەلمەس بولدى. مۇشۇ خىل ئۇسۇل
بىلەن ئاخىرى بۇ 5 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ بىرسىنى
مەكتەپتىن تەزدۇرۇپ، بىرسىنى ئوقۇشـ
تىن خوشسىز قىلىپ ئاندىن كوڭلۇم ئىمىن
تاپتى.

بىراق ئىشنىڭ نەتىجىسى هېمىشە كىشىلەرنىڭ ئو ـ
زى ئويلىغاندەك ئوڭۇشلۇق بولۇۋەمەيدۇ. ئۇزۇن
ئوتمەي بۇ 5 نەپەر ئوقۇغۇچى مەكتىۋىمىزدە
يەنە يېڭىۋاشتىن پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇلار
ئەمدى مېنىڭ سىنىپىمدا ئەمەس، بەلكى ئوزى
يۈۋاش، كەمتەر قاپ ـ قارا كوزلىرىدىن بىر
خىل مۇلايىملىق چىقىپ تۇرىدىغان خىزمەتدى ـ
شىم خالىدەمنىڭ سىنىپىدا ئوقۇۋاتاتتى. ئەمدى
ئۇلار مېنى ئۇچراتسىلا يەردىن ئۈستۈن قارى ـ
ماي ئوتۇپ كېتەتتى، ياكى بولمىسا مەندىن
ئوزىنى قاچۇرۇپ يۈرەتتى. كېيىنرەك ئۇقۇپ
كورۇشۇمچە مەن ئۇلارنى ئوز سىنىپىمدىن هەي ـ
دىۋەتكەندىن كېيىن، ئاتا ـ ئانىلىرى ئوز پەر ـ
زەنتلىرىنىڭ بۇ يىلمۇ مەكتەپ سىرتىدا قېلى ـ

(ئاخىرى 33 ـ بەتتە)

# بۇۋەقە موشۇ يۇرتتا بولغان

( نوچېرك ) .

ئابلىمىت ئىمىن ناسىرى

ئابلا موللا ھۇشىغا كېلىپ ناھايىتى ئەستە كوزىنى ئاچتى ، ئىشىك يوچۇقلىرى ۋە ئىشىك بېشىدىكى تاۋاق پاتقۇدەك ئەشۇ تاماقسۇنىدىغان توشۇكتىن بۇزەي، سېرىق كامىرغا غۇۋايورۇق چۇشۇپ تۇراتتى . ئابلا موللا بۇ كامىرنى بىر نەچچە قېتىم ئولچەپ باققان . توغرىسى بىر غۇلاچ ، ئۇزۇنلىغى بىر يېرىم غۇلاچ ، ئىگىزلىگى ھەم بىر غۇلاچ ، مۇنداقچە ئېيتقاندا تىرىك جان ئەمەس، جانسىز مۇردا ياتىدىغان لەھەتنىڭ ئوزى ئىدى . لەھەت بولغاندىمۇ ناھايىتى تار لەھەت .

— ئاخىرى كۈن چىقىپتۇ ، كۈن چىقىپتۇ ، — دەپ ئۇ ئاستا ئوز - ئوزىگە پىچىرلىدى . ئۇ ئوگدىسىغا ياتقان ھالدا كامىرغا چۈشۈۋاتقان غۇۋا كۈن نۇرى ۋە باش ئەتىيازنىڭ سوغۇق شامىلىدىن بىر ئاز ھوزۇرلانغاندەك بولدى — ھازىر سەپداشلىرىم نېمىش قىلىۋاتىدىغاندۇ ؟ ئېھتىمال قورال تازىلاۋاتقاندۇ . ياكى مەشىق قىلىۋاتقاندۇ ؟ ياكى دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىۋاتامدىكىن ؟ شۇ چاغدىلا پىلانىمىز چەشتاغنى ئېلىپ ئوزىمىزنى ئوگشۇۋالغاندىن كېيىن يېڭىسارغا ھۇجۇم قىلىش ئىدى . ئۇندىن كېيىن قانداق بولدىكىن ؟، ئۇلار مېنى ئۇنۇتمىغاندۇ ؟ توغرا، ئۇنۇتمايدۇ ، مەنمۇ ئۇلارنى ئۇنۇتمۇدۇم ، ئۇكوزىنى ئولۇۋتىش ئۇچۇن ھەركەت قىلغان بولسىمۇ ، بىلەكلىرىگە مىلك جىڭلاپ تاش ئېسىپ قويۇلغاندەك مىدىرلىتالمىدى ، ئۇ يەنە ئورە بولماقچى بولۇپ گەۋدىسىنى بىرلا قىمىرلىتىشىغا پۈتۈن ئەزايىغا چىداپ بولماس دەرىجىدە ئاغرىق ئولىشىپ كەتتى - دە، بىرلا ئىڭراپ ھوشىدىن كەتتى.

ئۈچ ئايدىن بېرى ھەركۈنى سوراق . بەزى كۈنلىرى يېڭىسار جىڭساجۇي ئەتىگەندە سوراق قىلسا ، كەچلىكى گومىنداڭنىڭ يېڭىساردا تۇرۇشلۇق 18 - تۇەنىنىڭ تۇەنبۇسىدا بولىدىغان سوراق . مەيلى جىڭساجۇي سوراقخانىسى ، مەيلى 18 - تۇەن تۇەنبۇسىدىكى سوراقخانىدا بولسۇن ھەپتىدە بىر قېتىم سوراقچى ساقچى ئەمەلدارلىرى بىلەن ، سوراقچى ھەربى ئەمەلدارلار ئالمىشىپ تۇرىدۇ . ھەر قايسىسى ئوزىگە چۇشلۇق كۇزىر كورسەتمەكچى بولىدۇ . لېكىن تەكرار بىرلا سوئال :

— ئېيتە قېنى، شېرىكلىرىڭ نەدە ؟

— ئويتاغدا !

ــ ئويتاغدا ئىكەنلىكىنى بىلىمەن !
ــ بىلسەڭ سوراپ نىمە قىلىسەن ؟
ــ شەھەردىكىنى دەيمەن ؟
ــ ھەممىلا يەردە بار ، ھەممە شەھەردە
بار ، مەن ئۇلارنى ساڭا قازداقمۇ دەپ بە -
رەلەي .
ــ ئۇلار كىم بىلەن كىم ، يۇرتى، ئىسمىنى
ئېيت .
ــ بىلمەيمەن !
مانا شۇ ” بىلمەيمەن “ دىن كېيىن قاتتىق
قىيىن قىستاق باشلىناتتى . كاپكىرنى قىزىتىپ
بەدەننى داغلاش ، يىڭنە سانجىش، ئۇكدا- دۇم
قىلىپ قويۇپ راسا دۇمبالاش ، ھۇشىدىن كەت-
كەندىن كېيىن ئۇستىگە سوغۇق سۇ چېچىپ
سوردىپ ئەپكىرىپ مۇشۇ كامىرغا تاشلاش، ئا -
رىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئوتكىنى ئابلا مول -
لىغا نامەلۇم،بىر چاغدا ھۇشىغا كەلسە ، جىڭ -
ساجۇينىڭ ئارقا ئىشكى بىلەن 4 ئەسكەريالاپ
ئەپچىقىپ 18 - تۇەن تۇەنبۇسىدا سوراقا تار -
تىش ، ” ئېيتە قېنى ؟ “ دىن باشلانغان سو -
راق ” بىلمەيمەن “ دىگەن جاۋاپتىن كېيىن ،
ئىنچىكە قىل ئاغامچا بىلەن باشمالتاقتىن ئې -
سىپ ھەربىچە تاسمىنى سۇغا چىلاپ ئۇرۇش ،
ياغدا داغلاش ، بەدەننى ئامبۇر بىلەن قى -
سىش ، ئامبۇر بىلەن گوشىنى ئۇزۇۋېلىش ،
ھۇشىدىن كەتكەندىن كېيىن ، سىيىغلىغىدىن
كىشىنىڭ كوڭلى ئېلىشقۇدەك . مۇشۇ لەھەتكە
تاشلاش ، ئەتىسى يەنە سوراق . 3 ئايدىن
بېرى داۋاملاشقان توگىمەس سوراق بىلەن
چەكسىز ئازاپ ئۇنىڭ تەن سالامەتلىكىنى زور
دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرىۋەتكەن بولسىمۇ ، ئەق -
لىدىن ئاداشتۇرىۋىتەلمىگەن ئىدى .
ئابلا موللا يەنە ھۇشىغا كەلدى . ئاستا -
ئاستا كوزىنى ئاچتى ، ــ تېخى ئولمەپتىمەن،-
ئۇ ئوكدا يېتىپ تۇرۇپ ئوز - ئوزىگە دەۋا -
تاتتى .- پۇتۇن ئەزايىم چىدىغۇسىز دەرىجىدە
ئاغرىۋاتىدۇ . جان دىگەن چىلىق يەردە ئوخ -
شايدۇ · بۇ چاققىچە يوتىدەك تومۇرنى مېنى
ئۇرغاندەك ئۇرۇپ بەرگەن بولسىمۇ يىگىنىگە
ئايلانغان بولاتتى . مەن تېخى ئولمۇدۇم. ئۇلار
مېنى نىمىشكە ئولتۇرمەيدىكىن- تاڭ ، توغرا،
مېنىڭ شىرىكلىرىمنى تۇتۇپ، مەن بىلەن بىر -
گە ئولتۇرمەكچى ، ئەخمەقلەر ! مەن ئۇلارنى
سەنلەرگە ئېيتىپ بېرەمتىم، مەن تۇرمىدە بول-
سامىۇ ئۇلار يەنە ئارقا سەپ بىلەن رازۋېتكا
ئىشىنى ئىشلەۋىرىدۇ ، ھامانە بىر كۈن ئول -
مەڭ ، ”توشقان بولۇپ مىڭ يىل ياشىغىچە
يولۋاس بولۇپ بىر كۈن ياشاش ئەۋزەل“دەپ -
تىكەنغۇ، بولدىلا دەرتنى مەنلا تارتىپتۇ گىشەي،
سۇ! ... ئابلا موللا ئۇسسۇزلۇقتىن
گەز باغلاپ كەتكەن كالپۇكلىرىنى تىلى بىلەن
يالاپ قويدى. ئاخشامقى ئۇزۇنغا سوزۇلغان
سوراقتا، 4 ئەسكەريۇپۇرلۇپ كېلىپ مىل-
تىقنىڭ پاينىگى بىلەن ئۇرۇپ ھۇشسىزلاندۇر-
ۋەتكەن ئىدى. مانا ئۇنىڭ بەدەنلىرى چويۇن-
دەك كوكۇرۇپ، تولۇمدەك ئىششىپ كېتىپتۇ. ئەم-
دى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنمايۋاتىدۇ. ئۇ، چى-
دىغۇسىز ئاغرىققا بەرداشلىق بېرىپ كامىر تى-
مىغا يولەندى.
ــ ھازىر نە ۋاخ بولدىكىن، كۈن چىقىپتۇ .
ھازىر چۈشمۇ، ياكى پېشىنمۇ؟
ئۇ تېخى تۈن يېرىمىدا 18 - تۇەن تۇەنبۇ -
سىدا سوراقتا ئىدى.
ــ بۈگۈنسەن ئۇچۇن ئەڭ ئاخىرقى پۇرسەت،-
دىدى سوراقچى ھەربى ئەمەلدار. بۇ گەپلەرنى
ئۇ كۈندىكىدەك تەرجىمانىنىڭ ياردىمى بىلەن
ئاڭلىدى،-يىگىت،بۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ
قويدۇڭمۇ قايتا كەلمەيدۇ. چىرايلىق خوتۇنۇڭ
8 ياشتا ئوماق ئوغلۇڭ بار ئىكەن. شۇلارنى
ئويلا ، ئوغلۇڭ يېتىم ، ئايىلىڭ تۇل قالسا

بۇ،كەشى ئۈچۈن نىمە دىگەن ئازاپ،ھە؟ ئىلى ئوغ-
رىلىرى ساڭا نىمە ياخشىلىق قىلغان. ئويتاغ -
دىكى توپىلاڭچىلارچۇ؟ ئۇلارنىڭ سەن جان پى-
دا قىلغۇدەك نىمىسى بار؟ خەير بوپتۇ. تاغ -
دىكىلەرگە ئەگەشكەن، بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز-
نى ئېتىپ ئولتۇرگەن گۇنايىڭدىن كېچەي،ماڭا
پەقەت، سىلەرنىڭ پەستە تاغدىكىلەرگە ئاشلىق،
كېيىم - كېچەك ھەم ئاخبارات يەتكۈزۈپ بې -
رىۋاتقانلاردىن بىر نەچچىسىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ
بەرسەڭلا، بەخت يولى بېرىمەن. غەزەپتىن يې -
رىلغۇدەك بولغان ئابلا موللا ئاخىرى چىداپ تۇ-
رالمىدى - دە، بۇ ھېلىگەر ھەربى ئەمەلدارغا
قاراپ دىدى:

— سەنلەر، مەن ئابلا موللىنى باش ئى -
گىپ دوستلىرىغا خائىنلىق قىلىدۇ، دىيىشەمسەن؟
مەن سەنلەرگە قارشى قولۇمغا قورال ئېلىشتىن
ئىلگىرى ھەممىنى ئويلاپ قويغان. ھەرگىزمۇ
سەنلەرگە باش ئىگىپ نامىمنى بۇلغىمايمەن .
ئاڭلاپ قويۇش، ئازاتلىق ئۈچۈن سەنلەرگە قار-
شى قورال كوتەرگەن ئەرمەن. ھەربى ئەمەلدار
غەزەپ بىلەن " دا » دەپ قولىنى بىرلا شىل -
تىدى. ئابلا موللا ئەشۇ "دا» دىن كېيىن 4 ئەس -
كەرنىڭ قىيىنىشى بىلەن ھوشىدىن كەتكەن ئى -
دى. قاچان بۇ كامېرغا ئەپكىرىپ قويدىكىن ،
مانا باياتىن ھوشىغا كېلىشى، ئۇنىڭ لەۋلىرى
قۇرۇپ، يۈرىگىنى بىرسى سۇغۇرۇۋېلىپ، قوقاس-
تا پۇچۇلاۋاتقاندەك ئىچىگە ئوت ئېلىپ كەت -
تى. سۇ... سۇ... مۇشۇ تاپتا، بىر تاۋاق سۇ بول-
سا ھە... بولغاندىمۇ گەز دەرياسىنىڭ مۇزدەك
سوغاق سۈيى بولسا، ئارقىدىن بىر چېكىم نا -
سىۋال، ئۇنىڭ ئۇسسۇزلىغى بىلەن ناسىۋال خۇ-
مارى تەڭلا كەلدى، - ئامىتىم قېچىپ قالغان كۈن-
ىدىكى ئۆيەنەئىز ئوز ىگەپىچىرلىدى،- شۇ كۈنى
ئەجەپ بىر بولدى. ئوقۇمنىڭ تۈگەپ قالغانلىغىنى
تېخى، ئوق تۈگەپ قالمىغان بولسا مۇنداق تى-
رىك قولغا چۈشۈپ قالارمىدىم؟... ئۇنىڭ خىيال
قۇشى ئوتكەندىكى ئەشۇ كۈننى ئېسىگە ئېلىپ
لەرزان ئەگىيتتى...

× ×

ئۈستىگە پەۋەس ئاشلىق ئارتىلغان 10 توگە تاغ
ئارىسىدىكى تار قورامىلىق جىلغا ئىچىدە-
قېلىن قار ئۈستىدە پۇشۇلداپ ماڭماقتا.
ئۇ، يولغا چىقىپ ئۇزۇن ئوتمەيلا قار يېغىپ
كەتكەن ئىدى. توگىدىكى ئاشلىقنى تاشىلىق،
بارىنلارغا يوشۇرۇنغان ئويتاغدىكى پارتىزانلار-
نىڭ رازۋېتكا ئەترىتى 15 كۈندىن بۇيان
ئابلا موللىنىڭ ئويىگە يىققان، ئابلا موللا
تۈن يېرىم بولغاندا خوتۇنى بىلەن ئاشلىقنى يۈك-
لەپ، ئوزى يالغۇز يولغا چىققان ئىدى. بەلگۈ-
لەنگەن جايغا يانا خېلى بار ئىدى. توگىلەرمۇ
بارىن، تاشىلىقتىكى خەلقنىڭ. بۇ ئابلا مول-
لىنىڭ 17 - قېتىم يالغۇز سەپەر قىلىشى بولۇپ،
تاغ يولى ئۇنىڭغا خېلى تونۇش. يانا ئىككى
يول ئاتلىسىلا بارىدۇ. ھەي قېلىن قار، يول قى-
يىنلاپ بارماقتا، ئۇ بۈگۈن بەلگۈلەنگەن جاي-
دا پارتىزانلارغا بۇ ئاشلىق بىلەن، چەشتاغدا
تۇرۇشلۇق پارتىزانلارنىڭ 15 كۈندىن بۇيان-
قى ئەھۋالىدىن ئاخبارات بېرىدۇ، ئۇ ئالدىنقى
توگىنىڭ بۇيلىسىدىن تارتىپ،بىر تاغنىڭ دو-
قىسىدىن قايرىلىش بىلەن ئالدى تەرەپتىن،
"كوتەر قولۇڭنى»! دەپ يەتتە - سەككىز قورال-
لىق ئەسكەر يوپۇرلۇپ كەلدى. ئابلا موللا شارت
قىلىپلا ئوزىنى دالدىغا ئېلىپ قويىنىدىن ماۋ-
زۇرىنى چىقىرىپلا 3 پاي ئوق بىلەن ئالدى -
دىكى ئۈچىنى دۈم چۈشۈردى، قالغانلىرى ئوزى-
نى دالدىغا ئالدى، ئابلا موللا بۇرۇلۇپلا يان-
دىكى بىر جىلغىغا قاچتى.

— تىرىك تۇتۇڭلار! - دۈشمەن كوماندىرى-
نىڭ ۋاقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى،- تۇتۇڭلار!
ئۇنىڭ باش ئۈستىدىن ئوقلار ۋىژىلداپ ئۇچۇش-

قا باشلىدى، ئۇ قىچقىرىپ كەينىگە بۇرۇلۇپ
ئىتىپ، يەنە بىر نەچچىسىنى تىك موللاق چۈ-
شۈرىۋەتتى. ئۇ مۇندىن ئىلگىرى قاتناشقان
پامىر ئىگىزلىكىدىكى بىر نەچچە جەڭدە مۇ-
شۇنداق مەرگەنلىكىنى كورسەتكەن ئىدى. بو-
لۈپمۇ گومىنداڭنىڭ سۇباش، بۇلۇڭكول ھەر-
بى پونكىتلىرىنى ئېلىشتا ئۇنىڭ توھپىسى كو-
رۇنەرلىك ئىدى. ئۇ بىر قورام تاشنى ئوزىگە
دالدا قىلىپ يىقىنلاپ كېلىۋاتقان ئۈچ ئەسكەر-
نى يىقىتتى، 4 - سىگە ماۋزۇرنىڭ كىرژوكىنى
بىسىش بىلەن ئوق تۈگىگەنلىكى مەلۇم بولدى.
ئۇ تۇت ئەتراپقا قارىدى. قاپساپ كېلى-
ۋاتقان ئەسكەرلەر كوپ ئىدى.
ئۇ بىرلا كۈچەپ ماۋزۇرنى يىراققا ئىتىۋەتتى.
بىر ئەسكەر ئىڭىشكەن ھالدا، ئۇ ئوزىنى دال-
دىغا ئالغان قورام تاش تۆۋىگە يىقىنلاپ كەل-
دى. ئۇ خۇددى ئارسلاندەك قورام تاش تۆۋى-
دىن ئىتىلىپ چىقىپ ھىلىقى ئەسكەرنىڭ ئۈستى-
گە تاشلىنىپ ئاستىغا بىسىپلا گېلىنى ئامبۇر-
دەك قىستى. رەقىبى بىر نەچچە تىپىرلاپلا
ھالسىزلىنىپ قالدى. ئۇ، رەقىبىنىڭ مىلتى-
غىغا قولىنى ئۇزۇتۇش بىلەن بىشىغا قاتتىق
بىر نەرسىنىڭ تەككەنلىكىنى بىلەتتى ...

ئارادىن نەچچە كۈن ئوتتىكىن، مۇشۇ كامىردا
ھۇشىغا كەلدى. ئۇ ئىچىدە دىدى: مىنىڭ يولغا
چىققىنىمنى پەقەت ئاللا ئايىلىم بىلەتتى، قانداقسىگە
بۇ قوراللىق چىرىكلەرگە يولۇقتۇم - ھە؟ ئىھتىمال
تاغلارنى چارلاشقا چىققان چىرىكلەرگە
يولۇققاندىمەن. ئۇ كامىر تىمىغا يولۇنۇپ
ئابىتا - ئاستا قەددىنى رۇسلىدى - دە، قان
تىمىپ تۇرغان بارماقلىرى بىلەن كامىر تىمىغا
جىجىلاپ بۇ ئاخىرقى سوزىنى يازدى:

"مەن ياشاشنى ئارزۇ قىلاتتىم. كەلگۈسى
غەلىبىمىز ئۈچۈن، ئولۇم يولىنى تاللىۋالدىم،
تاغدىكى بۇرادەرلەر، بىز يەتمەكچى بولغان
كۈنلەرگە يەتكەندە، مىنى ئەسلەپ قويۇڭلار! ..."

× ×

1946 - يىلى 3 - ئاينىڭ × × × كۈنى.
تاشمىلىق شەنبە بازار (ھازىر كونا شەنبە
بازار دىيىلىدۇ، ئازاتلىقتىن كىيىن ئەمەلدىن
قالغان، خارابىسى تىخى بار) بىر كوچىدىلا
ئىبارەت بولغان بۇ يىغىنچاق يىزا بازىرىنىڭ
كوچىسىدا ئادەم خىلىلا كوپ ئىدى. كوچىنىڭ
بىر قاسىنقىغا ئاشپەز - ناۋاي، قاساپلارنىڭ
دۇككانلىرى ئورۇنلاشقان بولۇپ، يەنە بىر قاس-
نىغىدا ئەگلەكچى، ياماقچى، ئۇششاق - چۈشەك
نەرسە - كىرەكلەرنى ساتىدىغان ھەتتا، كىچىك
يايمىچىلار، ساتىراچلار دۇككانلىرىنى ئاچقان
ئىدى، كوچىدا بىشىغا قازاندەك سەللە ئورىغان
موللا ئاخۇنلار، قوش چەكمەنلىك باي - ۋەچچى-
لەرنىمۇ، مىلتىغىنى تەتۈر قىلىپ ئىسىۋىلىپ
شەپكىسىنى قىڭغىر كىيىۋالغان ئەسكەرلەرنىمۇ ئان-
دا - ساندا ئۇچرىتىشقا بولاتتى. تولىسى جۇل-
جۇل چاپانلىق نامراتلار، بەزىسى ئالغىلى،
بەزىسى ساتقىلى كەلگەن، بەزىسى بىر نەچچە
بۇردا نان تىلەپ كەلگەن. ھاۋانىڭ سوغۇق
بولۇشىغا قارىماي تاشمىلىق خەلقىنىڭ ئوزگىچە
ئالاھىدىلىكى بويىچە بىر دوغچى دوغ
ئىتىپ سىتىۋاتاتتى. قىسقىسى بۇ بازاردىن،
ئاق تىررورلۇق قاپلىغان بۇ يۇرتنىڭ شۇ زا -
مانىدىكى ھەر خىل كىشىلىرى بىلەن ھەر خىل
نەمۇنىلىرىنى ئۇچرىتىشقا بولاتتى، بىردىنلا
جاكاچىنىڭ قاتتىق چىقىراق ئاۋازى بازاردىكى
ھەممە ۋاڭ - چۇڭنى بىسىپ چۈشتى:
— ئەيىۋ ھەنناس، ! ئەيىۋ ھەن -
ناس! ئاڭلىمىدىم، ئىشىتمىدىم
دىمەڭلەر، تاشمىلىق، بازىرىدىكى ئەھلى مۇ-
سۇلمان، قىرى - ياشلار ئۇلۇغ گومىنداڭ پىرقىسى
ھەمدە جاڭ زۇڭسەيگە تۈزكورلۇق قىلىپ، ئىلى
ئوغرىلىرىنى دوراپ، ھوكۇمەتكە پۇت ئىتىپ،
ئويتاققا توپلانغان ئوغرىلارنىڭ شىرىكىي،

ۋە ئايغاقچىسى ئابلا موللا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى.
ئۇ، خالىيەنجاڭ ① باتۇرلىرى تەرىپىدىن ئېتىپ
ئىجرا قىلىندى. ئىبرەت ئالغىن بارىنلىق، ئىبرەت
ئالغىن تاشمىلىق خەلقى! كىشىلەر گۇررىدە كوچىنىڭ
ئىككى تەرىپىگە ئۆتۈپ يولنى ئاچتى. يىگىر-
مە-ئوتتۇزدەك قوراللىق چېرىكنىڭ يالمىشى بى-
لەن بېشىغا نىمكەش ئاق تۇماق، ئۇچىسىغا
جۇل - جۇل ئۇزۇن چاپان كەيگەن، چېچى ئۆ-
سۈپ گەردىنىگە چۈشكەن، قاپ - قارا ساقال-
لىرى پاخپايغان، يۈز - كۆزلىرىدىكى يارا
ئىزلىرىدىن تېخى قان تېمىپ تۇرغان ئىگىز
بويلۇق، قاراقاش، قارا موتۇق بىر كىشى كوي-
زا سېلىنغان قولىنى ئالدىغا تاشلاپ ئېغىر كى-
شەننى جاراقشىتىپ سورەپ، مەزمۇت قەدەم بى-
لەن كېلىۋاتاتتى، بازاردىكى كىشىلەر غۇلغۇلا
بىلەن ئاستا - ئاستا سۈرۈلۈپ ئۇلارغا ئەگى-
شىپ ئۇلاغ بازىرى تەرەپكە يول ئالدى. بىر
تىلەمچى بوۋاي ئېغىر ئۇھ تارتىپ ئۆزىچە:

— ھەي ئېسىت! بالام ئابلا، ياش كەتتىڭ،
خۇدا سېنى شەھىتلىك مۇقامىغا يەتكۈزەر، ئا-
مىن - ئامىن! - دېدى ئۇ ئاستا ئاۋاز بىلەن دۇ-
ئاغا قول كۆتەرگەندە. بوۋايغا يانداشىپ كېلىۋات-
قان بىر ياش يىگىت سورىدى:

— سىلە ئابلا موللىنى تونۇملا؟

— تونۇمامدىغان بالام، مېنىڭ ئالدىمدا
چوڭ بولغان بالا ئەمەسمۇ، بىز بىر مەھەللە،
ئۇ كىتابى ئىلىمدىن خەۋەردار موللا بالا ئىدى،
ئۇ بۇيىل 36 ياشقا كىرگەن.

— سىلە نەدىن بولىلا؟

— يەلگەندىن!

— قايسى يەلگەندىن؟

— بارىن يەلگەندىن ② ! بوۋاي دۇئا بى-
لەن جايىدا قالدى. ياش يىگىت
كىشىلەر توپى بىلەن ئۇلاغ بازىرىغا
ماڭدى. ئۇلاغ بازىرىدا تۈنۈگۈنلا تىن
ياساپ پۈتتۈرۈپ قويغان، ئادەم بويى ئىگىزلىكتە
ئۆرە تۇرسىلا 4 ئادەم پاتقۇدەك بىر توپا دوڭ
بار ئىدى، ئابلا موللىنى ئەشۇ توپا دوڭ ئۈس-
تىگە چىقاردى. ئۇلاغ بازىرىدا ئېلىم - سېتىم
توختىدى ، پۇخرالار ئۇلاغ بازىرىغا لىق تول-
دى. ئەسكەرلەر ئۇلاغ بازىرى ئەتراپىدىكى
ئىككى قاتار ئەنجان تېمى ئۈستىگە چىقىپ ئەت-
راپنى قورشىدى. توپا دۆۋىسى ئاستىدا ئون
نەچچە ئەسكەر مىلتىقلىرىنى ئابلا موللىغا بەت-
لەپ بۇيرۇق كۈتۈپ تۇراتتى. ئابلا موللا توپا
دۆۋىسى ئۈستىدە ئېگىز تاغ بېشىدىكى كۆككە
باش تىرىگەن يېشىل قارغايدەك قامەت كىرىپ،
يىراقتا پاقىراپ تۇرغان پامىر ئېگىزلىكتىكى
قارلىق تاغلار - مۇز چوققىلارغا نەزەر سېلىپ،
كۆڭلىدە «خەير، خوش بۇرادەرلەر، خەير
خوش مەڭگۈلۈك تاغلار!» دەپ پىچىرلايتتى.
كىشىلەر ئارىسىدا ئۇچىسىغا ئۇزۇن چەكمەن
چاپان كەيگەن ئىككى ياش يىگىت بىر - بىرى-
گە مەنىلىك قارىشاتتى، ئاخىرى بىرى يەنە
بىرىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— باشلىساق بولاتتى، ۋاقىت قىممەت.

— تېخى باشقىلاردىن سادا يوق، قارىمىلىق
قىلساق بولمايدۇ. بىر ئاز كۈتەيلى، - دېدى بىرى
يانا بىرىگە، - ئالدىراپ ھەركەت قىلساق ئۇنى
قۇتقۇزۇش پىلانى بۇزۇلىدۇ، ئۆزىمىزمۇ...

— خەپ شۈك، - ئىككىسى جىم بولۇشتى. ئابلا-
موللا ئارقىسىدا جېنىغا زامىن بولۇشقا تەييار-
لىنىپ تۇرغان جاللاتلارغا غەزەپ بىلەن بىر
ھومايدى - دە ، ئۈنلۈك شوئار توۋلىدى:

---

① خالىيەنجاڭ - گومىنداڭ ئىپىگسار 18 - تۇەنىنىڭ تاشمىلىق جەشتاغدا تۇرۇشلۇق 4 - لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭى.

② تاشمىلىق بىلەن ئاقتو بارىنى ئوتتۇرىسىدىكى جاي ئىسمى.

— ياشىسۇن ئازاتلىق! ياشىسۇن ئىنقىلاپ!!......

پاڭ - پۇڭ قىلغان ئىككى پاي ئوق ئاۋازى بىلەن ئابلا مولىنىڭ كوكسىدىن قىپ قىزىل قان تەپچىپ چىقىپ ئاستا - ئاستا پەسكە ساقىپ تۇپراققا سىڭىشقا باشلىدى. ئارقىدىنلا، يان تەرەپتىن بىر نەچچە ئاپتومات تەڭلا تاتاتلاپ سايراپ، ئەنجان تېمى ئۈستىدىكى چىرىكلەردىن نەچچىنى دومۇلۇتۇپ پەسكە چۈشۈردى. ھېلىقى توپ ئىچىدە بىر-بىرىگە مەنىلىك قاراشقان ئىككى يىگىت تەڭلا قويىنىدىن ئاپتوماتلىرىنى چىقىرىپ جازا ئىجرا قىلغان10 نەچچە چىرىكنى بىرلا سىرىپ يەر چىشلىتىۋەتتى. بازاردا ئالەمنى مالەم قىلىپ قىيا - چىيا، قاچ - قاچ باشلىنىپ كەتتى.

× ×

يەكشەنبە ناماز ۋاقتىدىن ئىلگىرى يېڭىسار، بارىن، يەلگەن قەۋرىستانلىغىنىڭ سىرتىدا 20 نەچچە نەپەر قوراللىق يىگىت پەيدا بولۇپ ئاتتىن چۈشتى. ئۇلار ئاتلىرىنى بىرىسىگە تۇتقۇزۇپ قالغانلىرى قەۋرىستانغا كىردى. بۇ چاغدا ئابلا مولىنىڭ قەۋرىسىنى ئايلى تۇخان بىلەن 8 ياشلىق ئوغلى ھوشۇر قوچاغلاپ يىغلاۋاتاتتى. قوراللىق يىگىتلەر قەھرىمانىنىڭ قەۋرىسىنى ھالقىغا ئېلىپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇشتى، بىر يىگىت يۇقۇرى ئاۋاز بىلەن قۇرئان قىرائەت قىلدى، قىرائەتنى ئاڭلاپ تۇخان بىلەن ھوشۇر يىغىسىنى توختاتتى، قىرائەتتىن كېيىن يىگىتلەر تۇخان بىلەن ھوشۇرنى يولەپ تۇرغۇزدى، تۇخان ئۇلاردىن سورىدى:

— سىلەر كىملەر؟

— بىز ئابلا مولىنىڭ تاغدىكى بۇرادەرلىرى، كېچىرىلىك، تۈنۈگۈن ئۇنى قۇتقۇزۇش پىلانىنى تۈزۈپ كەلگەن، جازا مەيدانىدىن ئېلىپ قاچماقچى ئىدۇق. لېكىن، گومىنداڭ چىرىكلىرى يولنى قامال قىلىپ بازارغا كىرگەن كىشىلەرنى ئاختۇرۇپ كىرگۈزىۋاتقىنى ئۈچۈن توسالغۇغا ئۇچراپ كېچىكىپ قالدۇق، — دېدى بىر ياش يىگىت ئاندىن ئۇ ھوشۇرنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ داۋام قىلدى:

— سىلەرنى گومىنداڭچىلارنىڭ زىيانكەشلىگىدىن ساقلاپ قېلىش نىيىتى بىلەن تاققا ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن كەلدۇق، ئۇلار ھايال بولماستىن تۇخان بىلەن ھوشۇرنى قەۋرىستاندىن ئېلىپ چىقىپ ئاتقا مىندۇردى، ئۇزلىرىمۇ ئاتلىرىغا مىنىشىپ تاڭ قاراڭغۇسىنىڭ پەردىسى ئاستىدا ئويتاققا قاراپ ئۇچقاندەك يۇرۇپ كەتتى.

# ئەككى شېئىر

سەيپىدىن ئەزىزى

## ئەزىزانە قەشقەر

ئەزەلدىن داڭقى بار دەۋرانە قەشقەر،
گۈلىستانلار ئارا سەيلانە قەشقەر.

يېتىشكەن ئۇندا بوغرا، ئۇندا ئالىم،
ئىلىك خانلار ئارا ئاستانە قەشقەر.

موقام پورەكلىرى ھوسنىگە تولغان،
ناۋا داستانىگە مەستانە قەشقەر.

ئۇسۇل سورنىدا تەڭكەش جۇلالىق،
ساما دولقۇنىدا جەۋلانە قەشقەر.

زامانلار زولمىدا زار ـ نالە قىلغان،
غەرىبانە-يېتىم،ھىجرانە قەشقەر.

قىزىل تۇغ ئاستىدا مەشرەپكە تۇشتى،
ئەزىزانە گۈزەل مەردانە قەشقەر.

## سايرا، قەشقەر قىزى

سايرا گۈل قىز، بەرىمگىن بۇلبۇلغا يول،
ئەل سۈيەر، ئەل سازچىسى-مۇقامچى بول.
ئۇشلا مەزمۇت دۇتارىڭنى ئۇزمە قول،
سايرىغىن خەندان ئۇرۇپ قەشقەر قىزى.

بەك يېقىملىقكەن دۇتارىڭ نەغمىسى،
قاندى ئارمان، دەرتكە دەرمان نەزمىسى،
زوقىغا تولدى يارانلار بەزمىسى،
سايرا،دىلكەش ئۇز-لىۋەن قەشقەر قىزى.

بارمىغىڭ تار بىللە زەپ ئوينايدۇ شوخ،
ئوز سىياقىڭ زەپ ئېسىل ئالەمدە يوق،
بىر كورۇپ ئالسا كىشى ئارمانى يوق،
سايرا بۇلبۇل ناز گۈزەل قەشقەر قىزى.

كوزلىرىڭ چاقماق چېقىپ ئوينايدىكەن،
تىللىرىڭ تاتلىق ـ چۇچۇك سايرايدىكەن،
ئاڭلىسا ناخشاڭنى دىل ياير ايدىكەن،
سايرىغىن شوخ دىل خۇمار قەشقەر قىزى.

زەرمۇ ئو، يامىسىمكىن،زەرگەر بىلۇر،
ساز كېلىن سازغا ھەۋەس ئەرەن بىلۇر،
چىن مۇھەببەت قەدرىنى ياران بىلۇر،
سايرىغىن سازغا ھەۋەس قەشقەر قىزى.

ئەسلىدە نەغمە ـ ناۋا خۇمارىمەن،
نەغمىچى سازەندىلەر دوس ـ يارىمەن،
دىلغا ئارام قوشۇغىڭدىن رازىمەن،
سايرا غەزەلخان ئوماق قەشقەر قىزى.

نەغمىگە قوشتۇڭ ناۋا سازىڭ بىلەن،
نەزمىگە قوشتۇڭ ھوزۇر نازىڭ بىلەن،
بەزمىچى بەرگەي سالام تازىم بىلەن،
سايرىغىن نەغمە خۇمار قەشقەر قىزى.

# ئىككى شېئىر

ئابدۇرېھىم ئىسمايىل

## ۋەتەنگە

جۇدا بولسام مىنۇت سەندىن گۇناھىم بەكمۇ زور بولسۇن،
خالايىقلەر ئارا نامىم قارا يۈز، تۈزى كور بولسۇن.

جېنىمسەن، قەدرىدانىمسەن، ئانامسەن، مېھرىبانىمسەن،
سېنى چىن سۆيمىسەم، قەدرىم گويا ئىتتىنمۇ خور بولسۇن.

ۋۇجۇدۇم پۈتتى سەن بەرگەن ھالال سۈت ۋە مەئىشەتتە،
ساڭا ئەسقاتمىسام، دەرھال ماڭا ئۆلمەك زورۇر بولسۇن.

ئېقىل بەردىڭ، قۇۋۋەت بەردىڭ، ئۆمۈر بەردىڭ، بەخت بەردىڭ،
ساڭا خاسمەن! بۇنىڭ راستلىقىغا قەلبىم موھۇر بولسۇن!

تاپالمايمەن جاھان كەزسەم سېنىڭدەك ئىپتىخارىمنى،
ساڭا كۆڭلۈمدە ئوكيانىدەك ھەمىشەم پاك غورۇر بولسۇن!

گىراژدان بولغىنىم سەنچۈن ماڭا شاھانە دولەتتۇر،
مەگەر يانسام بۇ لەۋزىمدىن كوزۇم ساقىپ موخور بولسۇن.

سۆيۈنسەم - ئىپتىخارلانسام سېنىڭدىن شۇنچە ھەقلىقمەن،
دىلىم تەكتىدە ئۇغلانلىقلىغىمغا مىڭ شۈكۈر بولسۇن.

بېدەل بولمايدۇ بىر لوقماڭغا يۈز يىللىق تەشەككۈرۈم،
سېنىڭدە بىر دەقىقەم خىسلىتى كۆرمىگ ئۆمۈر بولسۇن.

ئۆمۈرۋايەت توكۇپ ئەجرىم شەرەپشان كەلتۈرەي سەنچۈن،
ئۈمىدىمدە مۇرادىڭنىڭ تېگى پارلاپ زۇھۇر بولسۇن.

# خەلقىم

( ھاجى ئەخمەتنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە تەخمىس )

ئېزىز نامىڭنى ئالسامەن تىلىمغا ھەر قاچان خەلقىم،
بولۇر جىسمىم دېڭىز يەڭلىغ سۆيۈنچكە جاي ـ ماكان خەلقىم،
تېپىلماس ئاشىنا ھەركىز سېنىڭدەك، مېھرىبان خەلقىم،
غۇرۇرۇم ـ ئىپتىخارىم سەن سۆيۈملۈك، جانىجان خەلقىم.
يېڭىلمەس كۈچ ـ مادارىمسەن ئۇمۇرلۇك قەھرىمان خەلقىم.

ئەزەلدىنلا ئۇلۇغ خەلقسەن جاھاننىڭ كۆڭلىگە ياققان،
نادانلىغ پەردىسىنى يىرتىپ، ئىلىم ـ ئىرپانغا يول ئاچقان،
ھۈنەر ـ سەنئەت ئىجادىڭدىن پۈتۈن ئىنسانغا دۇر چاچقان.
ئېقىل ئاسماندا يۇلتۇز بولۇپ ئالەمگە نۇر چاچقان،
ئىجادى توھپىسى مەشھۇر، بىلىم ـ ھېكمەتكە كان خەلقىم.

ئۆزۈلمەي چىقتى دانىشمەن ئەدىپ، ئالىملار سەندىن جىق،
ئۇلارنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن مىراسى شۇنچە كۆپ، داڭلىق،
جاھان ئالدىدا بۇ بىرلە تەمەننا ئەيلىسەڭ ھەقلىق،
ياراتتىڭ قەھرىمانلىق، ساپ پەزىلەتتىن گۈزەل تارىخ،
بېشىڭدا شان ـ شەرەپ تاجى، ساڭا قايىل جاھان خەلقىم،

ۋەتەن ئىشقىدا بۇرچۇڭنى چىقارما زادىلا ئەستىن،
مۇدام جان كۆيدۈرۈپ ئۆتتۈڭ ۋاپاسىزلىقنى بىلمەستىن،
توكۇلدى قان ـ تېرىڭ ۋە قوغداپ كەلدىڭ ھۇجۇم، قەستتىن،
بوران ـ چاپقۇندا قارغايدەك كۆتەردىڭ قەد ئىگىلمەستىن،
بېسىپ كەلگەندىمۇ ئاپەت ئەسىرلەردىن بۇيان خەلقىم.

جەسۇرلۇق بابىدا شوھرەت تېپىپ قالتىس، ئېزىز نامىڭ،
جاھاننى سالدى زىل ـ زىلىگە ئۇزاق تارىخى دەۋرانىڭ،
ئىرادەڭنى ئايان قىلدى ئالىپ ئارتوڭا خاقانىڭ،
ساڭا باش ئەگدى ئىسكەندەر، بېلى ئۇشتالدى دارانىڭ،
جەسۇر، قۇدرەتتە تەڭداشسىز كۈرەشتە قەھرىمان خەلقىم.

ئەجەپ ئىشچان خەلقسەنكى بولۇر باغ چۆلگە تەر توكسەڭ،
ئەجەپ باتۇر خەلقسەنكىم ئۇلۇر ياۋ تىغ توتۇپ ئۆتسەڭ،
ئەجەپ ھەققانى،پاكسەنكى ساڭا ياتتۇر ھەسەت، نەيرەڭ،
بولۇپ ئىمسالى مەرتلىكنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنە ، ئۆلگەڭ،
ئۆتۈپ كەلدى نەسىللەرگە زامانلاردىن زامان خەلقىم.

لېكىن سەن كورمىدىڭ خوۋلۇق ئۆزەڭنىڭ نامىغا لايىق،
پەلەك تەتۈرگە چۆرگەلگەچ ساڭا يۈزلەندى كوپ خارلىق،
بولۇپ كەلدى رەقىبلەرگە جىمى تاپقانلىرىڭ تالىق،
بېسىپ ئۆتتى ئەسىرلەرنى ئېغىر چامداپ قېرى تارىخ،
تېخى ياشلىق باھارىڭدا تۇرارسەن نەۋقىران خەلقىم،

بېشىڭدىن ئۆتتى كوپ ئىسسىق - سوغۇق ، ئاندىن ساۋاق ئالدىڭ،
كويۈپ ئەرك دىلبىرىنىڭ ئىشقىدا ئاتەشكە.ئايلاندىڭ،
ۋىسال گۈلزارىنى كوزلەپ مۇشەققەت دەشتىدە ياندىڭ،
كۈرەش - مېھنەت بىلەن ئالتۇن قەسىرنىڭ ھۇلىنى سالدىڭ،
گۈزەل ئىقبال ، شەرەپ - غەلىبە ساڭا مەنسۇپ ھامان خەلقىم.

بولۇپئوم-ئىتتىپاق ھەردەم ، ئۇيۇشقاق خىسلىتىڭ ساقلاپ،
زامان كارۋانلىرى بىرلە تەرەققىغا قەدەم تاشلاپ ،
بوسۇپ ئۆتكەل،ئانا ئەلگە ئىلىم - پەن كەۋسىرىن باشلاپ،
ۋەتەن گۈلزارىدا سولماس چېچەكتەك بەرق ئۇرۇپ ياشناپ،
قۇياشنىڭ ئومرىدەك مەڭگۈياشا، بولغىن ئامان خەلقىم.

# غەزەل

ئابدۇشۈكۈر مەمتىمىن

ۋەتەن سەن رەنجى دەرمانىم تېپىلماس تۈتىيا سەنسىز ،
ئىلىم ئەماسىغا يوقتۇر جاھاندا زەر زىيا سەنسىز .

ۋەتەن قۇت ـ بەختى تاجىمسەن، جۇلادۇر ھەر مەھەل مېھرىڭ ،
پەرىدۇن تەختى ئايۋانى مىسالى بورىيا سەنسىز .

سۆيۈڭ شەرۋەت، تېشىڭ ياقۇت، كى خاكىڭدىن تېنىم پۈتمىش .
تۈگەل پىردەۋسى جەننەتمۇ چىچەكسىز بىر گىيا سەنسىز .

ۋەتەن ئىرپانىغا زەر كانسەن، سېنىڭسىز تولمىغاي قامۇس ،
بەئەينى بىر جۇنۇن ھەتتا ئاتالغان ئەۋلىيا سەنسىز .

ۋەتەن قوينى گۈلىستانىم، ئىپارىڭ سۆيگۈ ئىلھامىم ،
چىكەلمەس خوش ناۋا بۇلبۇل بولۇپ زاغۇ گويا سەنسىز .

گۈزەللەر گۈلشەنىسەن ئەل، سىنىڭدە ئەۋجى يۈكسەكلىك ،
جاھان تەسۋىرىگە يوقتۇر كۆكۈلدە مەھلىيا سەنسىز .

نىچۇن شەيدايى قوينۇڭدىن يىراقلاپ كۆز يېشى توكمەس
ماڭا مىڭ يىل ئىبادەتمۇ ساۋاپسىز ساپ رىيا ① سەنسىز .

---

① رىيا — گويا

# سالام، ئېزىزانە قەشقەر

مۇھەممەتجان سادىق

## سالام، ئېزىزانە قەشقەر

ئېلىمنىڭ گۈل - چېچەك،
گىيالىرىدىن
سۆز تىزىپ،
ئېزىزانە قەشقەر
يازدىم ساڭا سالام خەت.
ھەر بىر گۈل،
ھەر بىر سۆز -
چوغلۇنۇپ تۇرغان يۈرۈكۈم،
يالقۇنلانغان سۆيگۈ - مۇھەببەت!...
ئاھ، سېنىڭ جىگەرىڭ -
نوزوكنىڭ قېنى
سۇغارغان تۇپراقتا ئۈسكەن گۈل - چېچەك
قۇرلارغا تىزغىنىم مېنىڭ!
مەن ئاشۇ نوزۇگۇم بىلەن
بۇ كەڭ ۋادىغا -
كەلگەن بالاڭنىڭ
كۆلگەن نەۋرىسى:
ئوغلۇڭ مەن سېنىڭ!...
سويۇملۇك،
گۈزەل قەشقىرىم،
قوبۇل قىل يۈرۈكۈمنىڭ سالامىنى.
كەپتۇ دەپ
يىراقتىكى ئوغلۇمدىن!
قوبۇل قىل، كەپتۇ دەپ
ئېلىمنىڭ گۈلباغلىرىدا.
ناخشا بولۇپ ياڭراۋاتقان -
يۈرەك چوغۇمدىن!
خىتىمنى تاپشۇرۇپ ئالغان چېغىڭدا،
مەن سېنى -
توپىسى كوزۇمگە سۇرمە ماكانىنى،
ھاياجان ئىچىدە
شۇنداق،
دەيدۇ دىدىم.
ئىشەنچىم بېغىمدا پىشتى مەي بولۇپ،
لەززەتلىك ئالما.
كوردۇڭمۇ، جانىجان قەشقەر،
ھوزۇرلىنىپ يېدىم...

## جىگدە پۇرىقى

ئىلەنمىكىنىڭ 1981- يىلى كالېنداردا بېسىلغان «ئىپارخان» ناملىق سۈرىتىنى كۆرگەندىن كېيىنكى تەسىرات

گۇپۇلدەپ كەلمەكتە جىگدە پۇرىقى،
تۇراتتى ئىپارخان تويماي تىكىلىپ.
تەشتەكتە گۈللىگەن قەشقەر جىگدىسى،
تۇراتتى يېنىدا جانان ئېگىلىپ...
بارمىكىن جىگدىدە سېھىرلىك، خىسلەت؟
ئېزىز يۇرت مېھرىنى سەزدىمىكىن - يە!؟
خىيالەن قەشقەرنىڭ جىگدىلىكىدە
رەڭدار كېپىنەكتەك كەزدىمىكىن - يە؟!
ۋەلېكىن، شۇتاپتا قەشقەردە ئەمەس،
تۇتقۇن خان سارىيى ئىچىگە رەئنا .
تومۇزدەك كويدۇرەر دىل - ۋۇجۇدىنى،
يۇرتىنى سېغىنىش،
يالقۇنلۇق مەئىنا...
تۇراتتى ئاھ، يۇرتى،
بالىلىقى ھەم
شۇ ئاددى جىگدىنىڭ گۈل - چېچىكىدە،
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرت چىقامدۇ ئېسىدىن،
يۇرت - مۇ شاھانە تۇرمۇش ئىچىدە؟!

## ھېيتكارنىڭ تارىخى

بىلمىدىم، ئەجداتلار ياسىغانمىكىن،
ياۋايى يىمىش يەپ تۇنجى ئويىنى؟!
ئەيتقانمۇ ياسىشىپ تۇنجى راۋاپنى
گۈلخانلار تۆۋىدە جۇشقۇن كۈيىنى؟!
گۈۋاكۇن كۇندۇزگە،
ئاي - يۇلتۇز تۈنگە،
ھېيتكارنىڭ تارىخى بىر سامان يولى.
بۇ يەردە ئالىپ ئەرتۇڭا دەم ئالغان ①
ھاۋاسى يېقىملىق-
خۇشپۇراق گۈلى...
ئوردۇكەنت ئاتىلىپ بىر زامان قەشقەر②
جامەگە سالغان ھېيت پايانداز نى.
ئوقۇغان بۇغراخان ئەل بىلەن بىللە،
نەقىشلىك مەسچىتتە ھېيت نامازنى.
ياڭرايدۇ ئەۋجىگە سۇناي ۋە ناغرا،
خاس ھاجىپ ③ھېيتكاردا كېزەر شادىمان.
كەچلىكى بۇ يەردە قىزىغان ساما،
قەشقەرلىك ھوسىندە شۇنچە ھاياجان...
ئوتكەندۇ قانچىلىك ئىسسىق ۋە سوغاق،
ياققاندۇ قانچە رەت سېرىق غازاڭ، قار؟!
ھەسرەتلىك تاشۋاي راۋابىدىكى،
بوقۇلداپ يىغلايدۇ بىرجۇپ نازۇك تار...
يۇغاندۇ قانچە رەت بۇلۇتلار يېشى،
ھېيتكارنىڭ قىممەتلىك تۇپىسىنى ئاھ؟!
سالغاندۇ قانچە رەت جەڭ مەيدانىغا،
ھېيتكار كىشىنگەن يورغىسىنى ئاھ؟!...
ئازاتلىق تويىغا كىردى شات ھېيتكار،
تەبەسسۇم ئويىندى گۈل جامالىدا!
تارىخى ئالەمگە بولۇپ خۇشپۇراق-
خۇشلىقى،
تىنىقى - شوخ شامالىدا !...

## ھېيتكار ئاۋات بىررەستە

تۆرغانىمۇ ئۆمرىدە بىردەم جىم ھېيتكار،
بولدى ئۇ، ھەمىشەم شاۋقۇنلۇق سايرام.
ئۇ يەردە كۈلكە بار،
ئۇ يەردە يىغا،
ئۇ يەردە ھازا بار،
ئۇ يەردە بايرام...
ئۇ يەردە باققالنىڭ ئۈنى بىر ناخشا،
ئۇ يەردە دوغچىنىڭ سوزى بىر نەزمە.
تارقىتار خۇشپۇراق زىرىلىك كاۋاپ،
چايخانا ئىچىدە قىزىغان بەزمە...
ئۇ يەردە موردىن چاچار قىزىل گۈل-
سا ايە،
بۇقۇلداپ يىغلايدۇ راۋاپ.
دىۋانە قوللىرى دائىم دۇئادا،
مەددانىڭ سوزلىرى ياڭرايدۇ تاراپ...
ئۇ يەردە رەڭمۇ - رەڭ دوپپا بازىرى،
گويا كى خان ئەتلەس، گىلەم - گۈلباھار-
ئۇ يەردە خىلمۇ - خىل يىمىش بازىرى،
تۆرىدۇ قىش - يېزى قىزىرىپ ئانار...
تۇمەننىڭ سورىتى مىس ئاپتاۋىدا،
ئۇ يەردە سېپىغا كوز قويغان پىچاق.
كورگەزمە قىلغانمۇ قول ھۈنىرىنى،
قەشقەرنىڭ قىرانى،
كوزلىرى بۇلاق؟!.

كەلمەكتە جاراڭلاپ قوڭغۇراق ئۈنى،
ئىراندىن قايتتىمۇ قارىغىن، كارۋان؟!
ھېيتكار تۈگۈنى يەپەك يولىنىڭ،
غەرپ ۋە شەرققە شوھرىتى ئايان...
سائادەت كاككۈگى كۈلدى ھېيتكاردا،
خۇددى توز قانىتىدەك گۈلباھار كېلىپ.
قىزىدى،
قايىندى شۇنچە بۈگۈنى
ناخشا - كۈي، كۈلكىلەر ئەۋجىگە ئېلىپ...
كورۇمسىز دۇككانلار كەتكەن قەيەرگە،
ئورنىدا ماگىزىن: قوش قەۋەت، ئاپپاق.
جاۋەنلەر سارىيى ھەسەن - ھوسەننىڭ،
سۇلايمان غەزنىسى كوز چاقار،
پارلاق...
سايرايدۇ گۈل راۋاپ شادىيانىغا،
— ياغ يەيسە!
— ياغ يەيسە!
شۇ ياڭراق ئاۋاز،
ئەمەسمۇ، ئېيتقىنە، باياشاتلىقنىڭ
ناخشا ۋە نەزمىسى،
جاراڭلىغان ساز؟!
يەنە شۇ كۈن ۋە ئاي، يۇلتۇز ئاسماندا،
يەنە شۇ شاماللار ئۇچاركۈي قېتىپ.
قانچىلىك ئۆزگەرگەن ھېيتكار، تويدا
ياسانغان قىزاندەك تۇرار شاتلىنىپ...

## ھېيتكار ساماسى

جامەنىڭ پەشتىغى گۈلگۈن شەپەقتەك،
بىر بوياق ياقۇتتىن، بىر بوياق زەردىن.
بۈگۈن ھېيت...
ياڭرايدۇ ناغرا ۋە سۇناي،

تارتىپتا، گۈل ھوسنى ئوخشاش سەھەردىن...
كۈن غەربى ئۇپۇققا يېقىنلاشماقتا،
قىزىدى ھېيتكاردا ساما شۇنچىلىك!
لەرزان پىقىرامدۇ گۈللىگەن باھار،

بولماس ھەسەن ـ ھۆسەنرەڭدار بۆنچىلىك!
ساقىلى كۆمۆشتەك بوۋاي سامادا،
سامادا شايى بەلۋاغ باغلىغان قىران،
سامادا چىرايى نۇرانە موماي،
شەھلا كوز، ئاي يۈزلۈك، سەرۋەبويجانان ···
سامادا گۆلباھار،
سامادا سۆيگۈ،
سامادا جاسارەت، غەيرەت ۋە ئارمان!
سامادا شوھرەتلىك ئۇيغۇر سەنئىتى،
سامادا شاتلىققا تولغان يەر ـ ئاسمان!···
سامادا قەدىمى،
لېكىن ياشارغان،
گۆللەنگەن ھېيتكار شاد ـ خۇرام، ئېچىلىپ!
ۋاھ، ئۇنىڭ قولىدا بىرتال قىزىلگۆل،
تۇرىدۇ ئۇنىڭدىن ئەتىر چېچىلىپ···
ئۈستىدە سايرايدۇ سۆيگۈ بۇلبۇلى،
تاشۋاي راۋابى قانچىلىك جۇشقۇن!
ئاسماندىن توغۇرلاپ چۆشمەكتە يۇلتۇز،
قاپلىدى ھېيتكارنى ئالتۇنرەڭ ئۇچقۇن···
پەردىلەر قارايدۇ ئاي ئوردىسىدىن
سامادىن گۆل بولۇپ كەتكەن ھېيتكارغا!
ئەتىكى كۈن يەنە قانچە چىرايلىق
قەدىمى سەھەرگە يەتكەن ھېيتكارغا!..
توي تارتىپ كەلمەكتە ھېيتكار ئەتىگە،
بۇ ئۇزۇن سەپەردە غەيرەت ئۇرغۇتۇپ!
بىلمەمەن بىيجىڭنىڭ يېڭى ناخشىسى
كەتتى ۋاھ، ھېيتكاردا سۆيگۈ قوزغۇتۇپ.

## تىلەك

ئېيتقاندىم ناخشامنى چارەك ئەسىرنىڭ
ئالدىدا ھېيتكارغا بېغىشلاپ دىلدىن،
قىزىلنۇر ئىچىدە كۆلگەن بۇ دىيار،
ئۆتتى مەرت يىگىتتەك ئاشۇ ئۇن يىلدىن،
چېنىقتى ···
كوز نورى كۆچەيدى ئۇنىڭ،
يەنىمۇ يورىدى ئېقىل چىرىغى!
قايتىدىن گۈللىگەن نۇرلۇق باھاردا
قارىغىن، قانچىلىك كۆچلۈك تىنىقى!···
بۈگۈن، ئۇ گوياكى بىر بۇلبۇلگويا،
ئاغزىدىن گۆل چېچىپ ئۇچقان سەپەرگە!
پارتىيە شەپقىتى خۇددى بىر بىر قۇياش،
ئۇچماقتا جاسارەت قۇشى زەپەرگە!
مانا، مەن ئاۋۇالنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ،
سايرامنى مەي قىلىپ چاچتىم يولىغا!
قاقاخلاپ كۆل ھېيتكار!
يېڭى كۆبۆمنى،
قەلەمنى نەي قىلىپ چاچتىم يولىغا!

## نىزارىنىڭ يېڭى ئىلھامى

گۆلباھار···
ئايدىڭ تۈن ······
ھاياجانلىنىپ
تۇرىدۇنىزارى قىيا ئۈستىدە،
ئاستىدا ئاقىدۇ شاقىراپ تۈمەن،
ئاجايىپ جۇشقۇنلۇق
كۆمۈش گۆل گۆلزارى۔
دەريا ھۆسنىدە···

تۇمەننىڭ تولقۇنى ـ ئالتۇن كوشۇگە ،
ئولتۇرار ئۇستىدە گۈزەل رابىيە
كوزىدىن
چىچىپ زەر ئۇچقۇن.
سەئىدىن يار ئۇستى ـ كونا مازاردا
چالماقتا راۋاپ،
تىڭشىغىنە،
كۆيى قانچىلىك جۇشقۇن...
ئاھ، بىر بىر ـ بىرىنى
بەخت گۈلشىنىدە
باغاشلالمىغان.
سادىق ئىككى يار،
قەلبىدىن ئاقماقتا ھەسرەت تاشقىلاپ.
چاچماقتا ئۇلارغا شائىر مۇڭىنى
چاقنىغان كوزلىرىدىن
ئەنە، چاشقىلاپ...
بىر چاغدا
ياپ ـ يېشىل تاللىق ئىچىدىن
كەلدى پىچىرلىغان سادا
خۇددى ناۋادەك...
نېزارى قارىدى ئاشۇ تەرەپكە
گۈل چىمەن چىرايلىق
خۇددى

يۇلتۇزلۇق ساماداك...
بىرى كۈن،
بىرى ئاي ـ
ئىككى قوشماق ياش
تۇراتتى ئۇ يەردە شىرىن سۆيگۈنىڭ
كەيپىنى سۈرۈپ.
ھاياجان قىيانى باستى شائىرنى،
بۇ گۈزەل،
بەختلىك ۋىسالنى كورۇپ.
ـ "چۈشمەيدۇ، ـ دەتتى كۈن ـ يىگىت
جېنىم، بېشىڭىزغا رابىيە زارى.
زامان بىزنىڭكى!"...
ـ "شۇنداق، ـ دەتتى ھەم ئاي ـ رەئنا،
ئامرىغىم، گۈزەل، ئارمان
بەختلىك ئوغۇل ـ قىزنىڭكى!"...
نېزارى قەلبىدە قوزغالدى ئىلھام،
بىلەمسەن، ئەتىكى داستان:
يۇلتۇزى
پارلاق ئەسىرنىڭ!
داستان قەھرىمانى ـ بىر جۈپ كۈن ۋە ئاي
بەختلىك ئىگىسى بولىدۇ جەزمەن
چىرايلىق،
ئالتۇن قەسىرنىڭ!...

## تاشۋاي چالماقتا راۋاپ

تاشۋاي شۇ يەردە ـ
تۇمەن بويىدا
سايرىتىپ ئاھ، راۋابىنى
ئۆزگەن دەيدۇ جان
ھەسرەت ـ ئارماندا...
ئاۋۇ كىم؟
ئەمەسمۇ تاشۋاي
گۈل ـ چىمەنلىكتە ئولتۇرغان قىران

زوق ـ ھاياجاندا؟!...
قولىدا يەنە شوراۋاپ،
نەقشىلىك راۋاپ،
شاقىرايدۇ شاتلانغان تۇمەن
ئىككى تارىدا،
ئاقىدۇ تاشۋاي ناخشا ـ كۈيلىرى
تىڭشىغىنە،
ئازات زامان گۈلباھارىدا!

## „سائادەت„ كۇتۇپخانىسىدا

... چۇشتىن كېيىن ...
ئاسمان زۇمرەتتەك سۇزۇك...
چىقىپ "ساچىيە" ④ دەرۋازىسىدىن
كېلىمەن
سايىلىق كوچىلار ئارا...
باغلار گوياكى چىمەن دوپپىدەك،
ئۇچىدۇ خۇشپۇراق تارقىتىپ شامال...
سۇلار ئېرىقتىن
قاشلىرى قارا ...
بېشىدا بادام دوپپا،
بېلىدە شايى بەلۋاغ،
كېلىمەن شۇنچە ئالدىراپ
"سائادەت" كۇتۇپخانىسى ⑤
ئاشىناسىدەك.
كېلىمەن ئىلىم - مەئرىپەت،
ئاھ، بۈيۈك سەنئەتنىڭ
ئۇسىغان،
چاڭقىغان چول - تەشناسىدەك...

2

چوڭ ساراي... ١
قانچىلىك چىرايلىق خوتەن گىلىمى،
بىر گۇلى لەھەل - ياقۇت،
بىر گۇلى ئالتۇن
ياپ - يېشىل چىمەنلىك ئىچىدە گويا
يانىدۇ گۇل بولۇپ،
چىراق بولۇپ،
بىھىساپ چوغ،
بىھىساپ يالقۇن...
تورت تامنى چورەدەپ
قويۇلغان قاتار •
كىچىك جوزىلار،
بۇ يەردە كورۇدۇ كىتاپ

ئىلىم - پەن يارى...
گويا بۇ ئازادە،
جىمجىت سارايدا
ئالاتتى جۇشقۇنلۇق نەپەس
بىلىك⑥ باھارى...
مەن ئاستا كىرگەن چېغىمدا
ئۇچۇق ئىشىكتىن،
ئولتۇراتتى ئۇينىڭ تورىدە
مەھمۇت قەشقەرى،
يۈسۈپ خاس ھاجىپ...
ھەقىقەت ئىشىگىنى ئاچقان ئەمانىڭ⑦
يېنىدا ئوي سۈرەر " مەلىكۇل كالام "⑧
توختۇدۇم ئەيمىنىپ،
كەينىمگە داجىپ...
تۇمەننىڭ بۇلاقلىرىدەك
جۇشقۇن روھ ئىچىدە ئەنە، ئاتايى،
ئەنە، سەككاكى،
ئولتۇرار كۇلۇپ.
شېىر بىلەن گويا بىر يۇلتۇزلۇق ئاسمان-
ياسىغان بۈيۈك ناۋايى
ئولتۇرار ھوسنىگە تولۇپ...
خىرقىتى قولىدا چوغدەك قىزىلگۇل،
بۇلبۇل سايراتتى ئاھ، دىرىزىدىن
ئەگىپ كىتەلمەي،
شۇنچىلىك جۇشقۇن!...
زەلىلى يېڭىلا كەلگەن سەپەردىن.
چېچىلار كوزىدىن شېىر،
كوزىدىن ئۇچقۇن...
گويا مەي ئىچكەندەك
گۇلدەك ئېچىلىپ.
بىر شېىرى گۈزەللىك گۇلزارلىقىدا
نوبىتى

ئۇلتۇرار يايراپ.
ئىزارى چىرايى ـ سەھەر ئۇپىغى
ئۇنىڭدىن چىقماقتا ئۇچۇپ
بۇلبۇلگۇيا چېچىپ رەڭدار گۇل.
توختىماي سايراپ.
دىرىزىدىن

بىپايان ئېتىزلارغا
زەر چاچقان تومۇرچى ئۇچىغىغا
تىكەلىپ شائىر غېرىبى
ئۇلتۇرار جوزىغا قويۇپ قولىنى.
مۇھتاجلىق كوچىسىدىن ئېيتىپ غەزەل
جەڭگاھقا كىرگەن نازىمى،
ئۇلتۇرار ئاھ، قىسىپ چىككىسىگە
جەڭگاھ گۇلىنى...
قولۇمنى كوكسۇمگە ئېلىپ،
هورمەتتە ئېگىپ بېشىمنى
دىدىم: ئەسسالام!
چوكتۇم پەگاغا.

ۋۇجۇدۇم گۇلخان...
گويا مەن سۇلايمان غەزىنىسىدەك
شېرىيەت غەزىنىسىگە
كىرىپ قالغاندەك؛
قاراتتىم،
كوزلۇرۇم يالقۇنلۇق چولپان...
بۇ شۇنداق غەزىنىكى:
ئۇنىڭ ئىچىدە
بۇرىتى خەت تارتقان ئوغلان.
چىرايى نۇرانە بوۋاي،
كەزدى، تولۇپ مەي كوڭۇل جامىغا!
كەزدى لەۋلىرى جىنەستە رەڭلىك،
شەھلا كوز دىلبەر،
بەللىرى مۇكچەيگەن موماي،
ئوت يېقىپ كوڭلىنىڭ تەسىر شامىغا!...
ئاھ، قىران ياتىدۇ قانغا بويۇلۇپ،
جەڭ دالاسىدا

تىكىلگەن زۇمرەت ساماغا
ئۇچۇق كوزلىرى.
قىلىچى سېپىدا بىر مىسراشىر...
دىرىزە يېنىدا ئولتۇرۇپ جانان
گۇل قىلىپ تىكمەكتە كوڭلىدەك ئاپپاق-
رەخنىڭ ئۇستىگە،

ئەنە، بىر بېيىت.
يىپەك يىپ- مۇھەببەت-مېھىر ...
هوسنۇمدە سۇيگۇ تومۇزى؛
هوسنۇمدە ئوتلۇق هاياجان.
هەر بىر هۇجەيرەم
كويۇۋاتقان ئوت...
تازا سەپ سالسا، ئۇستازلار-
كورەتتى: پەگادا،

ئىشىك يېنىدا
كويمەكتە ئادەم سۇرەتلىك
گويا بىر گۇلخان.
يوق ئىدى ئۇنىڭدا قىلچە تۇتەك ـ دۇت...

3

ئويغاندىم... دىرىزە ئۇچۇق...
كىرەتتى گۇكىرىپ خۇشپۇراق هاۋا...
ئۇزەتتى زەڭگار ئاسماندا
هوسنىگە تولغان تولۇن ئاي.
هاياجان ئىچىدە ئېلىپ چوڭ نەپەس
ئولتۇراتتىم...

كوزۇمدە ئاشۇ ئۇلۇغلار،
ئاشۇ كەڭ ساراي...
ئىمىشقا ئويغۇنۇپ كەتكەندىمەن ـ هە؟!
بىر ئومۇر يېشىلمىگەن بولسا مەيلىدى
كىرپىكلىرىم،
رازىدىم ئاڭا!...
ئولتۇراتتىم شىرىن ئويقىنىڭ
سىرلىق تورلىرى
يىرتىلغانلىغى ئىككى كوزۇمدىن

ئاھ، ئەلەم بولغانىدەك ماڭا!
شۇ چاغدا كوزۇمگە چۈشتى بىردىنلا
ئالدىمدا-
ئۈستەلدە تۇرغان شۇ كىتاپ⑨
تۇراتتى ئىچچىغلىق ئەنە!
قاراتتى ھەي، ئۇنىڭ ھەر بىر بېتىدىن،
چۈشۈمدە كورگەن ئۇستازلار،
قەلبىمدە غۇرۇرلۇق،
شاتلىق.
تەنتەنە! ...
كوزلۇرۇم يۈگەردى يەنە قۇرلارغا،
يەنە مەن پەگادا،
خۇددى بىر ئىجتىھاتلىق تالىپتەك،
تويماي ئوقاتتىم...
بۇ ئۇلۇغ غەزنىنىڭ بايلىغى بىلەن،
تولدۇرۇپ دىل ساندۇغىنى،
سايراۋاتقان بۇلبۇلدەك،
شېئىر توقاتتىم!...

## ئارمان

مەن سېنى، گۈزەل قەشقەر،
كورۈۋىدىم چارەك ئەسىر ئالدىدا.
خۇددى گۇمانىمدەك،
توپاڭنى كوزۇمگە سۇرمە قىلىپ.
كويۈۋىدىم ئىشقىڭدا، جانىجان شەھەر،
يۈرۈگۈمدىن چىچىپ ئۇچقۇن.
چىچىپ ناخشا،
ئاھ، سېنى مەككە بىلىپ!...
يەنە بىر كورەرمەندىم!
يەنە بىر كويەرمەندىم!
قىزىل بايراق نۇرىدا كولگەن باغرىڭنى،
بىر زىيارەت قىلىشقا
ئارمىنىم بار!
ۋىسال جامىدا ئىچكىنىمدە مەي،
پو ئاتماي،
تۈپرىغىڭغا مېھىر تېرىپ،
شېئىر تېرىپ-
ئالدىغان خامىنىم بار!

1982 - يىل، غۇلجا

---

① ② مەمۇت قەشقەرى ئوزىنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، (تۈركى تىللار دىۋانى) ناملىق مەشھۇر ئەسەرىدە: «قەشقەر ئوردۇكەنت دېيىلىدۇ، بۇنىڭ مەنىسى خان تۇرىدىغان شەھەر، مەركەز دىگەن بولىدۇ. بۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغانلىقتىن ئافراسىياپ شۇ يەردە تۇرغان.» دەپ يازغان ئىدى. ئافراسىياپ - ئالىپ ئەر تونگا.
③ «قۇتاتقۇ بىلىك» نىڭ ئاپتورى، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ.
④ ⑤ «ساچىيە» مەدرىسى، «سائادەت كۈتۈپخانىسى»، قارا خانىلار دەۋرىدىكى مەشھۇر ئىلىم - يەن، مەرىپەت ئالىي يۇرتلىرى ئىدى.
⑥ بىلىك - «قۇتاتقۇ بىلىك» تىكى «بىلىك» بولۇپ. مەنىسى بىلىم دىگەنلىك بولىدۇ.
⑦ ئەما - ئەخمەت يۈگنەكى، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» (ھەقىقەتلەر بوسۇغىسى) نىڭ ئاپتورى.
⑧ «مەلىكۇل كالام» - سوز پادىشاسى دىگەنلىك بولۇپ، مەۋلانى لۇتفى كوزدە تۇتۇلىدۇ.
⑨ شۇ كىتاپ - «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن تاللانمىلار» كوزدە تۇتۇلىدۇ.

# پارتىيەمگە

مەمەترېھىم تۇرسۇن

پارتىيەم قوينۇڭدا تاپتىم بىر ئۇمۇر بەختىمنى مەن،
شۇ بەختىنىڭ ئىلكىدە چىن ئىپتىخار ـ پەخرىمنى مەن.

سەن بىلەن كوردۇم قىزىل تاڭ نۇرىنى، جان يايرىدى،
سەن بىلەن قانخورلىدىن ئالدىم قىساس ـ ئەنتىمنى مەن.

ئىخ، مىنىڭ كۈي، شاتلىغىم يەر شارىنى كەلتۇردى چاڭ،
دەس تۇرۇپ مەغرۇر كوتەردىم يا كەبى قەددىمنى مەن.

سەن بولۇپ غەمخور چىمىز تەربىيلىدىڭ مېھرىڭ بىلەن،
سەن بىلەن ئاچتىم كوزۇمنى، ياشنىتىپ بەھرىمنى مەن.

ساڭا ئەگەشكەچ ئوزەمنى بەختىيار ئىنسان سىزىپ،
سەن ئۇچۇن تۇتتۇم چىلىشقا پاك يۈرەك قەلبىمنىمەن.

تەلىمىڭ بولدى ماڭا دەرسلىك گويا تۇرمۇش ئۇچۇن،
سەن ئۇگەتكەچ كوزلىدىم ھەر ئىشتا ئەل ـ خەلقىمنى مەن.

سەن قوللىغاننى قوللىدىم، سەن قارشىغا قارشى بولۇپ،
جەڭ ـ چېلىش جەڭگاھىدا چاچتىم غەزەپ ـ قەھرىمنىمەن.

سەن ئۇچۇن مۇشكۇل ـ جاپا دىل راھىتىم بولدى ھامان،
ئاتىغاچ ئەل بەختىگە ھەر بىر تىنىق ـ نەپسىمنى مەن.

ھور كېلىچەك «مەرھابا!» دەر ئاقلىسام ئومرۇم بويى
بايرىغىڭنىڭ ئالدىدا بەرگەن قەسەم ـ ئەھدىمنى مەن.

# دوستۇمغا

قادىر بۇلاق

بۇ جاھان دوستۇم ساڭا بىر ئىمتىھان مەيدانىدۇر،
مەرت بىلەن نامەرتنى ئايرىشتا تاراز-مىزانىدۇر.

قولىدا گوھەر تۇرۇپ قەدرىنى كىمكى بىلمىسە،
ئۆزگىلەرگە تەلمۈرۈپ قول سوزغۇچى دىۋانىدۇر.

كوز ئېچىپ پەندىن-بىلىمدىن كىم خەۋەرسىز قالساگەر،
شۇم نادانلىق دەشتىدە بىر ناتىۋان سەرسانىدۇر،

گەر ئىلىم - پەن ئىشقىدا كۆلخان بولۇپ يانغان كىشى،
يەر - زىمىن، ئوكيان، ھاۋا پەرۋاز قىلىپ سەييارىدۇر.

" ئۇژمە پىش،ئاغزىمغا چۈش " دەپ ئۇخلىماق جايىز ئەمەس،
تەر توكۇپ ئىشلەپ ياشاش بۇ دەۋرنىڭ پەرمانىدۇر.

بەزىلەر ئالماي بىلىم ئوز ئومرىنى خار ئەيلىشىپ،
قاترىشىپ يۇرگەن يېرى دائىم قاۋاق مەيخانىدۇر.

ئوزنى بىلگەن ھەر كىشى ئوزگىنىمۇ ئويلاش كېرەك،
بەزىلەر ئوزگىگە مەس، ئوز نەپسىگە مەستانىدۇر.

ئوقۇماي، بىلمەيكىيىن قىلغان پۇشايمان پايدىسىز،
پۇلغا قۇل بولغان كىشىنىڭ دىل كوزى بىمارىدۇر.

ئەل - ۋەتەن بەختىنى دەپ جەبرۇ - جاپا چەككەن ئېزىز،
مەڭگۇ ئۇ ھورمەت شەرەپلىك تەختىگە سۇلتانىدۇر.

تەر توكۇپ ئەل يۇرتقا مىۋە بەرمىگەن باغۋەن ئەمەس،
ئاغزىدا مىللەت، ۋەتەن دەپ ئەيتقىنى ئەپسانىدۇر.

ئىتتىپاق - بىرلىك، باراۋەرلىك يولىغا ئۇيۇشۇپ،
پەن - بىلىم ئەۋجىگە چىققان ئەلنىڭ ئۇلۇغ دەۋرانىدۇر.

بۇ ئۇلۇغ تورت چوڭ نىشانغا بارچە مىللەت تەڭ يېتىش،
ئوت يۇرەك قادىر بۇلاقنىڭ مەڭگۇلۇك ئەرمانىدۇر.

# كېرەك

ئابلەت قادىر

ياپ - يېشىل كوكلەم - باھارغا خۇشپۇراق رەنا كېرەك،
ئەل ۋەتەننىڭ ئىشلىرىغا ئاق كوڭۇل دەنا كېرەك.

مەرىپەت بولبۇللىرىنىڭ قەدرىگە يەتمەك ئۈچۈن،
پەن - بىلىم ئىشقىدا كويگەن دىلبىرى بەرنا كېرەك.

يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس گەرچە تۇلپار بولسىمۇ،
يول يۈرۈشتە چىن ۋاپادار ساپ نىيەت ھەمرا كېرەك.

كېتىدۇ ئۆتكەن ئۆمۈر كەلمەيدۇ پۇشمان قىلسىمۇ،
ھەر مىنۇت ئۆتكەن ۋاقىتقا يېڭىچە مەنا كېرەك.

كۆلسىلا ئادەم ئەمەس ۋىجدان - غۇرۇرى بولمىسا،
تاغ يۈرەك، كەمتەر، ئىرىشچان خىسلىتى ئەلا كېرەك.

# ئىككى شېئىر

سادىن سادىرى

## ھەركىم

سەھەتلىك بىباھا بايلىق، شۇنىڭغا ئىنتىلەر ھەركىم،
شۇنى ئويلاپ، قىلىپ ئارزۇ، ھايات باغىن كېزەر ھەركىم،
شۇ بايلىققا ئېرىشكەندە ئۆزىنى شات سېزەر ھەركىم،
شۇ بايلىقتىن جۇدا بولسا، نادامەتلەر چېكەر ھەركىم.

تېۋىپ-دوختۇرلىنى خەلقىم ھېكىم دەپ نام بېرىپ كەلدى،
ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى ئۇنتۇماي، ئالى بىلىپ كەلدى،
بېرىپ ھورمەت تورىدىن جاي، راسا ئىززەت قىلىپ كەلدى.
پەخىرلەنگەچ ئۇلاردىن، ئېھتىرامىن بىلدۇرەر ھەركىم.

ھېكىملەرنىڭ رولى كاتتا كىشىلەر ئۆمرى گۈللەشتە،
بولۇپ ساغلام، تولۇپ كۈچكە، تەبىئەتنى يۈگەنلەشتە،
گۈزەللىكنى سۆيۈپ جاندىن، ئىلىم - پەننى ئىگەللەشتە،
شۇنىڭچۈنمۇ ھېكىملەر قەدرىگە بەكمۇ يېتەر ھەركىم.

بولارمۇ بەرگىلى بەرداش بىمارلار ئىلتىجا قىلسا،
كېسەللىك قايغۇسى ئورلەپ ئۇلارنىڭ باغرىنى تىلسا،
جېنىم قىينالدى ، قۇتقازغىن ئازاپتىن دەپ نىدا قىلسا،
ھېكىم قىلغاي پىدا جانىن ، ئۇنىڭغا كوز تىكەر ھەر كىم.

باھار گۈلزارىدا بۇلبۇل كەبى خەندان ئۇرۇپ سايراپ
يۈرەتتىم شادىمان ، ئەركىن بەخىت قۇچاغىدا يايراپ،
پاراۋان ، ھور ھايات بوستانىدا ئىشلەپ راسا قايناپ،
يىقىلدىم ، ئاھ ، تويۇقسىزلا، بۇ دەردىمنى بىلەر ھەركىم.

قىزىتمام ئۇرلىدى بىردىن ، يوقاتتىم دىل ئارامىمنى،
بايان قىلدىم شۇ ئاندا مەن كېلىپ ئالدىڭغا ھالىمنى،
قىلىپ شەپقەت ئىچ ئاغرىتتىڭ كورۇپ سۇلغان باھارىمنى،
خالاس بولار ئىكەن غەمدىن نە بولسا جان كويەر ھەركىم.

بولۇپ پەرۋانە باشىمدا ، بېرىپ دورا ، سوراپ ئەھۋال،
ئەجەلنىڭ ئالدىنى توستۇڭ، ئىدىم مەن خەستە جان - بىھال،
ئۈمىدىم شامىنى ياقتىڭ قىيىن ئىشقا قىلىپ ئامال،
تەشەككۇر ئەيلىبان ئىزھار يولۇڭغا گۈل توكەر ھەركىم.

شىپا بەردىڭ ئۇنۇتمايمەن سېنىڭدەك مېھرىبان مەرتنى
پەزىلەتكە ، ئىسىل خىسلەتكە تولغان قەھرىمان مەرتنى
كېسەللىك ئاپىتىنى يەڭگۈچىنى - پەھلىۋان مەرتنى،
سېنى ئەسلەر مېنىڭدەكلا سەمىمى ياد ئېتەر ھەركىم.

شۇڭا دەيمەن سېنى : ئىشنى ئەجەپ ئوبدان ئادا قىلدى،
سېنىڭ ئالتۇن تېرىڭ - ئەجرىڭ ماڭا قۇدرەت ئاتا قىلدى
غەزەلگە ئايلىنىپ نامىڭ يۈرەكلەردىن سادا قىلدى،
ئۇلۇم گىرداۋىدىن يانسا بولۇپ خۇرسەن كۈلەر ھەركىم.

ئىكەنسەن كەڭ كوڭۇل ، خۇشخۇي، ماھارەتتە يېتۈك قابىل،
خەلقنىڭ مېھرىنى قۇچتۇڭ شەرەپ - شانغا بولۇپ نائىل،
تىرىك بولسا ئەگەر لوقمان ، بولار ئىدى ساڭا قايىل،
سېنى ئۇلگە قىلىپ ، كوڭۇل سارايىنى بىزەر ھەركىم.

## بىر بۇرادىرىمگە

بۇرادەر، بولدى قىل ئەمدى تاماشا، ئەيشى - ئىشرەتنى ،
قەدەم قوي پەن يولىغا سەن يېڭىپ جەبرۇ - مۇشەققەتنى ،
بىلىملىك بولغىنىڭدا ئىزدىمەيسەن ساختا شوھرەتنى ،
ئىناۋەت - ئابرۇيىڭ ئۇسكەي ئېلىڭگە قىلساڭ خىزمەتنى ؛
شۇڭا ئوقۇپ بىلىم ئالغىن، قەدىرلەپ بەخىت - سائادەتنى .

ئېسىل خىسلەت كىشى كوركى، ئۆنى سويىمەك شەرەپ ھەردەم،
ئۆنىڭدىن بەخىت تاپار بولساڭ، ياشا دەر ھەر تەرەپ ھەر دەم ،
كىشىنىڭ قۇدرىتى شوكى بىلىم، ئەخلاق - ئەدەپ ھەر دەم ،
ناماييشكار ئەمەس، پىنھان ئىرور گوھەر، سەدەپ ھەردەم،
ئەجىر قىلماي تاما قىلما چۆشەر دەپ كوكتىن ئامەتنى .

بۇ دەۋران ئىنتىزار دائىم ماھارەتكە، ئىلىم - پەنگە ،
ھوسۇن قوشقان كەبى گۈللەر باھار سۆيگەن بۇ گۈلشەنگە ،
لاتاپەتلىك، ھوسۇندارلىق ياراشقاندەك بەدەن - تەنگە ،
يېتىشكەندەك غېرىپ ئاشىق كېزىپ چۆللەرنى سەنەمگە ،
يېتىشتۇرگىن ۋۇجۇدۇڭدا بىلىمگە چىن مۇھەببەتنى.

ھاياتنىڭ دىلبىرى ياشلىق ئۆنى سىدن بوشقا ئۆتكەزمە،
بۇ ئالتۇن پەسلىنى چىڭ تۇت، قەدىرلە، بىكار كەتكۈزمە،
ھامان بولغىنىكى ئەستايىدىل، ھېچ ئىشنى چالا پۈتكۈزمە،
چېقىمچى بولما ھېچيەردە ۋە غەيۋەتلەرنى يەتكۈزمە،
بولۇپ دائىم ئۆچۈق - يورۇقھەم ساقلىما ئاداۋەتنى.

ھاراقكەش، نەشكەشلەرنى كىشىلەر بەك يامان كورگەي،
ھاراق ئىچتىڭ، نەشە چەكتىڭ ئۆزەڭنىڭ خۇدىنى بىلمەي،
ساڭا مەن مەسلىھەت بەرسەم، يۈرۈۋەدىڭ زۇۋان سۈرمەي،
ھۇشۇڭنى تاپ، بۇ يولدىن يان، يامانلار كەينىدىن يۈرمەي،
قۇرۇق پونى ئېتىپ يۈرمە، قىلىپ دەستەك سالاپەتنى.

ئازاپقا بىزنى يەم قىلدى بالاخور شۇم زىيانداشلار،
تولا كوردۇق زۇلۇم - كۈلپەت ئۇلاردىن بىز قېرى - ياشلار،
تېگىپ تۇردى بېشىمىزغا كېچە - كۈندۈز تاياق - تاشلار،
شۇ ھەسرەتنى، زۇلۇم، دەرتنى ئۇنۇتمايدۇ قېرىنداشلار،
تۈزىكورلۇق شۇنى ئۇنتۇش كى كورگەندە پاراغەتنى .

ئۇلۇغ كومپارتىيە قۇتقازدى بىزنى شۇ زۇغۇي - زادىن،
زۇلۇم كۈلپەت نېرى كەتتى، ئادالاندى يۈرەك داغدىن،
ئىدۇق بىزلەر قاقاس چولدە، ئورۇن ئالدۇق چىمەن باغدىن،
خوشاللاندۇق بۇ دەۋراندىن، بەختلىك-شادىمان چاغدىن،
يېڭى دەۋران خوشال قىلدى سائادەتمەن جامائەتنى.

مۇشۇنداق شات ـ خوراملىقتا ئۇيۇشتۇق بىز پولات سەپكە،
ئۇلۇغ كومپارتىيە بولغاچ تولۇپ ـ تاشتۇق جاسارەتكە،
يۈرۈش قىلدۇق زامانلاشماق ئۈچۈن جەسۇر قىياپەتتە،
جاھان خەلقى تەشەككۈر ياغدۇرۇپ بىزگە مۇھەببەتتە،
بولۇپ قايىل مەدەت بەردى كۆرۈپ بىزنىڭ كارامەتنى.

بۇرادەر ئويلىغىن ئەمدى، كېرەكتۇر نىمە قىلماقلىق؟
ئاسانمىكەن زامانلاشماق، سوتسىيالىزىم قۇرماقلىق؟
ئۇياتمىكەن كېيىن قالماق، چەتتە قاراپ تۇرماقلىق؟
شەرەپتۇركى ئېلىپ بىلىم، ئۆيىن ئىشقا ئاشۇرماقلىق!
جاپانى تارتمىساڭ بولماس كۆرۈپ راھەت ـ ھالاۋەتنى.

ئۆزەڭنى ئەمدى تۇت دوستۇم، يېشىڭمۇ قىرىقتا يەتكەندۇ؟
بۇرادەر دوستلىرىڭنىڭكى سۆزىمۇ تەسىر ئەتكەندۇ؟
قۇرۇق مەنمەنلىكىڭ، لاپ ئۇرمىغىڭمۇ نېرى كەتكەندۇ؟
قارا ئەتراپقا، چىن دوستلار سېنى بىر ـ بىر كۆزەتكەندۇ؟
كۆرۈشكە ئىنتىزار ھەر كىم سېنىڭدە يېڭى ئالامەتنى.

(بېشى 105 ـ بەتتە)

يەتتىنكى «يېڭى دولقۇن» غا ئەگىشىپ، لىكسىيىگە تەييارلىق كۆرۈشتىن باشقا خىلىلا كوپ ۋاقتىنى يېڭى مودا كىيىملەرنى تاللاش بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئاق كوڭۇل، كەڭ قوساق تۇرغۇن ھەممىنى كەچۈردى. خاسىيەتنى يەنىلا ئۆزى بىلەن بىللە دادىل ئالغا چامداشقا ئۈندىدى. بىراق، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» دىكى ۋەھىمىنى دىلىدىن تۈگەل چىقىرىۋېتەلمىگەن خاسىيەت بىلىم ئەھلىنىڭ ھەقىقى تۇردە قەدىرلىنىشىگە تازا ئىشىنىپ كېتەلمىگەچكە، قەدىمىنى تۇرغۇنغا جور قىلالمىدى. مانا ئەمدى پاكىت ئالدىدا يەرگە قاراشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ…

خاسىيەت بېشىنى ئاستا كۆتىرىپ، قاسىم ئاكا بىلەن خوشال پاراڭ سېلىشىۋاتقان تۇرغۇننىڭ قارا قاشلىرى ئاستىدىكى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، ئىشەنچ نۇرلىرى چاقناپ تۇرغان كوزىگە، قەتئىلىك ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرغان قاراتۇل، جۇدەڭ يۈزىگە ئەزەلدىن كورۇلۇپ باقمىغان چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن تىكىلدى…

# ئىككى شېئىر

نىياز قېيۇم

## دوستلۇق ناخشىسى

( ناخشا تېكىستى )

ئىناقلىق گۈللىرى كوركەم،
ئېچىلدى باغىمىز ئىچرە.
مۇھەببەت ناخشىسى ياڭرار،
گۈزەل، ھورچاغىمىز ئىچرە.

ئۇيۇشۇپ بارچىمىز بىردەك،
مېھىر گۈلشەنىدە كۈلدۈق.
ئىجىللىق شەربىتى تولدى،
ئەقىدە جامىمىز ئىچرە.

جىمى مىللەت بولۇپ بىر تەن،
باسارمىز ئالغا مەردانە.
جۇلالاپ نۇر چاچار دوستلۇق،
مۇقەددەس غايىمىز ئىچرە.

قايتۇرما:

مېھىر گۈلشەنىدە كۈلدۈق،
ئەبەتكە نۇر چاچار دوستلۇق.

## مايسا

قوياشتىن نۇر ئىمىپ كوكلەپ، ياشارغان - ياشنىغان مايسا،
ساخاۋەتلىك باھارنى ئېتىزدا باشلىغان مايسا.

تېپىپ پەرۋىش كۈمۈش تەردىن، ئۆسۈپ گۈلدەك تېنى يايراپ،
ساماغا بوي سوزۇپ، تەكشى قەدەملەر تاشلىغان مايسا.

يېشىل مەخمەل كەبى ھوسنى كۈلۈپ مېھنەت شارابىدىن،
بېغىشلاپ دىلغا زوق-ئىلھام، گوھەردەك چاقنىغان مايسا.

گويا قۇندۇز كەبى غولى دىمىدىن كورنەر دان تاغ،
زامانىمنىڭ ساپ ھاۋاسىدا، كۈنۈ - تۈن ئاينىغان مايسا.

بىلىپ مېھنەتنى ئەڭ يۈكسەك، جاپاكەشنى سۆيۈپجاندىن،
ھورۇنلارغا كۈلۈپ باقماي دىلىنى داغلىغان مايسا.

ئۆزىنى بەخش ئېتىپ دائىم، ھاياتنىڭ ئىنتىزارىغا،
شۇ يولدا ئۆتسە ئۆمرىنى، بەختلىك چاغلىغان مايسا.

تۇرۇپ ئۈستۈڭدە ھورمەتتە، تۇرارمەن پەرۋىرىش ئەيلەپ،
ئۆتۈك دىلدا ھەۋەس قوزغاپ، بولاقتەك قاينىغان مايسا.

يىگانە سەن تەكەببۇرلۇق، ھەسەتخورلۇق، كورەڭلىكتىن،
بولۇپ كەمتەر، ۋەتەن - ئەلگە ئۆزەڭنى ئاتىغان مايسا.

تۇرارسەن ھەر سەھەر - تاڭدا، دىخانغا تەلمۈرۈپ خۇشال،
دىمەك تەر قەدرىگە شۇنچە مۇھەببەت باغلىغان مايسا.

پۈتۈن دىللار ساڭا مايىل، پەزىلىڭدىن بولۇپ قايىل،
باھارىڭ كەلدى كۆل، ئۆرلە! دەۋردىن يايرىغان مايسا.

# كەلدىم

ئابدىرىشىت سادىق

قۇچاق ئاچقان بىلىم كانى گۈزەل مەكتەپكە مەن كەلدىم،
ئىلىم - ئىرپان سۆيى كەۋسەر، ئۇنى ئىچمەككە مەن كەلدىم.

يۈرەك تەشنا ئىدى پەنگە، ئەزەلدىن ئاشىنا ئەردىم،
شۇ بۇ ئىشقىم ۋىسالىغا تولۇق يەتمەككە مەن كەلدىم.

بىلىمنىڭ قەدرىنى بىلدىم بۈگۈن مۇنبەرگە چىققاندا،
شۇڭا بارلىق ۋۇجۇدۇمنى سەرپ ئەتمەككە مەن كەلدىم.

بىلىم بىرلە ۋەتەن، خەلقىم يېتەركى ئاززۇ - ئارمانغا،
تومەن چاڭقاق يۈرەككە سۇ ئېلىپ كەتمەككە مەن كەلدىم.

بىلىم دەرياسى دولقۇنلۇق ئاقار، ئۆتمەك ئەجەپ مۇشكۈل،
لېكىن چىڭ باغلىدىم بەلنى ئۈزۈپ ئۆتمەككە مەن كەلدىم.

بىلىم دىلغا چىراغ بولسا ئۆزەم نۇرىغا پەرۋانە،
ئەشۇ نۇرغا ئېزىز جاننى پىدا ئەتمەككە مەن كەلدىم.

# پارتىيە ھەققىدە مۇخەممەس

ئەخمەت داۋۇت

پارتىيەم مېھرىڭ ئاسايىش ، ئەل ئۈچۈن غەمخانىسەن ،
كۆلكۆلۈستان پەسلىمىزنىڭ خۇشپۇراق رەيھانىسەن ،
رەھنەماسى ھور ئېلىمىنىڭ، تاغ يۈرەك پەلۋانىسەن ،
بۇ يېڭى ئۆزۈن سەپەرنىڭ گاڭ قانات تۇلپارىسەن ،
ھەر چېلىش شانلىق زەپەرنىڭ كوكتىكى شۇڭقارىسەن .

شەپقىتىڭدىن بۇ دىياردا ئاتتى ئىقبال تاڭ ـ ناھار ،
سەن بىلەن گۈللەندى جۇڭخۇا، بولدى گۈلشەن ـ لالىزار ،
باغلىرىدا پىشتى مەي بوپ ئالما، ئەنجۇر ھەم ئانار ،
ئەڭ ئۇلۇغ ئىستەك ئۈچۈن بولساق ئىجاتچى تۇھپىكار ،
سەن گويا مېھرى ـ شاپائەت، ھور بەختىنىڭ كانىسەن .

ئاقتى مېھرىڭدىن شىكەر ـ بال ، سەندە جۇڭخۇا نەسلىگە ،
ياڭرىدى ھەر ياندا سازلار، دەۋرىمىزنىڭ شەنىگە ،
ھەممە مىللەت ئاتلىدۇق تەڭ، جەڭ ـ چېلىشقا، بەيگىگە ،
كوككە يەتتى بېشىمىز، يەتتۇق سائادەت ۋەسلىگە ،
نۇرلىنىپ كۈلگەن زامانىڭ سۇبھى تاڭ ـ قوياشىسەن .

چامدىدۇق ئالغا، كوتەردۇق ماركسىزىم تۇغىنى،
قۇرىۋالدۇق ھور دىياردا توت گۈزەل باغ ھۆلىنى،
سەن ئېچىپ بەردىڭ ئېلىمگە بەختۇ ـ ئىقبال يولىنى،
سەپ بولۇپ ماڭدۇق، تۇتۇپ بىز بارچە سەپداش قولىنى،
سەن ئەبەت ئەمگەكچى خەلقىنىڭ مىسلى گاڭ قورغانىسەن.

# رۇبائىيلار

مەمەت ئەلى

ياش بىلمەس ياشلىقنىڭ گۈزەل دەۋرىنى.
ساق كىشى بىلمەيدۇ كېسەل دەردىنى.
بولسا كىم ئۆلۈمگە يۈزلەنگەن بىتاپ،
ئۆمرىدە شۇ بىلەر ھايات قەدرىنى.

*

ئالدىمغا كەلدى بىر مويسىپىت پەدەر،
يوغان بىر ھوقۇقتىن بېرىپ خوشخەۋەر،
ئۇ دېدى : ھەزەر قىل ئورلىمەك قانچە،
ھاڭۇ بار ئاستىڭدا شۇنچىلىك خەتەر.

*

گەر تەتۈر باققاندا ساڭا كاج پەلەك،
دېمىگىن ئۇھ تارتىپ : " نەچارە كېرەك؟".
ئۇچمىسۇن قەلبىڭدىن ئۈمىت يۇلتۇزى،
تەقدىرگە تەن بەرگەن ئەمەس ئوت يۈرەك.

## تۇيۇق

" بەخت " دەپ ئىسمىنى ئاتىدىڭ ئى يار،
سەن ئۇچۇن بەختمۇ راھەت بولسا يار؟
ھەقىقى بەختكە ئېرىشمەك بولساڭ،
قىل ئەلگە جانىڭدا ، ياۋ كۆكسىنى يار!

## مەن سۆيىمەن ئانا دەريا تۇمەننى

ئېزىز سايىت

كومۇش كوزلۈك بۇلاقلاردىن ئۇلغىيىپ،
ئۆركەش ياساپ ئاقار تۇمەن سۇلىرى.
خۇددى يېشىل كىمخاپكەبى تون كىيىپ،
كۆز چاقنىتىپ تۇرار ئۇنىڭ بويلىرى.

گۈلگە تولغان قىرغاقلىرى تۇمەننىڭ،
زەپمۇ خۇشبۇي لالە - رەيھان پۇرايدۇ.
نەزەر سالساڭ ئەتراپىغا زوقلىنىپ،
كاككۇك، تورغاي سايراپ سىنى ئورايدۇ.

بويلىرىغا ھوسۇن قوشۇپ ھەممىشە،
قەد كوتىرىپ تۇرار بوستان تېرەكلەر،
چاقنىغانىدا ئېچىسەك زومردت سۆيىدىن ،
خوشاللىقتىن يايراپ كېتەر يۈرەكلەر.

قىشىن - يېزىن دىلىغا ھوزۇر بېغىشلاپ،
توختىماستىن شاۋقۇن سېلىپ ئاقىدۇ.
بېسىپ ئوتۇپ قانچە جىرا-سايلارنى،
قاغجىرىغان تۇپراققا جان قاتىدۇ .

ئاڭلىنىدۇ ئۇنىڭ كوركەم بويىدىن،
گومنام، مەشرەپ، نازارنىڭ غەزەللىرى،
ئاسمىنىدا مەرىپەتنىڭ تۇرار چاقناپ،
نەفىسەھەم موتىرىبانىدەك گۆزەللىرى.

شۇڭا ئۇنىڭ ئۇزاق ئاتام زاماندىن،
ئەل ئاغزىدا مەڭگۇ ئوچمەس نامى بار.
كامالەتكە يەتكەن مەخمۇت، يۇسۇپتەك،
خەلقىمىزنىڭ ئىپتىخارى شانى بار.

مەن سۆيىمەن ئانا دەريا تۇمەننى،
ئېقىمىدا ئەجداتلارنىڭ ئىزى بار.
كوكرەك كېرىپ دولقۇن يېرىپ كاراپتەك ،
ئۈزگەن سانسىز باتۇر ئوغۇل-قىزى بار.

مەن سۆيىمەن ئانا دەريا تۇمەننى،
دولقۇنىدا ئەركىن ئۇزۇپ چوڭ بولغاچ.
دىل قانغىچە ئىچىپ شەربەت سۆيىنى،
ئېقىل - ئىدرەك جاسارەتكەلىق تولغاچ.

# ۋەتەن ئۈچۈن

ياسىن ئىمىن

ئانا ۋەتەن كوكىدە مەغرۇر ،
قانات قېقىپ ئۇچۇپ كېلۇرمەن .
ئانا ۋەتەن مەن ئۈچۈن قوياش ،
ئاڭا شەرەپ قوچۇپ كېلۇرمەن .

ئوغلى بولغاچ ئانا ۋەتەننىڭ ،
شۇ نام بىلەن مەڭگۇ ھاياتمەن .
شۇ نام بىلەن بۇلۇتلار يېرىپ ،
ئۇچسام مەڭگۇ سۇنماس قاناتمەن .

يېرىپ تۇنەر، تۇمانلار ئارا ،
چاقماق بولۇپ چېقىپ كېلۇرمەن .
بارچە توسقۇن بىت - جىت يولۇمدا ،
قىيان بولۇپ ئېقىپ كېلۇرمەن .

ئانا ۋەتەن قوينۇڭغا سېنىڭ،
تولۇن ئايدەك بېقىپ كېلۇرمەن.
ئاشۇ ئالتۇن ۋادىلىرىڭغا،
كوكرۇگۇمنى يېقىپ كېلۇرمەن.

ساڭا سوققان يۇرەكلىرىمدىن،
ساڭا ئالقىش ئوقۇپ كېلۇرمەن.
ئۇلۇغ نامۇ - تەرىپلىرىڭگە،
پۇتمەس داستان توقۇپ كېلۇرمەن.

ھەر ئىزىمنىڭ غەلىبەلىرىدىن،
مېۋىلەرنى ئېلىپ كېلۇرمەن.
خەلقىم بىلەن تەڭ كوتۇرۇپ جام
غەلىبە سازىن چېلىپ كېلۇرمەن.

# غەزەللەر

يالقۇن

1

كۆرەش ـ جەڭ تاۋلىغاي بىلسەڭ بوشاشماس گاڭ بىلەك ئەرنى
كىمكى ئەيلىسە مېھنەت دېگىزدىن سۈزگۈسى زەرنى.

باياۋان باغرىدا گۈللەر كۈلۈپ قات ـ قات ئېچىلغايمۇ؟
بىراۋ غەيرەت بىلەن ئىشلەپ تېنىدىن توكمىسە تەرنى.

ئۆگەن ياشلىق چېغىڭدا سەن موھۇرباسقىن قۇرام تاشقا،
چىقىپ كوككە بويۇن سۇندۇر سامانى ھەمدە ئەختەرنى.

ھالال تەردىن دىيارىمدا ئېچىلدۇرساڭ گۈلى ئەنبەر،
نېچۈن ياقتۇرمىسۇن خەلقىم سېنىڭدەك مەردۇ-قەيسەرنى.

مەگەركى سىڭمىسە مېھنەت، قۇرۇق تۇپراقتا دان ئۈنمەس
بەخت چۈشمەيدۇ ئاسماندىن شۇڭا سەن تىلىغىن يەرنى.

يىرىپ ئوتكەل ـ توساقلارنى يېڭى بەيگىدە شان قۇچساڭ،
كۈلۈپ جانانە يار تۇتقاي ۋىسال جامىدا كەۋسەرنى.

2

ۋەتەندە تەر توكۈپ ھارماي جاپالىق ئىشلىمەك ئەلا،
ھالال تەردىن يارالغان شۇ نېمەتنى چىشلىمەك ئەلا.

پۈكۈپ دىلغا ۋەتەن ئەلنى، يېڭىپ دائىم خەتەر، سەلنى،
باياۋان قوينىدا مېھنەت ھوسۇلىن چەشلىمەك ئەلا.

ناۋادا سوزسا-ئېبلىس قول رەقىپ، گۈلزار دىيارىمغا،
تىقىپ شۇم باغرىغا خەنجەر بېلىنى پۈكلىمەك ئەلا.

خەلقىنىڭ دەردىگە - دەرمان بولۇپ تايغۇغا تەقدىرداش،
كۆلۈپ شاتلىقىدىن خەندان غېمىدىن غەم يېمەك ئەلا.

بىراۋنىڭ مېھنىتى بىرلە يارالغان ئۆشبۇ نېمەتتىن،
دىيار باغىدا مىننەتسىز ياشارغان بىر خەمەك ئەلا.

3

ئەگەر چىندىن يىگىت بولساڭ بوشاشما ھېچ رىيازەتتە،
خەتەر ئۆتكەللىنى بۆسكىن تۇرۇپ ئالدىدىكى رەتتە.

ۋەتەنگە شان - شەرەپ كەلتۈر جاپالىق ئىزدىنىپ ھارماي،
سۇغارغىن چاڭقىغان دىلنى ئىلىم زەم - زەمۇ شەربەتتە.

تېگىپ ئەل ئىشقىنى ئوتلۇق يۈرەكىڭگە داۋانلار ئاش.
زەپەر قۇچقىن كۆرەشلەردە رەقىپ قالسۇن نادامەتتە.

ئاجايىپ تىلسىماتلارمۇ ساڭا « خوپ! » دەپ بىشىن ئەككەي،
جاپالار ئالدىدا پەرھات كەبى تۇرساڭ جاسارەتتە.

# دوستلۇق قوشىقى

مەھەممەت تۇرسۇن ئابدۇكېرىم

ئۇچقانىدەك كەلمەكتە يېزا يولىدا،
يۈك باسقان ماشىنا شامالغا قارشى.
موتۇرى توختىماي ياڭرىتار گويا،
پەللىدىن-پەللىگە ئىلگىرىلەش مارشى.

ئاقسۇدىن چىققانچە توختىماي بىردەم،
كەلدى بۇ ماشىنا توققۇز سارايغا.
ۋاڭ ئۇستا كۆڭلىدە دەيتتى : "بۇگۈنلا،
يەتكۈزەي ئوغۇتنى كۈزلىگەن جايغا.

تاشيولدىن قايرىلىپ ماشىنا شۇئان،
قومباغنى نىشانلاپ ئۇدۇل يول ئالدى.
كۆرۈنگەچ يېزىنىڭ نۇر - چىراقلىرى،
ۋاڭ ئۇستا روھلىنىپ سىگنال چالدى.

جۇللاپ گويا كۆمۈش بەلۋاغىدەك،
چاقنىدى بىر ئۆستەڭ يولنىڭ ئۈستىدە.
توختىدى ماشىنا ، چۈشتى ۋاڭ ئۇستا،
چوڭ يولنى كۆزەتتى گۇگۇم ئىچىدە.

يامرىغان كەلكۈن سۇ ئۆستەڭدىن تېشىپ،
كۆرۈندى شوپۇرغا تېيىز - ئازغىنا.
غەيرىتى جۇش ئۇردى ، تولغىدى رولنى،
بوش بولغاچ يول تېگى پاتتى ماشىنا.

سوغۇقتا ئۇ يالغۇز تىرمىشار ئىدى،
چاتاقنى ئوڭشاشچۇن بولۇپ پەرۋانە.
ئۇن نەچچە ياش دىخان كەلدى ئۇلگۈرۈپ،
بۇ چاغدا ياردەمگە بىر - بىر مەردانە.

— تاغ سۇيى چوڭ يولنى قىلىپتۇ نابۇت ،
بىر ئامال قىلمىسىز ئۇستام غەم قىلماڭ .
— دېيىشتى دىخانلار خوش چىراي بىلەن،
— سىز ئاۋال دەم ئېلىپ يەپ تۇرۇڭ ئاق نان.

شوپۇرنىڭ قولىغا تۇتقازدى بىرى ،
بەلۋاققا تۈگۈلگەن توقاچنى ئېلىپ .
بىر يىگىت ئۇزاتتى ئاڭا تاماكا ،
راسلاندى ھەممەيلەن كىيىملەر سېلىپ .

نەشتەردەك شامالغا قىلماستىن پىسەن ،
بەس - بەستە پاتقاققا چۈشۈشتى سەكرەپ .
ماشىنا چاقىغا پىشاڭ قىستۇرۇپ ،
قىرغاققا چىقارماق بولۇشتى دەسلەپ .

ماشىنا لاي ئىچرە تۇرار مىت قىلماي ،
شۇنچە كوپ مېھنەتكە ئەگمەستىن بويۇن .
يۇلتۇزلار ئاسماندا كوز قىسار تىنماي ،
تەبىئى سەھنىدە كورگەندەك ئويۇن .

يېزىغا بۇ خەۋەريەتتى چاقماقتەك ،
ئەر - ئايال، ياش - قېرى كەلدى سەپتارتىپ.
باش بولۇپ ئۇلارغا دۇينىڭ باشلىغى ،
كەلدى ھەم ئېشەككە ياغاچلار ئارتىپ .

يىگىتلەر ئارقانىنى تارتتى ئالدىغا ،
پىشاڭنى باستى ھەم قاۋۇل باللار .
بىر مەيدان كۆرەشتىن، چوقان - سۈرەندىن،
لەرزىگە كەلدى كەڭ ئېتىز - داللار .

ۋاڭ ئۇستا قەلبىدە چىقتى ئەۋجىگە ،
بىر ئىللىق ئېقىمنىڭ قايناق شاۋقۇنى .
دوستلۇقنىڭ قەدرىنى سەزدى باشقىدىن .
يادىغا يەتتى يۇرت ، ئۇرۇق - تۇققىنى .

ئاۋارە قىلدىم دەپ پۈتكۈل يېزىنى .
ئۆزىگە كايىدى سىزىپ خىجىللىق .
ئاپىرىن ئوقىدى كۆڭۈل بېغىدىن ،
نامايان بولغاچقا ئىناق - ئىجىللىق .

كوپچىلىك كۆچىنىڭ ئۇلۇغلىقىدىن ،
ماشىنا ئاقىۋەت چىقتى قىرغاققا .
توختىدى شامالمۇ، كۆلدى تولۇن ئاي ،
تەنتەنە ساداسى كەتتى يىراققا .

ۋاڭ ئۇستا چىڭ سىقىپ دۈيجاڭ قولىنى ،
رەخمەت ! دەپ كوزىگە ئىسسىق ياش ئالدى .
بىز تەشنا ئوغۇتنى يەتكۈزدىڭىز تېز ،
— دېيىشىپ كوپچىلىك چاۋاكلار چالدى .

ئىناقلىق - دوستلۇقنىڭ ئالتۇن ئۇرۇقى ،
ھەممىنىڭ قەلبىگە چېچىلدى شۇتاپ .
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دوستلۇق كۆيىگە ،
يېڭى بىر ياڭراق كۈي قېتىلدى شۇتاپ .

***

## قەسەم

زۆلپىيە ئابدىكەرىم

تۇردىمەن مەھمۇت - ئۇلۇغ ئالىمنىڭ —
قەۋرىسى ئالدىغا كېلىپ مەن شۇئان .
ئاشماقتا قەلبىمدە سۆيگۈ تەشناسى ،
ھەزرىتى موللامغا بولۇپ بىر قىيان .

ئاڭلاندى شۇ مىنۇت جاراڭلىق ساد ،
— مانا مەن ئالىمنىڭ ھايات تەسۋىرى، —
دىدى ھەم قەلبىمگە بېرىپ ئارامىلىق ،
كوكسۈمگە تېگىلغان « دىۋان » جەۋھىرى .

راست — دىدىم — ئۇ ھايات، ئۇلمەيدۇ ئەسلا،
ئىجادى جاي ئالغاچ ئەلنىڭ قەلبىدىن .
ياد ئېتەر مىليونلاپ ئەسىر ئۆتسىمۇ ،
ئەجداتى — ئەۋلادى ئوتلۇق مېھرىدىن :

تەلمۈرۈپ قارىدىم ئۇستازغا ئۇزاق ،
قانمىدىم ئارزۇغا، قانمىدىم پەقەت .
ئۇرغىدى قەلبىمدىن يالقۇنلۇق قەسەم :
« ياشايسىز قەلبىمدە ئەبىدى - ئەبەت! . »

قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن ئەدەبىيات كرژوكىدىن چىقارىلغان « مەرىپەت غۇنچىلىرى » گېزىتىدىن ئېلىندى

# ئىككى شېئىر

## ئوقۇغۇچىم - كوچىتىم

ئابدۇرېھىم يۇنۇس

ئوقۇغۇچىم - كوچىتىم،
سېنى جاندىن سۆيىمەن.
ھاياتىمدا سەن ئۈچۈن،
گۈلخان بولۇپ كۆيىمەن.

كەلسەڭ سەھەر مەكتەپكە،
كېپىنەكتەك شوخلۇنۇپ.
قۇۋۋەت تاپار ۋۇجۇدۇم،
جۇشقۇنلۇنۇپ - روھلۇنۇپ.

كۆرسەڭ مېنى ھەرقاچان،
ھۆرمەت - سالام بېرىسەن.
ماڭا ئاتاپ مېھرىڭنى،
دەستە قىلىپ تىزىسەن.

كىرگىنىمدە دەرسىمگە،
ئوت چاقنايدۇ كۆزۈڭدىن.
دىلىم شۇنچە سۆيۈنەر،
سىناق ئالسام ئۆزۈڭدىن.

چىراق ياقتىم دىلىڭغا،
ئاق - قارىنى بىلگىلى.
يۈرىكىڭنى قىزارتتىم،
ھور ۋەتەننى سۆيگىلى.

ياش دىلىڭغا بىلىمدىن،
گۈزەل كەشتە توقۇغىن.
ئۈمۈدىم چوڭ، كوچىتىم،
تىرىشىپ ئەلا ئوقۇغىن.

## ئېقىن سۇ

شاقىرايسەن ھەيۋەت بىلەن ئېقىن سۇ،
شاۋقۇنىڭدىن قۇدرىتىڭنى سېزىمەن.
بېرىپ قالسام بويلىرىڭغا زوقلۇنۇپ،
دىل بېغىمدىن ئۈنچىلەرنى تىزىمەن.

ئۆركەشلىنىپ يىراقلارغا ئاقىسەن،
مايسىلارغا شىپا بولۇپ ياقىسەن.
ساڭا تەشنا بولسا دېخان، تەبىئەت،
تەلمۈرۈتمەي سېخى بولۇپ باقىسەن.

ھەر دوقمۇشتا گاڭ بىتوندىن چۆلۈۋۈرۈك،
ئۈزەلمەيسەن گەر تۈتسىمۇ خۈيلۈرۈك.

قۇدرىتىڭدىن بىنا بولدى سىم چىراق،
پاقىرايدۇ كوز چاقنىتىپ نۇرلۇرۇك.

دىمەك، سېنىڭ تامچە قەترەڭ بىباھا،
جانغا شىپا ھەر بىر قەترەڭ تامچىسى.
سېنىڭ بىلەن كۆركەم بولدى بۇ ئېلىم،
تالاي قاقاس باياۋاندىن قانچىسى.

ئارمىنىم شۇ، مەنمۇ بولسام ئېقىن سۇ،
ئاقسام يىراق ئۈستەڭلەردە شاقىراپ.
چىقارسام توك ئەلگە كېرەك مېھرىمدىن.
يېنىپ تۇرسا چىراق ئوخشاش پاقىراپ.

# ماھارەت

(ساتىرا)

ھوشۇر ئابدۇللا

ئاخشام يازغان شېئىرىمنى زىرىكمەي،
ئالتە نۇسخە كۆپەيتتىم مەن كۈن بويى.
نىمانچە كۆپ كۆپەيتكەندۇ دەپ قالماڭ،
بۇ ئۆزەمنىڭ ئادەتلەنگەن بىر خۇيى.

ئالتىسىنى ئۈچ گېزىت، ئۈچ ژۇرنالغا،
ئەۋەرتىشنى ئۆز دىلىمدا دىتلىدىم.
ئالتە لىتاپ بولدى مەندىن كەتكىنى
(بىر شېئىردا شۇنچە يەرنى چىتلىدىم).

كۆردۈم ئۇنى بىر ئايدىن سوڭ گېزىتتە،
يەنە بىر رەت ژۇرنالغىمۇ بېسىلدى.
ئەمما لېكىن قالغىنىدىن خەۋەر يوق،
زەنىم ئۆرلەپ يۈرىكىم بەك قىسىلدى.

تەگمىگەنمۇ تورتىگە يا پوچتىدىن،
نوۋەت كۈتۈپ تۇرىدىمىكىن تەھرىردە؟!
قانداق گەپ بۇ، زادى نىچۈن خەۋەر يوق،
سورەلمىلىك ئۇياتقۇ بۇ دەۋردە؟

تېشىپ ئاخىر سەۋرى قاچام، سۆيلۇدۇم،
خەت ئەۋەرتىپ توت ئورۇنغا توت پارچە.

لېكىن يەنە جاۋابى ھىچ بولمىدى،
قايتا - قايتا سۆيلىسەممۇ ھەر قانچە.

ئىككى يەردىن قەلەم ھەققى كەلگەندە،
خۇشاللاندىم ئىچ - ئىچىمگە پاتمىدىم.
ھەي - ھەي ئىست قالغىنىمۇ بېسىلسا،
دىدىم، يەنە سۆيلەپ تىنىم تاپمىدىم.

—قانداق ئىش بۇ؟ - دەپ سوراشتى بەزىلەر
بىر ئەسەرنى نەچچە يەرگە بەرگىنى؟
ئىككى ئەمەس قانچە كۆپ رەت بېسىلسا،
ياخشى بۇنداق پايدا-مەنپەت كەلگىنى.

ھەسەتخورلار سۆز - چۆچەكنى بىر ئاتىسۇن،
شۇڭا ئۇلار نىمە دىسە دەۋەرسۇن.
بولسا ئەگەر ئۇلاردىمۇ ماھارەت،
مەندەك قەلەم ھەققى ئېلىپ يەۋەرسۇن.

شۇ ئۇي بىلەن توت يەرگە كۆپ خەت يازدىم،
بەش ئاي بولدى ھىچ بىر جاۋاپ بولمىدى.
كۇنۇۋىرت ئۈچۈن كەتتى ئەشۇ يەتتە يۇەن،
(قەلەم ھەققى ماڭا بىرفۇڭ قالمىدى).

# شائىر موللا سەئىدۇللا ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى

ئابدۇسەمەت ئىسمايىل

شائىر موللا سەئىدۇللا 1840 - يىللاردا قەشقەر يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ تېۋىز يېزىسىدا كەمبەغەل رەۋەندە ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ، كىچىك چاغلىرىدا شۇ يېزىدىكى دىنىي مەكتەپتە ۋە يېڭىسار ناھىيە بازىرىدىكى مەدرىسلەردە ئوقۇغان. بۇ مەزگىلدە ئۇ، ناۋايى، سوپى ئاللايار، خوجا ھاپىز شىرازى، ھۇۋەيدا، خوجا ئەخمەت يەسەۋى قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشقان. بۇ، ئۇنىڭ شېئىرغا بولغان قىزىقىشىنى قوزغاپ، ئەدەبىي جەھەتتىكى بىلىمىنى ئاشۇرغان. ئۇ، ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا قولىغا قەلەم ئېلىپ شېئىر يېزىشقا باشلىغان. شۇ مەزگىللەردە ئۇنىڭ ئائىلىسى نامرات بولۇپ، كۈن ئۆتكۈزۈشى قېيىن بولغانلىقتىن، تىرىكچىلىك يولى ئىزدەپ ئائىلىسى بويىچە يەكەنگە كۆچۈپ كەتكەن. ئارىدىن بىر قانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن دادىسى ۋاپات بولۇپ، ئائىلىنىڭ ئېغىرچىلىقى ئۇنىڭغا يۈكلىنىپ قالغانلىقتىن، دادىسىدىن قالغان ئاز - تولا دەسمايە بىلەن رەۋەندىچىلىك قىلغان. بىراق، شۇ دەۋردىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ ئۇستىلەپ قويغان باج، ئالۋاڭ - سېلىقلىرى، قارا نىيەت ئەمەلدارلارنىڭ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشى ۋە باي، جازانىخورلارنىڭ قاقتى - سوقتى قىلىشى تۈپەيلىدىن يەنىمۇ خانىۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ، كەسپىنى داۋاملاشتۇرالماي، تېۋىز يېزىسىغا قايتىپ كېلىپ، شۇ يەردە تېرىقچىلىق قىلغان. زۇلۇم، ئادالەتسىزلىكتىن بىزار بولغان موللا سەئىدۇللا ئۆتكۈر قەلىمى بىلەن شۇ دەۋردىكى چىرىك تۈزۈم ۋە پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ ھەقىقىي ئەپتى - بەشىرىسىنى پاش قىلغان. ئۇنىڭ يازغان شېئىرلىرى جامائەتچىلىككە كەڭ تارقىلىپ تەسىر پەيدا قىلغان. شۇڭا، يۇقۇرى تەبىقىدىكى ئەكسىيەتچىلەر ئۇنىڭدىن خاتىرجەمسىزلىنىپ ھەر خىل سۈيىقەستلىك ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارغانلىقتىن، ئۇ يۇرتىدا تۇرۇشقا ئامالسىز قېلىپ، دادىسىدىن قالغان بىر ئۆلۈش ئىمارىتىنى سېتىپ سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كەتكەن. ئۇ، شىنجاڭ دائىرىسىدە 5 يىل سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ، ئاتاقلىق مازارلارنى تاۋاپ قىلىپ، شەھەر - يېزىلارنى ئايلىنىپ، جەمئىيەت بىلەن تونۇشقان. ئۇ، سەپەر جەريانىدا يول بويى ئىشلەمچىلىك قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن. ئۇ مۇنداق يازىدۇ:

سەرسانلىقتىمۇ پۇلسىز قالمادىم،
يېيىش ئۈچۈن نان، ئۇنسىز قالمادىم.
ئىككى يېنىمدا ئىككى بىلىكىم① بار،
شۇڭا ھېچ كىمدىن قورقۇپ قالمادىم.

جاپا چەكسەممۇ ئۆلۈپ قالمادىم،
كىشىگە ھەرگىز مۇھتاج بولمادىم،
لېكىن ھىجراندا كۆزلىرىم ياشلىق،
رازى بولۇڭلار ئى يارانلىرىم.

ئۇ، سەپىرىنىڭ ئاخىرىدا مارالۋېشىدا بىر يىل تۇرۇپ، سەپەر جەريانىدا يازغان شېئىرلىرىنى دىۋان قىلىپ رەتلەپ، ئۇنى تېۋىز يېزىسىدىكى ئېنىسى سايىت ئاخۇنغا يوقۇرىدىكى شېئىرى سالامخەت بىلەن ئەۋەتىپ بېرىپ، ئۆزى ئوتتۇرا ئاسىيا دولەتلىرىگە چىقىپ كەتكەن. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەزى دولەتلەرنى ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن، 1892 ـ يىلىنىڭ بېشىدا كەشمىرگە كېلىپ، شائىر فۇرقەت بىلەن تونۇشقان. 1893 ـ يىلىنىڭ بېشىدا فۇرقەتنى يەكەنگە باشلاپ كەلگەن، كېيىنچە خوتەنگىمۇ باشلاپ بارغان. فۇرقەت خوتەننىڭ قوشتاغ دىگەن يېرىدە سەئىدىللانىڭ قاتنىشىشى بىلەن «سەيدىڭ قويابەرسەيياد» دىگەن مەشھۇر مۇخەممەسنى يازغان. بۇ ئەسەر مۇنداق مىسرالار بىلەن ئاخىرلىشىدۇ:

يوق هۇشى پەرى تەككەن دىۋانەگە ئوخشەيدۇ،
كوز ياشى يەنە تولغان پەيمانە①گە ئوخشەيدۇ.
غەم سېلى② بىلەن كوڭلى ۋەيرانىگە ئوخشەيدۇ،
فۇرقەتتە بۇ سەئىدىللا هەيرانەگە ئوخشەيدۇ،
هىجران ئوقىدىن جىسمى كوپ يارە ئىكەن مەندەك،
كويگەن جىگەرى، باغرى، سەدپارە ئىكەن مەندەك.

فۇرقەت بىلەن موللا سەئىدىللا ئومرىنىڭ ئاخىرقى قىسمىنى بىللە ئوتكۈزگەن، ئەسەرلەرنى بىرلىكتە يازغان. ئومرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە پوسكامدا ئولتۇراقلىشىپ، شۇ يەردە ۋاپات بولغان.

موللا سەئىدىللا ئوز دەۋرىدىكى ۋەتەنپەرۋەر، ئىلغار پىكىرلىك شائىر بولۇپ، ئوز يۇرتىغا چوڭقۇر مۇهەببەت باغلاپ، ئۇنىڭ هەر ياپراق، گىياسىنى بىباها گوهەردەك قەدىرلەپ، ئوز يۇرتىنىڭ هەممە جەهەتتىن كامالەتكە يەتكەن يەر ئىكەنلىگىنى قەيت قىلىش بىلەن ئېغىر هالغا چۈشۈپ قالغان تەقدىرىدىمۇ ئۇنىڭغا بولغان ئېتىقادىنى بوشاشتۇرماسلىققا، ئوز ۋەتىنىدە ياشاشنى ئەلا بىلىشكە دالالەت قىلىدۇ. ئۇ، ئوزىنىڭ تۇغۇلۇپ ئوسكەن يۇرتىنى ئىززەت ۋە هورمەت بىلەن تەرىپلەپ مۇنداق يازىدۇ:

ئاتامنى سورسىڭىز ياركەند دىيارى،
ئۇنىڭ ياتقان يېرى چىهىلتەن مازارى③.
مېنى سورساڭ يېڭىساردا تۇغۇلغان،
خۇدا، خەلق قىلدىلەر تەبرىز مازارى④.

مېنى سورساڭ يېرىم ساهىبقىران ⑤ دۇر،
مېنىڭكى ئېتىقادىم بىگۇماندۇر.
...................................
مېنى سورساڭكى مەن ئاسى گۇناكار،
مېنىڭ ساهىبقىران ئاتلىق يېرىم بار.

ئۇ، بىر تەرەپتىن ئوز ۋەتىنىگە چوڭقۇر مۇهەببەت باغلاپ مەدهىيە ئوقۇغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئوز ۋەتىنىگە ئاسىيلىق قىلىدىغان ۋىژدانسىز خائىنلارنى ئىت ئورنىدا ئولىدىغان قارايۈز شەرمەندىلەر دەپ قاتتىق سوكىدۇ:

---

پەيمانە—پىيالە، قەدەھ.
غەم سېلى—غەم كەلكۈنى.
چىهىلتەن مازىرى—يەكەندىكى 40 ئەۋلىيا مازىرى؛
تەبرىز مازىرى—يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ تېۋىز يېزىسىدىكى هوسۇيۇن بۇغراخان مازىرى
ساهىبقىران—كۈچ ـ قۇدرەت ئىگىسى، كامالەت ئىگىسى؛

بىلىگلار خالايىقلار بۇ يۇرت قەدرىنى بىلمەگىلىك،
ھەر ياپراق ـ گىيارىنى گوھەرگە ئوخشە كورمەگىلىك.
ئوزگىچە خىيال قىلىسە ئەقلىدىن ئىزىپ بەندە،
بولۇپ شەرمەندە رويسىيا ① ئىتقا ئوخشە ئولمەگىلىك.

موللا سەئىدىللا يۈكسەك مىللى غۇرۇرغا ئىگە مىللەتپەرۋەر شائىردۇر. ئۇ، ئۇلۇغ شائىر ناۋايىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، ئوز ئانا تىلىنى قەدىرلەپ، شۇ دەۋردىكى ئەرەپ، فارىس تىللىرىغا چوقۇنۇپ تۈركى تىلىنى كەمسىتىدىغان، تۈركى تىلدا يېزىلغان ئەسەرلەرنى نەزەرگە ئالمايدىغان مۇتەئەسسىپ فارىسگۇيلارغا كەسكىن رەددىيە بەرگەن. ئۇ بۇ ھەقتە ئوزىگە خىتاپ قىلىپ مۇنداق يازىدۇ:

بۇ زاماندا نەزمە ئىيتماق خۇش ئەجەپ مۇشكۇل ئىكان،
فارىسى، ئەربى تىلدا سوزلايالمادىم چاغلاپ.
تۈركى تىلدا سەئىدىللا بىلگانىڭچە سەن قىلغىن،
فارىسى، ئەربى تىلدا قىلغىن دەپ كىم دىدى سېنى زورلاپ.

ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تىلى ئاددى، جانلىق، ۋەزنى يەڭگىل، چۈشۈنۈشلىك بولۇپ، ئاممىباپ خەلق تىلىدا يېزىلغان. ئەرەپ، فارىس تىللىرىنى ئىشلەتمىگەن. بۇ، شۇ دەۋردىكى ساپ ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ ياخشى نەمۇنىسىدۇر.

موللا سەئىدىللانىڭ شېئىرلىرىدا مەرىپەت تېمىسى ئاساسي ئورۇندا بولۇپ، ئۇ، كىشىلەرنى ئىلىم ـ مەرىپەتكە دالالەت قىلىپ، ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ ھەممىدىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى، ئىلىم ئەھلىنىڭ ھورمەتكە سازاۋەر بولىدىغانلىقىنى ھەم ئىلىم ـ مەرىپەت ئارقىلىق كۈتكەن مەقسەتكە يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق يازىدۇ:

ھەممە ئىشنىڭ ئەبزىلىدۇرمىش كىشىگە موللالىق،
ئەقلىگە قۇۋۋەت بېرىپ دانىش ② قىلادۇر موللالىق.
موللالىقنىڭ ھورمىتىنى سەن خالايىق چاغلاغىل،
كۆللى ③ ئىشقە ھەممە ۋاخ لازىم بولادۇر موللالىق.
ئوزىگە ئەيلەپ تەمەننا تور تالاشقان چوڭلادىن،
ئاتلاتىپ ئۈستۈن قىلادۇر ھەممە ئەلدىن موللالىق.
موللا يوق بولسەكى ئىماندىن ئىزىپ قالغاي كىشى،
قارا دىللارغا يورۇق بەرگەي ھېمىشە موللالىق.
سەن ئەگەر قىلساڭ تۈرۈك ④ لەر موللالىقنى ئارەزۇ،
موللاغە ئىززەت قىلىب قىلغىل چىرايىڭنى سىلىق.

---

رويسىيا — قارا يۈز
دانىش — دانىشمەن؛ كۆللى — ھەممە؛ تۈرۈك — ساۋاتسىز

ئۇ، بىر قىسىم پارىخور قازى، ئەمەلدارلارنىڭ پۇل ئۈچۈن ھەرقانداق ئادالەتسىزلىكلەرنى قىلىشتىن ئايانمايدىغان، بايلاردىن پارىئېلىش بەدىلىگە يوقسۇللارنى زىيانغا ئىتتىرىشتەك يىرگىنىشلىك ئەپتى - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلايدۇ:

...............................................

بەئزى يۇرتنىڭ چوڭلارى ئاجىز، يېتىمنى يىغلاتۇر،
خۇداغە دادى يېتىپ، رەسۋا بولۇشنى چاغلاماس.
ھەم سوراغنى ئادىل قىلماي رىشۋە① ئالىبدۇر قازىلار،
ئول كېپىل بولغان يىلان بىلان چايانىنى چاغلاماس.

ئۇ يەنە ئاز ساندىكى رىياكار موللىلار، دىنى تونغا ئورۇنۇۋالغان ئالدامچى داخانلار، مەككار سوپى، ئىشانلارنىڭ ساختا قىياپىتىنى پاش قىلىپ مۇنداق يازىدۇ:

ھەر كىشى سەللا كېيىپ يۇرسە ئۇنى بىر خىل دىمە،
بەزىسى بولغاي تەمەئكىن② ھەم تەمەنىنا كىبىرلىك.
ئەي خالايىق موللا دەپ مەردۇت③ نى سەن دوست تۇتماغىل.
ھەممەنى كورلاپ پەقەت كەلمەس ئۈنىڭدىن ياخشىلىق.
بەئزىلەر داخان بولۇپ پۇل ئۈچۈن قەست ئەيلاگەي،
بەئزىسى زالىم بولۇپ قىلماس كىشىگە ياخشىلىق.
...............................................
يۈزمىڭ تۇرۇك سوپىدىن موللا بولغان ياخشىراق،
قۇرۇق ئابرۇي موللادىن ئەمەل قىلغان ياخشىراق.
...............................................

ئۇ، يالغانچى، ئىككى يۈزلىمىچى، خوشامەتچى، پۇرسەتپەرەسلەرنى تەنقىتلەپ مۇنداق يازىدۇ:

ئارەلىق④ نى تولا يەپ نوسەندە⑤ بولغان موللادىن،
باشىغا كۆلا كېيىپ دىۋانە بولغان ياخشىراق.
بەگلاردىن پانا تىلاپ ھەركۈن خوش - خوش ئېيتقۇچە،
ئوزى تاپقانىنى يەب، ئويدە ياتقان ياخشىراق.

ئۇ يەنە جەمىيەتتىكى بىر قىسىم نىاچار تۇرمۇش ئادەتلىرىنى، پۇل ۋە كىيىم - كېچەكنى دەپ يولدىن ئازغان ئاياللارنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق يازىدۇ:

---

رىشۋە—پارا؛ تەمەئكىن—تاماخور؛ مەردۇت—نامەرت
ئارەلىق—پارا؛ نوسەندە—شەخسىي كاتىپلىق قىلىپ جان باقىدىغان موللا

بىر جۇۋاننى كوردۇمكى ساچلارى يەرگە تەگار،
پۇل، لىباس چۇن ئېسى ـ يادى يىلدا تورت ئەرگە تەگار.
ئەقلى ـ ھۇشىنى تاپىب، ئۇشبۇ يوادىن يانماسە،
قىرىغاندا ئول جۇۋانغا رەنجى ھەم خارلىق يېتار.

مـوللا سـەئىـدىللا ئادەمخور فېئوداللىق جەمىيەتتە قەيسەر جەڭچى سۇپىتىدە مەردانىلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، چۇشكۇن، ئادالەتسىز فېئوداللىق جەمىيەتتىكى ئائىلىۋى نەسەبداشلىق، تەڭسىزلىك، ئاچكوزلۇك، كـاززاپلىقنى ھەم شۇ جەمىيەتتىكى ئەكـسىيەتچى ھوكۇمەت ۋە زالىم ئەمەلدارلارنىڭ قانـخورلۇق ئـەپتى ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاپ، جەمىيەتنىڭ تۇۋەن قاتلىمىدىكى جاپاكەش خەلقلەر، پېقىر، مىسكىن، يېتىم ـ يېسىرلار بىلەن ئىلىم ئەھلىلىرىگە چوڭقۇر ھىسداشلىق قىلىپ، ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ بـوغۇلۇپ، نادانلىقنىڭ ئـەۋج ئېلىپ كەتكەنلىگىدىن ھەسرەت چېكىپ، زالىملارنىڭ زاۋال تېپىشىنى، ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ كامال تېپىشىنى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ بەخت ـ سائادەتكە يول تېپىپ، شادىمان ياشىشىنى ئارزۇ قىلغان. ئۇ مۇنداق يازىدۇ:

.......................................................

باي بەچچە، سىپا① لارغا بۇ دۇنيا كەگرى جەننەتدۇر،
كىيەشى ئېسىل زەرباپ، يىيەشى نازى ـ نىمەتدۇر.
يېقىن، مىسكىن، يېتىملارغا ئەرەج، دىشۋار كۇلپەتدۇر،
بۇردا نان تاپىب يىسە ئۇنىڭغا شۇ غەنىمەتدۇر،
ھەسرەتدە ئوتەر كۇنلار نادامەت، ئاھۇ ـ ئەپغانلىق.
مۇرادىغا يېتەر سەئىدىللا زالىملار زاۋال تابسە،
يېتىم، مەزلۇمە، مىسكىنلار زۇلۇمدىن ئامان تابسە،
ئەرەج، دىشۋار كۇلپەتدىن قۇتۇلماقغە ئامال تابسە،
موللالىق تاپىب روناق، دىيانەت ھەم كامال تابسە،
مىراد ـ مەخسۇت بولۇپ ھاسىل جوملە② بولسا شادىمانلىق.

موللا سەئىدۇللا ئۇندىن باشقا يەنە ئۆزى ياشىغان دەۋر روھى بويىچە بىر قانچە خىل ئەھكام تـوزۇپ چىقىپ كىشىلەرنى ئەدەپلىك، تەرتىپلىك، رەتلىك ھەم دىيانەتلىك بولۇشقا تەشەببۇس قىلغان.

مـوللا سەئىدىللانىڭ قولۇمدا ساقلىنىۋاتقان قول يازما دىۋانى ئۇنىڭ قولىغا يېڭىدىن قەلەم ئالغان چاغلىرىدا يېزىپ قالدۇرغان ئەسەرلىرى بولۇپ، سەيپىدىن ئاخۇن ئىسىملىك كىشى تەرىپىدىن كوچۇرۇۋېلىنغان. قول يازما 94 بەت (يوقالغان قىسمى بۇنىڭ سىرتىدا) بولۇپ، ئۇنىڭ بېشىدا ھەر خىل ئەھكاملار، ئاخىرىدا 49 پارچە ھەر خىل شېئىر بار. دىۋاننىڭ بېشىدىكى ئەھكام قىسمىدىن 20 بەت، ئوتتۇرا ۋە ئايىغىدىن بىر قىسمى يوقالغان. تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا موللا سەئىدىللانىڭ 3 دىۋانى بارلىغى مەلۇم. ئۇ، بىرىنچى دىۋانىنى (قولۇمدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسىنى) يېڭىسارىدا يازغان. ، ئىككىنچى دىۋانىنى شىنجاڭدىكى سەپىرى جەريانىدا يازغان، ئۈچىنچى دىۋانىنى چەتئەلدە ۋە يەكەن، خوتەندە بولغان مەزگىللەردە يازغان. كېيىنكى ئىككى دىۋانى ھازىرغىچە تېپىلمىدى.

① سىپا — ئەمەلدار ② جۇملە ـ ھەممە.

# موللا سەئىدۇللا شېئىرلىرىدىن

(1)

ئەي خالايىق ئۇشبۇ دۇنيا بارچە گا قىلماس ۋاپا.
زاتىغا يەتسەم جاھاننىڭ بولدۇ كوڭلۇم خاپا.
زاتىغا يەتسەم جاھاننىڭ ئازدۇرغۇچى قىز ئىكان،
ھەممە گا دالباي① بېرىپ يەرگە سالۇر قىلماس ۋاپا.
....................................
دۇنيانى تاپساڭ خالايىق سەن ھالال قىلغىن ھىساب،
چۈن ھارام قىلساڭ ھەممە دۇنيا ساڭا قىلغاي جاپا.
سەن خالايىق دۇنيانىڭ غېمىدا ھەيران بولماغىل،
سەن تەۋەككۇل ئەيلاگىن دۇنيا ئۈچۈن بولما خاپا.
....................................

(2)

يۈزىمىڭ تۇرۇك سوپىدىن، موللا بولغان ياخشىراق،
قۇرۇق ئابروي موللادىن، ئەمەل قىلغان ياخشىراق.
زىيا② ئالىب كىشىدىن، نەزرە قىلغان سېخىدىن،
پېگى - يېگى تون كېيىب، ئۆزى يىگان ياخشىراق.
سەن كىشىنىڭ يۇرتىدا پادىشاھلىق قىلغىچە،
سەن ئۆزەڭنىڭ يۇرتىدا دىۋانە بولغان ياخشىراق.
....................................
ئارالىقنى تولا يەب نوسەندە بولغان موللادىن،
باشىغا كۆلا كېيىپ دىۋانە بولغان ياخشىراق.
بەگلاردىن پانا تىلاب، ھەر كۈن خۇش - خۇش ئېيتقۇچە،
ئۆزى تاپقانىنى يەب ئۆيىدە ياتقان ياخشىراق.
....................................
ئەمگالەب③ موللا بولۇپ ھېچ ئىشنى بىلماي ياتقۇچە،
ساڭا سەئىدىل نەزمە يېزىب، شېئىرە ئېيتقان ياخشىراق.

① دالباي—كوز - كوز قىلىش
② زىيا—ئارتۇق؛ ③ ئەمگالەب—نىيەت قىلىپ

## مۇخەممەس

دەمبىدەم سالىب كۆلپەت ئەجەپ تويمادىلار ئامبان،
پۇخرادىن تالاپ ئالدى نەچچە قاتلاپ يەنە ئالبان،
سەرەمجانسىز قالىب ئويلار يۇراككا تولدىلار ئارمان،
گادايلار كوپۇيۇب يۇرتتا تەندە قالمادى دەرمان،
ئىنساپ يوق سىپالاردا ھەددىدىن ئاشتى ئاجنابلىق.

سىپالىق تەگسە كىملارگە خاتۇنى بولدى خانزادە،
ئۇنىڭ گالمۇس ئوغلىمۇ ئاتالدى ھەمدە بەگزادە،
پېقىر، مىسكىن، يېتىملارگە زۇلۇم سالدى ئازادە،
بۇ يەڭلىغ يارالغانمۇ ئەزەلدىن تەقدىر-ئىرادە،
جاھان تەتۈر، زەمان تەتۈر بولدى بۇندە قەللاب① لىق.

بولدىلار سىپالارنىڭ ئاكاسى يۇرتقا مىڭ باشى،
دۇنياغا كوزى تويماس ئۇكاسى بولدى يۈز باشى،
قۇرۇق قالماي جەمەتىمۇ بولدى ھەمدە ئونباشى،
ئۇنىڭ زۇلمى بىلەن ئاقتى پۇخرا كوزىدىن ياشى،
ئادالەتدىن ئەسەر يوقدۇر كوپەيدى تىرىك تاپلىق.

ھارامنى يەب، بۇ يۇرتلارنى خارابە قىلدى سودخور②لار.
دەمبىدەم تاراج ئەيلاب كى تويمادى تەماخورلار،
ئۇنىڭغا كەگرى يول قويدى كوزى تويماس بالاخورلار،
خەلققە قىلمادى رەھمە دىلى بۇزۇق خۇنخۇر③لار،
ئادىل قىلمايىن ئىشنى بولۇبدۇر بۇندە كاززابلىق.

زوراۋەن تەختىگە چىقىب دىلى گۇمراھ جەدىت④ زالىم،
ئۇنىڭ بىرلە سۇنۇب شائىر، خارلاندى ئەدىپ، ئالىم،
چىقىپ قېنىدىن شەقى، پاسىق قىتراپ يۇردىلار دائىم،
ئەجەپمۇ بۇ رىيالىقدىن قىيامەت بولمادى قايىم،
ئادالەت مېھرى - شەپقەت يوق، دىيانەت بولدى ۋەيرانلىق.

---

① قەللاب — ئادەمخور؛ ② سودخور—جازانخور
③ خۇنخور—قانخور؛ ④ جەدىت—يېڭى يوسۇن تاپقان، يېڭى مەزھەپ پەيدا قىلغان؛

ئاچىلمايسەن بۇ يۇرتلاردا مەسچىد، مەدرىس، مەكتابلار،
ئوقۇشلاردىن بولۇپ مەھرۇم نادان قالدى گودەكلەر.
ئۇلار ئۇچۇن ماكان بولۇب پىنھان بۇلۇڭ، بۇرجەكلار،
قىمار، زىنا، چېكىملىككە بولدى دوست ۋە ئۇلپەتلار،
ناشا يانلىق راۋاج بولۇپ كوپەيدى بۇندە گۇمراھ①لىق.

باي بەچچە سىپالارغا بۇ دۇنيا كەڭرى جەننەتدۇر،
كىيەشى ئېسىل زەرباپ، يىيەشى نازۇ ـ نىمەتدۇر،
پېقىر، مىسكىن، يېتىملارگە ئەرەج، دىشۋار، كۇلپەتدۇر.
بۇردا نان تاپىب يىسە ئۇنىڭغا شۇ غەنىمەتدۇر،
ھەسرەتدە ئوتار كۇنلار نادامەت. ئاھۇ ـ ئەپغانلىق.

نادامەت چەكتى پۇخرالار زۇلۇم ئىچرا كوزىن ياشلاب.
يىزاقلارغا چىقىب كەتتى ماكانى ـ يۇرتىنى تاشلاب،
مۇجاپىر② ھەم پېقىرلىقنىڭ يولىغە ھەم قەدەم تاشلاپ.
تەۋەككول ئەيلابان ئۇلار تەڭرىگە ئۇزىن تاشلاب،
بىچارىلارگانە چارە باشقە تۇشىە سەرسانلىق.

مۇجاپىر، يېتىملار گا مۇنىڭدىن باشقە يول يوقدۇر،
ۋاپا، مېھرلار ئەيلاب باشىن سىلاشقە قول يوقدۇر،
خەيرى ھەم ساخاۋەتكا سۇنۇق يارماقچە پۇل يوقدۇر.
قاخشىسا خالايىقلار پانا بولماقغا ھۇل يوقدۇر،
ئوتتى كوپلىگان پۇخرا دىلى غەمغانە ئەرمانلىق.

مىرادىنغا يېتەر سەئىدىل زالىملار زاۋال تابسە،
يىتىم، مەزلۇمە، مىسكىنلار زۇلۇمدىن ئامان تابسە.
ئەرەج، دىشۋار، كۇلپەتدىن قۇتۇلماقغە ئامال تابسە،
موللالىق تاپىب روناق، دىيانەت ھەم كامال تابسە،
مىرات ـ مەخسۇت بولۇپ ھاسىل جۇملە③ بولسە شادىمانلىق.

(4)

ئۇزۇڭنى ئاجىز دەپ موھتاج بولماغىل،
كىشىگە زىنھار قولۇڭ سوزماغىل.
كۇچۇڭنىڭ بارىچە ئىشلىگىن ئى يار،
گوھەر قەدرىڭنى يەرگە ئۇرماغىل.

ئۇزۇڭنى ئالدىماي ئىشىڭنى ساق قىل،
يالقاۋلىقنى ھەم ئۇزۇڭدىن يات قىل.
ۋاقىت غەنىمەت، ئالتۇندىن قىممەت،
ھالال ئەجرىڭدىن كوڭلۇڭنى شات قىل.

① گۇمراھ — يولدىن ئازغۇچى
② مۇجاپىر — مۇساپىر ③ جۇملە — ھەممە

شىجائەتنى ھەردەم ئۆزەڭگە يارقىل،
ئۆزەڭنى خار قىلماي كۆچىڭنى خارقىل،
قولدەك ئىشلەپ، بەگدەك يېتىپ يە،
جاپا چەكسەڭمۇ يۇقۇڭنى بارقىل.

ئۆيۈڭ ئەتراپىنى دەرەخ ۋە باغ قىل،
قازان بىرلە چومۇچ، قاچاڭنى ياغ قىل.
سەيرە قىلىبان باغىڭنىڭ ئىچىدە،
كورەلماسلار يۈرەك - باغرىنى داغ قىل.

(5)

...........................................

پۈتتۈلدى بۇ كىتاب ئاخىر زامانە،
ئەگەر سورساڭ ئاتىنى شېئىرەنامە.

ئوقۇپ تاپساڭ كىتابىمدا خاتالىق،
مېنى ئەيىپ ئېتماڭىز ھەرگىز خالايىق.

بۇ دۇنيادا كىشى مەقسەتكە يېتماس،
مېنىڭ ئەقلىم تېخى ھېچ يەرگا يېتماس.

بۇئەرزى ھالىمنى ھېچكىشى بىلماس،
ئاڭلاسا ھەركىم يىغلاشۇر كۈلماس.

نەزىم قىلدىم مەن ئەرزى - ھالىمنى
تەندە قويماسلار خەستەجانىمنى.

ئالسالار بۇ جانىمنى ھېچ ئىلاجىم يوق،
تەڭرىمدىن ئۆزگە ھېچ پانايىم يوق.

...........................................

## رۇبائى ۋە قىتئەلەر

(1)

بىپايان پاكيان يۇرتۇم، دىيارىم،
ھەر ياپراق گىياھى مەھبۇب يارىم.

دەقىقە ئايرىلىپ قالسام ئۇنىڭدىن،
ساماندەك سارغارىپ قالغاي دىدارىم.

(2)

بىلىڭلار خالايىقلار بۇ يۇرت قەدرىنى بىلمەگىلىك،
ھەر ياپراق، گىيارىنى گوھەرگە ئوخشە كورمەگىلىك.

ئۆزگىچە خىيال قىلسە ئەقلىدىن ئېزىپ بەندە،
بولۇپ شەرمەندە رويسىيا ئىتقا ئوخشە ئۆلمەگىلىك.

(3)

ئەجەل ئوقى كېلىپ تەگسە يۈراككە،
تېۋىپ ئاجىز كېلۇر، دەرمان تېپىلماس.

ئۆيۈڭدا بولماسا چاكسا ئۆزۈغۇڭ،
جاھان تولۇق تۇرۇپ بىرنان تېپىلماس.

(4)

مەن يەككە - يىگانە ۋەيرانە مەن،
پەلەك گەردىشىدىن ھەيرانە مەن.

ئىزداسام بارمۇكىن ھەق - ئادالەت،
قىلسام جاھان كېزىپ سەيلا نە مەن.

# غالىپ

( كىچىك ھېكايە )

نۇرمۇھەممەت دۆلەتى

10 - ئاپتوۋۇزدا ئادەتتىكىدەك ئادەم كۆپ بولاتتى، بۈگۈن ئادەتتىكىدىنمۇ بەك قىستا - قىستاڭ بولۇپ كەتتى.

— يولوچى يولداشلار دىققەت، ئالدىمىزدىكى بېكەت " 1 - ئاۋغۇست " ئاپتوۋۇز بېكىتى، چۈشىدىغانلار ئىشىككەرەك مېڭىڭلار، ئاپتوۋۇزدىن چۈشۈش ۋاقتىدا نەرسە - كېرەكلىرىڭلارنى ئاپتوۋۇزدا ئۇنتۇپ قالماڭلا ۋە ئۇقۇشماستىن بىر-بىرىڭلارنىڭكىنى ئېلىپ قويماڭلا! 6- يول ۋە 8- يول ئاپتوۋۇزىغا ئالمىشىدىغانلار مەشەدە ئالماشساڭلا ئاسانراق!

ئاپتوۋۇز تۈز، تەكشى ئاسپالت يولدا ئون بەش كىلو مېتىرلىق سۈرئەت بىلەن سىلىق ماڭماقتا. بېلەت ساتقۇچى قىز يەنە ئەسكەرتتى:

— ئاپتوۋۇز بۇرۇلۇش ئاغزىغا كېلىپ قالدى، مەزمۇتراق تۇرۇۋېلىڭلا، ھېزى بولۇڭلار!

ئاپتوۋۇز غەربكە بۇرۇلىدىغان چاغدا، غالىپ ھىلاراقىتلا يېنىنى سىلىغاندەك قىلىپ ئۆتۈپ كەتكەن، ئۇتتۇز بەشلەردىن ئاشقىنىغا قارىماي ياشلارغا خاس خېلىلا راۋرۇس كىيىنگەن بىرەيلەننىڭ قىستاپ بېرىپ ئاق پىشماق،گەۋدىلىك، ئەللىكلەرگە تاياپ قالغان بىرەيلەننىڭ ( ھە، باج ئىدارىسى كادىرلار باشقارمىسىنىڭ لىچۇجاڭى راخمان — لاچۇجاڭ دىگەن كىشىنىڭ! ) يانچۇغىغا قول سالغانلىقىنى ۋە سۇغۇرۇپ چىققان پورتمالنى دەرھال كوينىكىنىڭ ئىچىگە سېلىشۇەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قالدى - دە، قىستىلىپ يۈرۈپ يانچۇقچىنىڭ يېنىغا كېلىپ، كۆزىنىڭ ئىچىگە قاتتىق تىكىلىپ قاراپ، كاپپىدە قولىنى تۇتۇۋالدى.

يانچۇقچى تولىمۇ بىچارە قىياپەتتە بېشىنى چايقاپ پەس ئاۋازدا "جېنىم ئاكا، جېنىم ئاكا" دەپ يالۋۇرۇپ، قولىنى بوشىتىشقا تىرىشتى.

— پورتمالنى چىقار، ئاۋۇ كىشىنىڭ پورتمالنى! - غالىپ يانچۇقچىنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ، ئۇنلۇكرەك ۋاقىرىدى. يانچۇقچى ئاۋاز چىقارماستىن ھەدەپ قولىنى بوشىتىشقا تىرىشاتتى، ئالدى ئىشىك تەرەپكە سىلجىيتتى، ئۇ ئاخىر پورتمالنى ئۇيان - بۇيان تولغىنىپ، مىدىرلاپ يۈرۈپ كىندىكى ئۈستىدىن شىمىنىڭ ئىچىگە — پۇشقىقىغا چۈشۈردى - دە بىردىنلا قىياپىتىنى ئۆزگەرتتى:

— نىمە؟ پورتمال ؟!

— ئاۋۇ كىشىنىڭ يانچۇقىدىن ئېلىۋالغان پورتمالنى چىقاردەيمەن!

— سەن مېنى ئوغرى تۇتۇۋاتامسەن؟ نىمە پاكىتىڭ بار؟ ھۇ ئاناڭنى!...

يانچۇقچى قولىنى بوشىتىۋالغان ئىدى، ھىلىلا پەس ئاۋازدا " جېنىم ئاكا، جېنىم ئاكا " دەپ يالۋۇرۇۋاتقان يانچۇقچى بىردىنلا قەھرى غەزەپكە كىلىپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، ئۇشتۇمتۇت غالىپنىڭ خامىرىغا بىر مۇش سال-

دى . غالىپ بىر قولى بىلەن ئۇقتەك قان كەتكەن بۇرنىنى تۇتۇپ ، شىمىنىڭ يانچۇغىدىن قولياغلىقىنى ئېلىپ بولغىچە يەنە بىر مۇش كېلىپ قاپىقىغا تەگدى ۋە پەقەت شۇ چاغدىلا بىرنەچچەيلەن بولدى، بولدى دەپ ئارىغا كىردى .

ھېلىقى پورتمالنىڭ ئىگىسىچۇ ؟ ئۇ ھەدەپ ئاپتوۋۇزنىڭ ئارقا ئىشىكى تامان سىلجىيتتى .

— لاچۇجاڭ ، پورتمالىڭىز قېنى ؟ ئوڭ قولىڭىز بىلەن سول تەرەپتىكى توش يانچۇغىڭىزنىڭ ئۈستىنى سىلاپ بېقىڭە ؟ — غالىپ تەمكىن ھالدا ئۈنلۈك سورىدى .

— مەن پورتمال يوقاتقىنىم يوق، مەن پورتمال يوقاتمىدىم ! — رەڭگى ساماندەك ساغىرىپ كەتكەن ھېلىقى كىشى ئىختىيارسىز دۈپۈلدەپ سوقۇپ تۇرغان يۈرىكى ئۈستىگە بېرىپ قالغان قولىنى تارتىپ، خۇددى بەزگەكتەك تىترەيتتى. يانچۇقچى بولسا كورەڭلىگەن ھالدا ئاغزىنى بۇزۇپ قاتتىق تىللىماقتا ئىدى . شۇ چاغدا ئۇن ياشلار چامىسىدىكى بىر بالا پۇتىنىڭ ئاستىدىن پورتمالنى ئېلىپ ئېگىز كوتەردى :

— مانا پورتمال ، مانا !

— ئەكەل ئۇكا ، ئەكەل ، بۇ پورتمالنىڭ ئىگىسىمۇ مەشەدە ، ئوغرىلىغان يانچۇقچىمۇ مەشەدە ! — پورتمالنى غالىپ دەرھال قولىغا ئالدى ۋە شۇ يەردىلا ئاغزىنى ئېچىپ ، ئاشلىق بېلىتى ۋە يەنە ئۇششاق - چۈششەك بىر نەرسىلەردىن باشقا نەق 120 يۈەن پۇلنى ئېگىز كوتىرىپ ، ئاپتوۋۇز ئىچىدە ھەممە ئاڭلىغۇدەك قىلىپ سوزلىدى :

— يولداشلار ، ئىچىدە 120 يۈەن پۇلدىن باشقا يەنە بىرمۇنچە نەرسە بار بۇ پورتمالنى ئاۋۇ يانچۇقچى ئوغرىلىغان ، ئۇنىڭ پورتمالنى ئېلىپ كوينىگىنىڭ ئىچىگە مەيدىسىدىن سىلىۋەتكەنلىكىنى مەن كورۇپ قېلىپ ، ئۇنى تۇتۇۋالغان ئىدىم ، دەسلەپتە يانچۇقچى قورقۇپ "جېنىم ئاكا، جېنىم ئاكا" دەپ يالۋۇردى، دەل شۇ چاغدا پورتمالنى پۇشقىغى ئارقىلىق تاشلىۋېتىشكە ئۈلگۈرۈپتۇ. ھالبۇكى بۇ 120 يۈەن پۇل ھەم پورتمالدىكى ھوججەت ، ئاشلىق بېلىتى قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ئىگىسى ئاۋۇ لەنىتى يانچۇقچىنىڭ ئالدىدا خۇددى مۈشۈكنىڭ ئالدىغا چىقىپ قالغان چاشقاندەك قورقۇپ تىترەپ كېتىۋىدى، يانچۇقچىغا قايتىدىن جان كىرىپ، ماڭا مۇش ئاتتى.

— جېنىم ئاكا ، جېنىم ئاكا ، دەپ يالۋۇرغىنىمنى مەنمۇ ئاڭلىغانتىم، بىردەمدىلا ئاغزىنى بۇزۇپ مۇش ئاتقىلى تۇردىغۇ ! — دېدى ئاددىغىنا كىيىنگەن بىر ئايال .

— بۇنداق يانچۇقچىلارنى ساقچىغا تاپشۇرۇش كېرەك ! — دېدى ھېلىقى بالا .

ئاپتوۋۇزدىكىلەر يانچۇقچىغا لەنەت نەزىرىدە قاراشماقتا .

— راخمان ئاكا ، سىز مېنى تونۇمىغىنىڭىز بىلەن مەن سىزنى تونۇيمەن ، سىز باج ئىدارىسى كادىرلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقىسىز ، كوپچىلىك سىزنى لاچۇجاڭ دېيىشىدۇ! ھەر ھالدا سىز ئاۋۇ يانچۇقچى بىلەن شىرىك بولمىسىڭىز كېرەك ؟! بىراق ، سىزنىڭ باياتىنقى قىلمىشىڭىز رەھبىرىي كادىرغا لايىقمۇ ؟ ...

ئاپتوۋۇز ئۈشتۈمتۇت توختىدى .

— راخمان ئاكا ، كېلىدىغان يەرگە كېلىپ قالدۇق ، جۈرۈڭ ، پورتمالىڭىزنى ئېلىش ۋە باشقى ئىشلارغا گۇۋا بولۇش ئۈچۈن مېنىڭ بىلەن بىللە يەيچۇسوغا كىرىپ چىقىڭ! خوش مەنسۇر ، ئاپتوۋۇز ئۈستىدە ئۈزەمنى تونۇشتۇرۇش ھاجەت بولمىسا كېرەك ! — غالىپ مەنسۇرغا تەمكىن ۋە لېكىن غالىپلارچە تىكىلدى.

ھېلىقى مەنسۇر دەپ ئاتالغان يانچۇقچى بىلەن لاچۇجاڭ دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر جاناپ قەھرىمانىمىزنىڭ ئالدىدا ئەيىپكارلاردەك بېشىنى سالغان پېتى پەيچۇسوغا كىرىپ كەتتى.

— ھورمەتلىك يولداشلار ، ھەممە يەردە خەلقنى قوغدىغۇچى خەلق پەرزەنتلىرى بار ، شۇنداقتىمۇ ھوشيار بولۇڭلار ! — ئاپتوۋۇزنىڭ مېڭىشى بىلەن تەڭ بىلەت ساتقۇچى قىزنىڭ ئاۋازى موجانانچىنىڭ ئاۋازىدەك جاراڭلىدى.

# ۋىجدان ئازاۋى

( ھېكايە )

مۇھەممەت ئىمىن

## 1

ئۆزىنىڭ ئون نەچچە يىلدىن بۇيانقى يۈرەك قېنىنىڭ جەۋھىرى — « جەنۇبى شىنجاڭ ئۇسۇملۇكلىرىدە كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەر ھەققىدە » ناملىق يېڭى نەشىردىن چىققان كىتاۋىنى كۆتەرگەن مەلۇم ئىنىستىتوتنىڭ دوتسېنتى تۇرغۇن ئىشىكتىن كىرە - كىرمەيلا خۇشاللىقىنى باسالمىغان ھالدا ۋاقىرىدى :

— ھەي خاسىيەت ! ماڭا قارىڭا !

— ئاغزىڭىز قۇلىغىڭىزغا يېتەي دەپ قاپتۇغۇ ! - دېدى خاسىيەت پەشمىتىگە خېمىر يۇقى قولىنى ئېيتقاچ ئاشخانىدىن چىقىۋېتىپ ، - ئالتۇن تېپىۋالدىڭىزمۇ نېمە ؟

— ھەئە ، ئالتۇندىنمۇ ئېسىل نەرسە ! - تۇرغۇن كىتاۋىنى ئارقىسىغا يوشۇرۇۋېتىپ ئېيتتى ، - قېنى تېپىڭا ، نېمە ئەپكەلدىم ؟

— يېڭى پوسۇندىكى نىملۇك يوپكا ؟

— ياق .

— ئۆزىڭىزگە بىر قۇر كاستيۇم - بۇرۇلكا ؟

— ئۇمۇ ئەمەس .

— غەيرەتكە يېڭى چاپان ؟

— تاپالمىدىڭىز .

— نېمىدۇ ئۇ زادى ؟ - خاسىيەت بېشىنى قىسايتىپ بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن يوتىسىغا پاققىدە بىرنى ئۇردى : - ھە ، تاپتىم ، ھېلىقى ئىلمى تەتقىقاتتا ئىرىشكەن مۇۋەپپەقىيىتىڭىز ئۈچۈن بېرىلگەن مۇكاپات سوممىسى !

— بۇنىڭدىن باشقىچىرەك نەرسىنى يادىڭىزغا كەلتۈرەلمەسسىزمۇ ! - تۇرغۇن ئۇمىتسىزلىك ئىچىدە توۋلىۋەتتى .

— كىتاپ ؟ يەنە يېڭى كىتاپ ئالدىم دەڭا !

— دۇرۇس ، كىتاپ ! ئەمما بۇ ئالغان كىتاپ ئەمەس ، ئۆزۈم يازغان كىتاپ !

— پاھ ، ھېلىقى كىتاۋىڭىز راستىنلا نەشىر قىلىندىمۇ ؟ - خاسىيەتنىڭ ھەيران قالغان چىرايىدىن ھەم بەخت - ئىپتىخارلىق ھەم ئىنكەكلىنىش ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى ، - ئەپكەلىڭا قېنى ، كۆرۈپ باقاي !

— مانا ، كۆرۈڭ ! - تۇرغۇن تېگى كۆك مۇقاۋا ئۈستىگە ساپ - سېرىق بوغداي باشاقلىرىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن كىتاۋىنى خاسىيەتنىڭ سوزۇلغان قولىغا تۇتقۇزدى، - ئەمدىغۇ ئىشەنگەنسىز !

خاسىيەت تۇرغۇننىڭ ھاياجان ئىلكىدە نۇرلۇنۇپ كەتكەن چىرايىغا تەبەسسۇم بىلەن قاراپ قويدى - دە ، كىتاپنى ئاۋايلاپ سىلىغىنىچە كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالدى .

— بىردەم ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ ! - خاسىيەتنىڭ جىنەستىدەك لەۋلىرى تىترەپ كەتتى ، - سىزگە شۇنداق ئوخشۇتۇپ لەغمەن ئېتىپ بېرەيكى ، تەمى ئۈچ كۈنگىچە ئاغزىڭىزدىن كەتمە-

كىدەك بولمىسا ھىساپ ئەمەس !

تۇرغۇن كىتاۋىنى قايتىدىن قولىغا ئېلىپ
ۋاراقلاشقا باشلىدى .

ــ دادا، ـ دىدى تۇيۇقسىز ئىشىكنى جالاقـ
قىدە ئېچىپ، يىغلىغان پېتى ئۆيگە كىرىپ كەلـ
گەن غەيرەت تالانى كورسىتىپ، ـ ئاۋۇ ئىلھامـ
چۇ ، مېنى ئەسكىنىڭ بالىسى ، تۇرغۇن دىگەن
سېنىڭ داداڭ ئەمەس دەپ تىللاۋاتىدۇ !

ــ قارا سېنى ، ئوغۇل بالا دىگەنمۇ يىغلامـ
دىكەن ؟ ـ تۇرغۇن مىھرىۋانلىق بىلەن غەيرەتـ
نىڭ پوتلىسىغا قوشۇلۇپ كەتكەن كوز يېشىنى
سۇرتىۋېتىپ تەسەللى بەردى ، ـ بۇ ئۇنىڭ
چىشىڭغا تەگمەكچى بولۇپ تاپقان گىپى، مېنىڭ
بالام بولماي ، كىمنىڭ بالىسى بولاتتىڭ ،
ئوغلۇم !

ــ ئۇنداق بولسا ، ـ غەيرەتنىڭ قىزىرىپ
قالغان كوزلىرىدىن يەنىلا گۇمان ئالامەتلىرى
چىقىپ تۇراتتى ، ـ نىمىشقا ئالماسمۇ مېنى داـ
داڭغا ئوخشمايسەن دەيدۇ ، ئەمسە ؟

ــ ھازىر سەن تېخى كىچىك، چوڭ بولغاندا
ئوخشايسەن !

ــ ئالماس چوڭ بولمايمۇ ئوخشاۋىرىپتىغۇ!

ــ ئۇ كەپسىز ، گەپ ئاڭلىمايدۇ ، شۇڭا
دادىسى قۇلىغىنى سوزىۋېرىپ ، ئوزىگە ئوخشۇـ
تۇپ قويغان !

ــ مەن دىگەن كەپسىز ئەمەس ، گەپ ئاڭـ
لايمەن ـ ھە ، دادا ! ـ چىرايىغا كۇلكە يۇگۇرـ
گەن غەيرەت بېشىنى تۇرغۇننىڭ مەيدىسىگە
سۇركەپ ئەركىلىدى ، ـ مەن ئۇنداق دەلدەڭ
قۇلاقنى دورىمايمەن !

ــ شۇنداق، سەن ئوبدان ئادەم بولىسەن!ـ
تۇرغۇن غەيرەتنىڭ يۇمشاقىنە چاچلىرىنى سىـ
لىغاچ دەرىزە سىرتىغا كوز تاشلىدى . ئۈچ ـ
توت جۇپ قىز ـ يىگىت قوياش نۇرىنىڭ يانـ
تۇلىشىشىغا ئەگىشىپ ئۇزۇراپ كەتكەن تېرەكـ

زارلىق سايىسىدا بىخارامان ئايلىنىپ يۇرەتتى.
ئۇلار ئېھتىمال ئوزلىرىنىڭ ئارزۇ ھەۋەسلىرى،
كەلگۇسى ئورتاق غايىلىرى ئۇستىدە قىزغىن
پاراڭلىشىۋاتقاندۇ . كىچىنەكتىنەك ياسىنىۋالغان
بۇر قىز تۇيۇقسىز توختاپ قالدى ، بېشىنى
تووەن سېلىپ كېتىۋاتقان يىگىت ئارقىسىغا بۇـ
رۇلۇپ ، قىزنىڭ يىتىۋېلىشىنى كۇتۇپ تۇردى .
ئەمما قىز تۇرغان جايىدىن قوزغۇلۇپمۇ قويـ
ماي ، بىر نىمىلەرنى دىدى ـ دە ، قوللىرى
بىلەن يۇز ـ كوزىنى ياپقىنىچە ياتاق بىناسىغا
قاراپ يۇگرەپ كەتتى. ئوزىنىڭ يېلىنىپ ۋاقىـ
راشلىرىنىڭ بىكارغا كەتكىنىنى كورۇپ ئۇمىتـ
سىزلەنگەن يىگىت قىزنىڭ ئارقىسىدىن تەلمۇرـ
گەن ھالدا قاراپ قالدى ...

تۇرغۇننىڭ يۇرىگى توساتتىن بىر خىل ئىزـ
ھار قىلغۇسىز ئازاپ ييغىغا تاشلانغاندەك پىژـ
ژىدە ئېچىشىپ كەتتى . ئۇ ئوزىنىڭ كوڭۇل
ئىكرانىدا ئوچمەس بولۇپ قېپقالغان كونا كوـ
رىنىشنى قايتا كورگەندەك بولدى .

ــ دادا ، دادا ! ـ دىدى غەيرەت تۇرغۇنـ
نىڭ چىگىشلىشىپ كەتكەن خىيالىنى بولۇپ ، ـ
ئانامغا نىمە بولدى ، نىشلداپ يىغلاۋاتىدۇ ـ يا؟

خاسىيەت ئاشخانىدىكى سەي توغرايدىغان
شىرەگە بېشىنى قويغىنىچە ئاچچىق ـ ئاچچىق
يىغلاۋاتاتتى. تۇرغۇن ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ،
ئايلىنىڭ يېنىغا بېرىپ ، ئۇنىڭ قوڭۇر چاچـ
لىرىنى مۇلايىملىق بىلەن سىپاشقا باشلىۋىدى،
بۇقۇلدىغان ئاۋاز تېخىمۇ كۇچەيدى.

ــ بولدى قويۇڭ! ـ دىدى تۇرغۇن ۋىجدان
ئازاۋىدا تولغىنىۋاتقان خاسىيەتنىڭ سۇنۇق دىـ
لىغا ئاۋالقىدەكلا كەچۇرۇم كوزىسىدىن تەسەلـ
لى ، مېھرى ـ مۇھەببەت كەۋسىرىنى قويۇۋېـ
تىپ، ـ ئوتكەن ئىشلارغا سالىۋات، ئۇنداق ئوـ
زىڭىزنى قىيناۋەرمەڭ دەپ شۇنچە ئېيتساممۇ
يەنە ...

خاسىيەت ئورنىدىن تۇرغان پېتى ئۆزىنى تۇرغۇنىنىڭ قوچىقىغا ئاتتى. كوز - يېشى ئۇزۇن كىرپىكلىرىدىن ساقىپ، تۇرغۇنىنىڭ كەڭ يەلكىسىگە تامچىپ چۈشۈشكە باشلىدى. بۇ « كارامەت » تىن ھەيران قالغان غەيرەت ئاغزىنى يوغان ئاچقىنىچە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى، دۇنيانىڭ ئاچچىق - چۈچۈكىنى تېتىپ كورمىگەن سەبى بالا ئاتا - ئانىسىنىڭ دەردىنى نەدىن بىلسۇن؟

2

— ئېيتىڭا، كوڭلىڭىزدا زادى مەن بارمۇ - يوق؟ - مەكتەپ سەيناسىنىڭ چېتىدىكى ئېرىق بويلاپ تىكىلگەن تېرەكزارلىقتا بېشىنى تۆۋەن سالغان يىگىتكە ياندىشىپ كېتىۋاتقان بىر قىز ئوپكىسىنى باسالمىغان ھالدا قايناۋاتاتتى:

— مانا، يېرىم يىلدەك ۋاقىتنى ئەتىدىن - كەچكىچە كۇتۇپخانىدىن چىقماي ئوتكۇزۇۋەتكىنىڭىزنى ئاز دىگەندەك قالغان يېرىمىنىمۇ يېزىدا ئىسراپ قىلىۋەتتىڭىز! دۇنيادا نىمە ئىشلار بولىۋاتقانلىغىدىن خەۋىرىڭىز يوق، ھەدىسىلا كىتاپنى غاجىلىغىنىڭىز غاجىلىغان، ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرسىدا گويا قىلىدىغان باشقا گەپلەر يوقتەكمىدەك ئون گەپنىڭ توققۇزىدا قانداقتۇ «تەتقىقات» دىگەن نىمىنى ئاغزىڭىزدىن چۈشۇرمىگىنىڭىز چۈشۇرمىگەن! بىردەملىك ۋاقتىڭىزنىمۇ مەن بىلەن بىللە ئوتكۇزۇشكە ئاجرىتىشقا كوزىڭىز قىيمايۋاتقان! ھەتتا تونۇگۇن ئوزىڭىز ماقۇل بولغان كىنوغىمۇ بارمىدىڭىز! بىر كوزۇم تالادا قالدى. كوڭلۇمگە كەلمىگەن ئويلار كىلىپ بىر ھازاغىچە يىغلاپتىمەن. نىمىشقا ئادەمنىڭ ھەسسىياتىنى ئازراق بولسىمۇ چۈشەنمەيدىغانسىز؟! قىزلارنىڭ كوڭلى قاغجىراپ تۇرغان ئېتىزغا ئوخشاپ كېتىدۇ، ئۇ دايىم يىگىتلەرنىڭ سوپگۇ ئاسمىنىدىن تەسەللى يامغۇرى ياغدۇرۇپ تۇرۇشىغا موھتاج، ئوزىڭىز ئويلاپ بېقىڭا، بولمىسا موھەببەت گۇللىرى قانداق پورەكلەپ ئېچىلالايدۇ ؟! ئەمما سىز...

— قىز تۇساتتىن ئوزىنى تۇتالماي ھوكۇرەپ يىغلىۋەتتى - دە، قوللىرى بىلەن يۈز - كوزىنى ياپقىنىچە ياتاق تەرەپكە قاراپ يۈگرەپ كەتتى.

— خاسىيەت ! توختاپ تۇرۇڭا! ھەي خاسىيەت! ... — يىگىت كېپىنەكتەك پىلدىرلاپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قىزنىڭ ئارقىسىدىن تەلمۈرگەن پېتى قاراپ قالدى...

بۇلار، 1965 - يىلى مەلۇم ئىنستىتوتنىڭ ئاسپىرانتلىغىغا ئېلىپ قېلىنغان تۇرغۇن بىلەن خاسىيەت ئىدى. دىمىسىمۇ مەكتەپتە قېپقالغان بىر يىلدىن بۇيان تۇرغۇن مەلۇم بىر ئىلمىي تەتقىقات بىلەن بولۇپ كېتىپ، خاسىيەتكە دىگەندەك كوڭۇل بولەلمىدى. ئۇ تۇرغۇندىن ئاغرىنىشقا ھەقلىق ئىدى، ئەلۋەتتە. بىراق تۇرغۇنمۇ خاسىيەتنىڭ ئوز ئىشىنى قوللىشىنى، ئوز قەلبىنى چۈشۈنىشىنى، ئوزى بىلەن قولنى-قولغا تۇتۇشۇپ بىرلىكتە ئالغا بېسىشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتى - ھە! بۇ بىر جۈپ قىز - يىگىت ئوتتۇرسىدا ئارزۇ - ھەۋەسنىڭ ئوخشىماسلىغى تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان ھاڭ بىر قانچە قېتىملىق سىردىشىش ئارقىلىق تارايماستىن، ئەكسىچە بارغانسىرى كېڭىيىپ كەتتى. بولۇپمۇ " مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى " نىڭ بورىنى چىققىلى تۇرغان يېقىنقى ئىككى - ئۈچ ئايدىن بۇيانقى پىكىر ئىختىلاپلىرى تەۋرەپ قالغان موھەببەت بىناسىنى چاك - چېكىدىن بوسۇلۇپ چۈشۈش خەۋپىگە موپتىلا قىلىۋاتىدۇ. قۇتقۇزۇش كېرەك! دەرھال قۇتقۇزۇش كېرەك! تۇر-

غۇن دولقۇنلاۋاتقان چەكسىز خىيال دېڭىزىدا
توساتتىن ئۈمىت قىرغىقىنى كورگەندەك بولۇپ،
قىزلار ياتىقىغا قاراپ يول ئالدى.

× × ×

هالىڭ تېخى تىندۇرۇلۇپ بولماستا، تۇرغۇن
ئۆزىنىڭ ئويلىمىغان يەردىن « شېيۇ-
جېڭجۇيىلىق مۇئارىپ لۇشىيەنى
تۇجۇپىلەپ يېتىشتۇرگەن مايسا » ،
« پادىشانى قوغدىغۇچىلار تەرەپدارى » دېگەن
قالپاقلار بىلەن « گىزەندە »لەر قاتارىغا
كىرىپ قېلىشنى نەدىن بىلسۇن؟! « مەسلىسى»
بار ئادەمدىن چەك - چېگرىنى ئېنىق ئايرى-
ۋالمىسا، كەچۈرگۈسىز گۇنا ھېساپلىنىدىغان
بۇ « مىلسىز زور ئىنقىلاپ » تا، ئەسلىدىلا
تەۋرىنىپ قالغان خاسىيەتىنىڭ تۇرغۇن بىلەن
ھېلىقىدەك مۇناسىۋەتنى داۋاملىق ساقلاپ تۇ-
رۇشنى تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ ھەقىقەتەن قىيىن
ئىدى. تۇرغۇن ئىسيانچىلارنىڭ بۇيرۇغىغا بى-
نائەن كارىدورلارنى سۈپۈرۈپ، ھاجەتخانىلار-
نى تازىلاپ يۈرگەندە، ئۆزىنىڭ چەكسىز «سا-
دىق »لىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۇزۇن ئورمە
چېچىنى كالتە كەستۇرۇپ، ئۈچىسىغا « كىچىك
باتۇرلار » چە مايسىرەڭ چاپان كىيىپ، يەڭ
بەلگىسى تاقاپ، بېلىنى كەڭ تاسما بىلەن
باغلاپ، « زور ئىنقىلاپ » قاينىمىغا ئۆزىنى
ئاتقان خاسىيەت چىققالماس پاتقاققا چوڭقۇر پېتىپ
قالغان ئىدى. كېيىنچە تۇرغۇنغا ھەممىدىنمۇ
بەك ئېغىر تۇيۇلغىنى ئۇنىڭ قاراپ تۇرۇپ
« ئىشچىلار سىنىپى ھەممىگە رەھبەرلىك قىلىش»
دولقۇنىدا مەكتەپ ئىنقىلاۋى كومىتېتىنىڭ مۇ-
ئاۋىن مۇدىرلىقى تېگىپ قالغان گولو ئىشچى-
سى ئىسيانجان ( ئەسلى ئىسمى ياقۇپ ، «توت
كونا » غا ياتقاچقا ئىسيانجان دەپ ئۆزگەر-
تىۋالغان ئىدى ) بىلەن توي قىلىۋېلىشى بول-
دى. تۇرغۇن قاتتىق ئازاپلىنىپ، ھەممە دەر-
دىنى ھاراقتىن ئالماقچى بولغاندەك، كۆن بو-
يى مەس يۈرىدىغان بولدى. بۇ چاغدا ئى-
سيانچىلار « ئولگىچە توۋە قىلىشنى خالىمايدى-
غان كاپىتالىزىم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار »
بىلەن بولۇپ كېتىپ، تاپشۇرغان ئىشنى بېجى-
رىپ تۇرسىلا « كىچىك چۇپرەندىلەر » بىلەن
ئانچە كارى بولماس بولۇپ قالغان ئىدى.
شاقىراپ يامغۇر يېغىۋاتقان بىر ئاخشىمى تۇر-
غۇن ئۆزىنىڭ تۇتىنچى قەۋەتتىكى سەككىز كى-
ۋادىرات مېتىر كەلگىدەك ياتىقىدا رومكىغا
ھەمرا بولۇپ، ئاچ قوساققا توت سەر قېقىۋەت-
تى، بىردىن پۇتۇن بەدىنىگە ئوت كەتكەندەك
بولدى - دە، بېشى پىقىراپ ئايلىنىشقا باش-
لىدى. ئۇ كارۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ ھوكسىرەپ
يىغلىۋەتتى. قۇلىقى تۈۋىدە ئاللىقانداق بىر
نەرسە: « بۇنداق ياشاشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟
دىرىزىدىن ئۆزەڭنى تاشلىساڭلا ھەممە قايغۇ-
غەمدىن خالاس بولسەن!... » دەپ توختىماي
پىچىرلايتى. كوزلىرى قىزىلمۇچتەك قىزىرىپ
كەتكەن تۇرغۇن دەلدەڭلەپ ئورنىدىن تۇردى-
دە، دىرىزىنى ئېچىۋەتتى. ئۇنىڭغا يىراقتاچاق-
ماقنىڭ يالت - يۇلت قىلىشىغا ئەگىشىپ ياڭ-
رىغان گۈلدۈرماما ساداسى، شامالغا تەڭكەش
قىلىپ شاقىرىغان يامغۇر ئاۋازى گويا مۇڭلۇق
ماتەم مۇزىكىسى بولۇپ تۇيۇلدى. « سەكرە!
سەكرە! » غايىۋانە ئاۋازنىڭ ئىلھامى-
دىن روھلانغان تۇرغۇن بېشىنى دىرىزىنىڭ
سىرتىغا چىقىرىۋىدى، سوغۇق يامغۇر تامچىلى-
رى يۈزىگە ئۇرۇلدى، قاپ - قاراڭغۇ تۈنپەر-
دىسىنى كېسىپ ئۆتكەن چاقماق نۇرىدا ئۇ
توساتتىن پاۋېل كورچاگىننىڭ مەسخىرە ئالا-
مەتلىرى چىقىپ تۇرغان چىرايىنى كورگەندەك
بولدى. « نېمە قىلىۋاتىمەن! » مىڭىسى ئازراق
سەگەكلىشىپ قالغان تۇرغۇن ئەسەبىلىك بىلەن
ۋاقىرىۋەتتى: « ئەجىبا، مەن بۇ دۇنيادا بىر

قىزلى دەپ ياشاىدىمەن؟! قېنى ئۇ غايەم ؟!
قېنى ئۇ گۈزەل ئارزۇيۇم؟!... » ئۇ دىرىزىنى
زەردە بىلەن جالاقىدە يېپىۋېتىپ، كارۋات لى-
ۋىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە
ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا " پولات قانداق تاۋلاندى-
دى » نى قانچە قېتىملاپ ئوقىغان. پاۋىل
كورچاگىننىڭ قەيسىرانە روھى ئۇنىڭ ئۆگى-
نىش ئىرادىسىگە، ئۇلۇغۋار غايە تىكلىشىگە
ئىلھام بەرگەن ئەمەسمىدى؟ ئىنىستىتوتقا كەل-
گەندىن كېيىن خاسىيەت بىلەن تونۇشتى، سىر-
داشتى، ئۆمۈرلۈك بولۇشقا ۋەدىلەشتى. پاۋىل
روھى ئۇلارنىڭ ھەر قېتىمقى كەلگۈسى غايە
ئۈستىدە بارغان پاراڭلىرىنىڭ تېمىسى بولغان
ئىدىغۇ، ئەجىبا، ئادەممۇ ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگى-
رىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ كېتەمدىكىنە؟ ما-
نا خاسىيەت ئۆز ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە، چۈش-
كە كىرىپ باقمىغان تۇيۇق يولدا ھالاكەتكىر-
داۋىغا قاراپ كېتىۋاتىدۇ، تۇرغۇنمۇ شۇ گۈزەل
ئارزۇ - ئارمانلىرى بىلەن ۋىدالىشىپ، ئۆزىنى
ھالاك قىلسۇنمۇ؟ ياق! تۇرغۇن ئۇنداق ئىرا-
دىسىز يىگىت ئەمەس! ئۇ ئۆز ھاياتىدا ئۇچ-
رىغان پالاكەت، بەختسىزلىكلەرنى ئۇنۇتۇپ،
گۈزەل غايە چوققىسىغا قاراپ ئىلگىرلەيدۇ،
ئۇنىڭ ئەگرى - توقاي يولىدا تىكى يوق ھاڭ-
غا چۈشۈپ كەتسىمۇ، ھازىرقىدەك بىھۇدە ئول-
گەندىن مىڭ ھەسسە ياخشى!... تۇرغۇن پىشا-
نىسىگە بىرنى ئۇرۇپ، تازىلىق قىلىش جەريا-
نىدا ئەخلەت دۆۋىسىدىن تېپىۋالغان «روسچە -
ئۇيغۇرچە لۇغەت » نى چىقاردى- دە، تىرمىنى-
لارنى ئۇنلۈك يادلاشقا كىرىشتى.

3

ۋەزىيەت نەقەدەر ئۆزگۈرۈشچان - ھە! تېخى
تۈنۈگۈن مۇئاۋىن مۇدىرنىڭ رەپىقىسى بولۇش
سۆيىتى بىلەن گىدىيىپ يۈرگەن خاسىيەت تۇ-
يۇقسىز « مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىنىڭ بايراقدا-
رى»جياڭ چىڭغا " غالجىرانە ھۇجۇم قىلدى«
دىگەن گۇنا بىلەن كۈرەشكە تارتىلدى. ئۇنىڭ
" چىكىدىن ئاشقان ئەكسىلئىنقىلاۋىي جىنايەت-
لىرى » نى پاش قىلغۇچى باشقا كىشى ئە-
مەس، دەل ئۆزىنىڭ " سويۇملۇك » ئېرى-
ئىسيانجان ئىدى. ئىسيانجان خاسىيەتنىڭ دوم-
بۇيۇپ چىققان قوسىغىنىڭ بېشىنى تۇۋەن ئې-
گىپ، " ئىنقىلاۋى ئامما » ئالدىدا تۇۋە قىل-
شىغا يار بەرمەيۋاتقىنىغا قارىماي، ئۇنىڭ
پاخپىيىپ كەتكەن چاچلىرىدىن تارتىپ، بوي-
نىدىن بېسىپ، ئۆزىنىڭ ئىسيانكار روھىنى تو-
لۇق نامايەن قىلىۋاتاتتى. خاسىيەتنىڭ بۇ بى-
چارە ھالىتىنى كورگەن تۇرغۇننىڭ ئىچى سى-
رىلىپ كەتتى، ئۆزىنى زورىغا بېسىۋالمىغاندا
ئىدى، كوز ياشلىرىنى كوكلەم يامغۇرىدەك تو-
كۈپ ھوكۈرەپ يىغلىۋەتكەن بولاتتى. " رەھىم-
سىز سىنىپى كورەش » بولۇۋاتقان مەيداندا
بۇنداق قىلىشنىڭ ئۆزىگە نىمە ئاقىۋەتلەرنى
ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدىغان تۇر-
غۇن بېشىنى تۆۋەن سالغان پېتى ئۈزلۈكسىز
تۆۋلىنىۋاتقان شوئارلارغا قولىنى ماشىنا ئا-
دەمدەك كوتىرىپ قويۇپ ئولتۇرۇۋەردى. يىغىن-
نى ئىسيانجان ئۆزىنىڭ " ئەكسىلئىنقىلاپچى «
خوتۇنىدىن چەك - چىگرىنى ئېنىق ئايرىيدى-
غانلىقىنى جاكالاش بىلەن ئاخىرلاشتۇردى.
تەقدىر تولىمۇ غەلىتە كېلىدىكەن. خاسىيەت
ئۇيان بېرىپ-بۇيان بېرىپ، ئاخىرى ئۆزىنىڭ يەنە
تۇرغۇن بىلەن بىللە ھاجەتخانا ، تازىلايدىغان-
لىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمىغان بولغىي-
دى! ئۇلار بىر - بىرى بىلەن گەپ قىلىشمايت-
تى، تۇرغۇن خاسىيەتنىڭ بېشىنى يەردىن كو-
تەرمەي يۈرۈشىگە، ئۆزىنى دائىم كورمەسلىككە

سىلىپ ئوتتۇپ كېتىشكە قاراپ: « بىچارە، خې-
لى ۋىجدان ئازاۋىغا قالغان بولسا كېرەك...»
دەپ ئويلايتتى. ئاي - كۈننىڭ يېقىنلىشىپ قال-
غانلىقىدىن دىرەك بېرىپ تۇرغان دومباق قو-
سىقىغا كوزى چۈشكەندە، « ئۆزۈم تاپقان با-
لاغا، نەگە بارايى داۋاغا » دىگەن شۇ! تارتـ-
قۇلۇغىڭنى تارت!...» دىگەن خىياللارنى كوڭلىدىن
ئوتكۈزۈشتىنمۇ خالى بولالمايتتى.

تۇرغۇن لەپىلدەپ قار يىغىۋاتقان بىر ئاخ-
شىمى بەك ھېرىپ كەتكەنلىكتىنمىكىن، ئادەت-
تىكىدىن بالدۇرراق يېتىۋالدى - دە، ياستۇققا
بېشىنى قويا - قويمايلا ئۇيقۇغا كەتتى...

بىر توپ غالجىر ئىتتىن قورقۇپ ئىگىز بىر
تاققا چىقىۋالغان تۇرغۇننىڭ قۇلىقىغا تۇيـۇق-
سىز يىراقتىن « ۋاي، قوتقۇزۇڭلار! » دىگـەن
ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ يۈگرە - يۈگرە ئاخـىرى
تىك ھاڭ لېۋىگە يېتىپ كىلىپ، بوشلۇققا ئې-
سىلىپ قالغان ئايالنىڭ قولىدىن تۇتىۋىلىپ
كۈچەپ يۇقۇرىغا تارتتى. خەتەردىن قۇتۇلغان
ئايال بېشىنى كوتىرىپ شەپقەتچىسىگە تەبەس-
سۇم بىلەن قارىدى. —خاسىيەت!— تۇرغۇن
ئۈنلۈك ۋاقىرىۋەتتى- دە، ئۇنىڭ يىلىنىپ يال-
ۋۇرۇشلىرىغىمۇ قارىماي قولىنى قويىۋەتتى. ئا-
يال دەھشەتلىك چىقىرىغان پېتى تېـگـى يـوق
ھاڭغا چۈشۈپ كەتتى. « ئاھ، نىمە قىلىپقوي-
دۇم! مەن قاتىل! بىر ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن
بولغان قاتىل!... » تۇرغۇن ئۆزىنى توختىماي
شاپىلاقلايتتى. ئەيىپلەيتتى، ئازاپ ئىچىدە تول-
غۇناتتى. شۇ ئەسنادا ھېلىقى بىر توپ غالجىـر
ئىت قاياقتىندۇر پەيدا بولـۇپ قـالـدى- دە،
ئۇنى ئارىغا ئېلىۋىلىپ تالاشقا باشلىـدى...
تۇرغۇن قورققىنىدىن پۈتۈن ئەزايى چىلىـق -
چىلىق قارا تەرگە چومۇلگەن ھالدا ئويغۇنۇپ
كەتتى. « نىمە دىگەن غەلىتە چۈش - ھـە! »
دەپ پىچىرلىدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە.- « بۇ نى-
مىدىن بىشارەت بېرىدۇ؟... » تۇيۇقسىز ئۇ-
نىڭ قۇلىقىغا غەيرى بىر تاۋۇش ئاڭلانغـان-
دەك بولدى، تۇرغۇن ياستۇقتىن بېشىنى كوتى-
رىپ تىڭشاپ تۇردى، يەنە شۇ تـاۋۇش: بـىـر
ئايالنىڭ ئازاپلىق ئىڭرىشى...

ئۇ دەرھال كىيىملىرىنى كىيىپ كارىدورغـا
چىقىپ، ئاياللار ھاجەتخانىسى ئالدىدا يىـقىـ-
لىپ ياتقان خاسىيەتنى كوردى، ئۇ قوسىقىنـى
مۇجۇپ ئازاپلانغان ھالدا تولغۇناتتى. ئىـڭـ-
رايتتى، دومۇلايتتى...

تۇرغۇن كوزنى يۇمۇپ - ئاچقىچىلىك بـول-
غان ئارىلىقتىكى ھولۇقۇش، ئىككىلىنىشنى يەڭ-
دى - دە، خاسىيەتنى ئىككى قوللاپ كـوتـەر-
گەن پېتى دوختۇرخانىغا قاراپ چاپتى. نوۋەت-
چىلىك قىلىۋاتقان قېرى دوختۇر ھېرىپ ھالى
قالمىغان تۇرغۇنغا كوزەينىگىنىڭ ئۈستىدىـن
ھەيران بولغان ھالدا قاراپ قويۇپ، ئايالنـى
كارۋاتقا ياتقۇزۇشقا بۇيرۇدى - دە، يېڭىنـى
شىمايلاپ چاققانلىق بىلەن تەكشۈرۈشكە كىرىشـ-
تى.

— ئۆزايىڭىزدىن قارىغاندىغۇ ئانچە ياشـ-
مۇ ئەمەستەك قىلىسىز،- دىدى ھامىلدار ئايال-
غا بىر قۇر قاراپ چىققان دوختۇر تۇرغۇنـنـى
ئەيىپلەپ،- نىمىشقا بالدۇرراق تـەكشـۈرتـۈپ
باقمىدىڭىز؟ بالا توغرىسىغا كەپ قاپتۇ، يەنـە
بىر سائەت كېچىككەن بولسا ئانا - بالا بىللە
تۈگەشتى دىگەن سوز! ھەي، ھازىرقى زامـان-
نىڭ ياشلىرى— زە... ئۇ بىر نىمىلەرنى دەپ
غۇدۇڭشىغىنىچە خاسىيەتنى كارىۋاتىسىدان چاق-
لىق ھارۋىغا سالدى - دە، ئىككى سېسـتـىـرا
قىز بىلەن بىرلىكتە تۇغۇت بولۇمىگە ئېلىـپ
ماڭدى.

— داڭقېتىپ تۇرغىنىڭىز نىمىسي؟- دىـدي

دوختۇر تۇساتتىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، تىزراق ئۆيىڭىزگە بېرىپ ئايىلىڭىزغا يېمەك-ئىچمەك، بالىڭىزغا كورپە - يوگەك دىگەندەك نەرسىلەرنى ئەپكېلىڭ!

تۇرغۇن نىمە دىيىشىنى بىلەلمەي، قېتىپ قويغان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى.

4

مانا، بىراۋنىڭ پۇشتىدىن بولغان بالا تۇرغۇنغا ئوماق كوزلىرىنى مولدۇرلىتىپ قاراپ ياتىدۇ. ئۇنىڭ يېنىدا ئانىسى، خىجىللىقتىن ئوزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قېلىۋاتقانلىغى پەرىشان چىرايىدىن چىقىپ تۇرىدۇ. تۇرغۇن تاڭ يورۇماستا ئورنىدىن تۇرۇپ، سۈت توشۇيدىغان ئۈچ چاقلىق «بوت - بوت» نىڭ تىزراق يېتىپ كېلىشىنى توت كوزى بىلەن كۈتەتتىدۇ. ئاندىن «ۋاي سائادەتخان، ماڭا بىر كورۇشكا!» دىگەن يىڭلىنىش خورىغا جور بولۇپ، تىلى كالۋالىشىپ قالاي دىگەندە ئىرىشكەن بىر چوموچ سۈتنى كوتەرگىنىچە قەھرىتان سوغۇقتا مۇز چوكىدەك قېتىپ قالغان پۇتىنى ئاران سورەپ ئويىگە يېنىپ كېلىدۇ، سۈتنى پۇشۇرۇپ بالىغا ئىچكۈزىدۇ، تاماق ئىتىپ خاسىيەتكە زورلاپ يىگۈزىدۇ، بىلىنى بىر ئاز رۇسلىۋالغاندىن كىيىن كارىدۇر، ھاجەتخانىلارنى تازىلايدۇ. ئاخشىمى خاسىيەتنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى، بوۋاقنىڭ تەرەت-لاتىلىرىنى يۇيىدۇ... كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئوتىۋاتاتتى. تۇرغۇن خاسىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ نەگە بېرىپ، نەدە توختىشىنى زادىلا تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. كونىلار «كوكۇل دىگەن ساراڭ نىمە» دەپ بىكار ئېيتمىغان بولسا كېرەك، ئۇ سائا ۋاپاسىزلىق قىلىپ باشقا ئادەمنىڭ قوينىغا ئوزىنى ئاتسۇنۇ، سەن يەنىلا ئۇنى ئۇنۇتالماي، ئۇنىڭ يۇرىگىنىڭ ئاللاقانداق بىر يېرىگە كىرىۋالغان سايىسىنى قوغلىۋەتەلمەي يۇرسەڭ، توۋا! ئانداقتا بۇنى تېخىچە ئۇچۇپ قالمىغان مىزھەببەت چوغىنىڭ قايتىدىن يالقۇنلىشى دەپ چۈشەندۇرگىلى بولارمۇ؟ ياق، بۇ مۇھەببەت ئەمەس، ئادەمگەرچىلىك! ئىز نىھايەت خاسىيەتنىڭ قىرىقى توشقىچىلا ئىنسانى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىدۇ ئۇنىڭدىن كېيىن...

تۇرغۇن ئولتۇرسا - قوپسا ئەنە شۇنداق چىگىش خىياللار ئوتكەمىسىدە تاسقىلاتتى، بىر قارارغا كېلەلمەي ئازاپلىناتتى، ئوزىنىڭ خاسىيەتنى كوڭلىدىن چىقىرىپ تاشلاش ئۈچۈن كورسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىنىڭ بىكارغا كىتىۋاتقانلىغىغا ھەيران قالاتتى. ئەجىبا، ئۇنىڭدا ئەرلەرنى ئوزىگە مەھلىيا قىلىۋالىدىغان بىر خىل سېھىرلىك كۈچ بارمىكىنە؟ بار دىيىلىدىغان بولسا نىمىشقا ئۇ-يانجانىنى ئاخىرغىچە ئۇز - يېنىدا تۇرغۇزۇۋالمىدى؟ ئۇ يوق گۇنا بىلەن خاسىيەتنى ئورىغا ئىتتىرىۋېتىپ، ئوزۇن ئوتمەيلا يېڭى «كوكۇل خوشى» بىلەن توي قىلىۋالدىغۇ! بۇنى نىمە دەپ چۈشەندۇرۇش مۇمكىن؟ دىمەك، گەپ خاسىيەتتە ئەمەس، ئوزۇمدە، ئوزۇمنىڭ يوگەنسىز كوڭلىدە. ئەي كوكۇل، ساراڭ كوكۇل!...

خاسىيەتنىڭ قىرىقى توشۇشقا ئاز قالغاندا يۇز بەرگەن مۇنداق بىر ۋەقە تۇرغۇننىڭ ئاخىرقى قارارغا كېلىشىگە سەۋەپچى بولدى:

ئۈچ - تورت سائەتتەك ئوچرەتتە تۇرۇپ ئىككى جىڭ گوش سېتىۋالغان تۇرغۇن خوشاللىغىنى باسالمىغان ھالدا ئىشىكنى ئىتتىرىۋېدى، ئېچىلمىدى.

— خاسىيەت! ھەي خاسىيەت!...

خاسىيەت ئەزەلدىن ئىشىكنى ئىچىدىن ئېتىۋالمايتتىغۇ! ئۇي ئىچىدىن جاۋاپ ئالالمىغان تۇرغۇن ئاللىقانداق بىر بەختسىزلىكنى سەزگەندەك گەۋدىسىنى ئىشىككە قاتتىق بىر ئۇرۇۋىدى، ئىلگەك يۇلۇنۇپ چىقتى. تۇرغۇننىڭ بىر قانچە يىلدىن بېرى يېزىق ئۈستەلى ئورنىدا ئىشلىتىلىپ كەلگەن پۇچۇق شىرەسى ئۈستىگە چىقىۋالغان خاسىيەت تانىنى تۈرۈستىكى پار تۇرۇبىسىغا باغلاۋاتاتتى.

—نىمە قىلىۋاتىسىز؟ —دىدى تۇرغۇن ئالاقىزادە بولۇپ، ئۆزىڭىزنى ئۆلتۈرۋالماقچىمۇ؟
بالىڭىزغا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن!

تۇرغۇن سوزلەۋېتىپ خاسىيەتنى ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي شىرە ئۈستىدىن تارتىپ چۈشۈردى — دە، ئۆز يېنىغا ئولتۇرغۇزدى. ئۇ كوپ يىغلىغان بولسا كېرەك، كوزلىرى قىزىرىپ كەتكەن ئىدى.

— مەن سىزگە ۋاپاسىزلىق قىلدىم، - خاسىيەت ئۆزىنى تۇتالماي بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى، — ئۇنى ... ئۇنى ئاز دىگەندەك يەنە ... يەنە ئولۇگۇمنى ئارتىپ خەلقى ئالەم ئالدىدا بېشىڭىزنى كوتىرەلمەس قىلىپ قويدۇم! مەن ... مەن قايسى ... يۈزۈم بىلەن بۇ دۇنيادا ياشايمەن؟! قايسى يۈزۈم بىلەن سىزگە... سىزگە قارايمەن؟! ئۇنىڭدىن كورە ئولگىنىم ياخشى ئەمەسمۇ!...

— ئۇنداق ئويلىماڭ!— تۇرغۇننىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، — تېخى ئومرىمىزنىڭ يېرىمىمۇ توگىمىدى، بىز قىلىدىغان ئىشلار دىگەن جىق! ھېلىقى ئارزۇ - ھەۋەسلىرىمىز ھىلىمۇ يادىڭىزدىمۇ؟ جاھان بۇنداق كىتىۋەمەس، ئىستىقبال...

— توگىدى! ھەممىسى توگىدي! — خاسىيەت ئەسەبىلەرچە ۋاقىرىۋەتتى، — ھەممىنى ئوز قولۇم بىلەن گورگە تىقىۋەتتىم!...

— ياق! توگىمىدى!— تۇرغۇننىڭ ئاۋازى قەتئى ئىدى، — يېڭى ھاياتنى بۈگۈندىن باشلايمىز! مەن ئوزۇمنى ئالداپ مۇشۇ كۈنگىچە كەلدىم، ئەمدى ئالدىيالمايمەن! مەن سىزنى سۆيىمەن! بۇرۇنقىدەك سۆيىمەن!...

خاسىيەت تۇرغۇننىڭ كوز چاناقلىرىدىن توكۈلۈۋاتقان ياش تامچىلىرىغا قاراپ قېتىپلا قالدى. بىر ھازادىن كېيىن ھوشىنى يىغىپ ئويلانغان ھالدا ئەيتتى:

— بۇمۇ ئوزىڭىزنى ئالدىغانلىق، سىزدە ماڭا ھازىر پەقەت ئىچ ئاغرىتىش، رەھىم شەپقەتلا بار. مۇھەببەت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس!

— سىزگە نىمە قىلىپ بەرسەم ئاندىن ئىشىنىسىز؟ يۈرۈگۈمنى يېرىپ كورسىتەيمۇ؟ سىز... سىز... — تۇرغۇن قاتتىق ھاياجانلانغانلىقىدىن نىمە دىيىشنى بىلەلمەي دۇدۇقلاپ قالدى.

— ياق، سىزنى شۇنچىلىك ئازاپلىغىنىممۇ يىتەر، تۇرغۇن! ئوزۇممۇ بىر ئومۇر ۋىجدان ئازاۋىغا قېلىشنى خالىمايمەن! ئارىمىزدىكى بۇ بالا كونا يارىڭىزنى قوزغىمايدۇ دەپ ئېيتالامسىز؟! ئۇنى ھەر قېتىم كورگەندە...


— بالىدا نىمە گۇنا؟ — دىدى تۇرغۇن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇخلاۋاتقان بوۋاقنى قۇچىغىغا ئېلىۋېتىپ، — مەن بۇنى ئوز قولۇم بىلەن تەربىيىلەپ يارامىلىق ئادەم قىلىپ يىتىشتۇرىمەن! ئىلىم - پەننىڭ ئەگرى - توقاي يولىدا ھېرىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئىسمىنى غەيرەت قويساق قانداق؟

— سىز ... سىز ... نىمە دىگەن ئىسىل ئادەم-ھە! خاسىيەت ئوزىنى تۇتۇۋالالماي ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى...

5

تاك! تاك! تاك!...
ئاتا-ئانىسى ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان "كارا-
مەت» كە قاراپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالغان غەي-
رەت ئىشىككە قاراپ سورىدى.
— كىم؟
— غەيرەتمۇ سەن! — مەكتەپنىڭ ئىلمى مۇ-
دىرى قاسىم ئاكىنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ئاڭ-
لاندى،— داداڭ بارمۇ؟
— بار! — غەيرەت جاۋاپ بىرىۋېتىپ ئىشىك-
نى ئاچتى - دە، ئاشخانا تەرەپكە قاراپ ئاغ-
زىنى ئۇشلىدى، — ئەنە ئەشەدە، ئاۋال ئانام
يىغلىغانتى، ئارقىدىن داداممۇ يىغلىدى، ئان-
.دىن ...
قاسىم ئاكا ئىشكى ئوچۇق تۇرغان ئاشخانى-
غا قاراپ ئۇنلۇك يوتۇلۇپ قويىدى. چۇچۇپ
كەتكەن ئەر - خوتۇن ئالدىراپ — تىنەپ بىر
بىرىنىڭ قۇچىغىدىن ئاجراشتى - دە، كوز ياش-
لىرىنى ئېيتىشىپ، خىجىل بولغان ھالدا قاسىم
ئاكىغا قاراپ زورغا كۇلۇمسىرەشتى.
— خوشخەۋەر! — دىدى قاسىم ئاكا تەكلىپ
بىلەن كىرسلوغا ئولتۇرۇۋېتىپ، - ئوتكەنكى
مۇۋەپپەقىيىتىڭىز جۇڭگو پەنلەر ئاكادىمىيىسى-
نىڭ دىققەت ئېتىۋارىنى قوزغاپتۇ، سىزنى
مەملىكەت بويىچە ئوتكۇزۇلىدىغان ئىلمىي مۇھا-
كىمە يىغىنىغا تەكلىپ قىپتۇ. ئۇقتۇرۇشنى تې-
خى باياتىن تاپشۇرىۋالدۇق، ئەتە بېيجىڭغا
ئۇچىسىز، تەييارلىق كورۇڭ!
— ھە؟ ... راستىنلا ... — خاسىيەت يەنە
بىر نىمىلەرنى دىمەكچى ئىدى - يۇ، لېكىن
ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكتىن دە ماللىققا ئاغزى
گەپكە كەلمەي قالدى.
— غەم ئەندىشىڭىز ئەمدىغۇ توگىگەندۇ؟ —
دىدي قاسىم ئاكا خاسىيەتنىڭ كوڭلىدىكىني تې-
پىپ، - ئۇ زامانلار كەلمەسكە كەتتى، بىلىم
ئەھلى...
خاسىيەت يۈزى قىزارغىنىدىن يەرگە قارى-
ۋالدى. راست ئەمەسمۇ، خاسىيەتلىك باھار
يېتىپ كەلگەندىن كېيىن خاسىيەت ئوزىنى بۇ-
رۇنقىدەكلا يېزا، كوتوپخانا، تەجرىبىخانا قوي-
نىغا ئاتقان تۇرغۇنىنىڭ خىزمىتىنى دىگەندەك
قوللاپ كېتەلمىدى.
— نىمە جاپا؟! — دىدى ئۇ مەلۇم بىر قې-
تىم تۇن نىسبىدە قايتىپ كەلگەن تۇرغۇنغا، —
كىتاپ غاجىلاشنىڭ دەردىنى ئاز تارتقاندەك
يەنە نىمانچىلا قىلىپ كېتىسىز؟ دولەت بېرى-
ۋاتقان مۇئاشىمىز بولغاندىكىن، ساق بېشىمىزغا
ئاغرىق تاپماي، ئامانى خۇدا كۇنىمىزنى ئال-
ساق بولمىدىمۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە يېزىغا بىر
كېتىۋالسىڭىز ئۇدا بىرنەچچە ئاي...
— مېنى تېخىچىلا چۇشەنمەيدىكەنسىز — دە!-
دىدى تۇرغۇن رەنجىپ، — ئەجەبا، مەن پۇل
ئۇچۇن شۇنداق قىلىۋاتىمەنمۇ ؟! ياق! مىللىتى-
مىزنىڭ شان - شوھرىتى، خەلقىمىزنىڭ
پايدا - مەنپەئەتى ئۇچۇن! بۇ يولدا ھەر
قانچە جاپا چەكسەكمۇ ئەرزىيدۇ، خاسىيەت !
ئاڭىمىز ئادەمدەك بۇنداق گەپلەرنى قىلىشىڭىز-
نى خىيالىمغىمۇ كەلتۇرۇپ باقماپتىكەنمەن!
خاسىيەت خېلى ئۇزاققىچە يىغلىدى. ئۇ كىمى-
نىڭ غەمىنى يەۋاتىدۇ؟ ئوزىنىڭمۇ؟ ياق! ئوزى
يوق ھاۋىدىكى ئادەم! ئۇ تۇرغۇننى ھېلىقى-
دەك بالايى - ئاپەتكە قالارمىكىن دەپ ئەنسى-
رەپ، قانچىلىغان كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئوتكەز-
مىدى! لېكىن ،تۇرغۇن ئۇنىڭ كوڭلىدىكىنى چۇ-
شەنمەي ، بىھۇدە ئاغرىنىۋاتىدۇ، ئۇۋال!...
شۇندىن كېيىن خاسىيەت بىر مەھەل جىمى-

(ئاخىرى 74 - بەتتە)




(ھېكايە)

غوجا ئابدۇللا

« + » بەلگىلىك دوختۇر ماشىنىسى ئۇچقاندەك تېز سۈرئەتتە بىزنى شەھەر دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ كەلدى. بۇ دەل فېۋرال ئايلىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرى بولۇپ، ھاۋا سوغۇق ئىدى. ئاسماندا تولۇن ئاي، يۇلتۇزلار پىلدىرلاپ بىزگە كۆز قىساتتى. ۋاقىت يېرىم كېچىدىن ئاشقان. مەن ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا تۇغۇت بولۇمىنىڭ خادىمى بىلەن بىرلىكتە ئايالىمنى نوسىلكا بىلەن كۆتۈرۈپ ماشىنىدىن پەسكە ئالدۇق-دە، تۇغۇت بولۇمىگە قاراپ ماڭدۇق. نۆۋەتچى ئون سەككىز ياشلار چامىسىدىكى بىر ئۇيغۇر قىز ئىدى. ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئايالىمنى قائىدە بويىچە كارۋاتقا ياتقۇزۇپ بىر قۇر تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ. ئاستىنقى لېۋىنى چىشلىگەن ھالدا بولۇمدىن تېز چىقىپ كەتتى. يۈرۈكۈم جىغغىدە قىلىپ قالدى. ئېھتىمال بىرەر ئەنسىزلىك بىزنى كۈتۈپ تۇرسا كېرەك...

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي تۇغۇت بولۇمىگە ئالتە نەپەر ئاق خالاتلىق ئايال دوختۇرلار يىغىلدى. بۇلار ئىچىدىن ئوتتۇرا ياش بىرسى ئايالىمنى خېلى تۈجۈپىلەپ تەپسىلىي تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن ماڭا قاراپ سەمىمىي ھالدا:

— ئايالىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە.

— بۇ ياققا كېلىڭ!

مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىككىنچى بىر بۆلۈمگە چىقتىم. ئۇ ماڭا جىددىي تىكىلگەن ھالدا قاراپ تۇرۇپلا قالدى. مەن ئۇنىڭ بىر جۈپ بۇلاقتەك قاپ-قارا كۆز قارىچۇقلىرىدىن قانداقتۇر بىر ئەنسىزلىكنى سېزىپ يەتتىم-دە، تېنىم شۈركۈنۈپ كەتتى. بەدىنىمدىن سوغ تەر چىقىپ، چىرايىم بولەكچىلا ئۆزگۈرۈپ كەتتى. دوختۇر مېنىڭ بۇ ھالىمنى كۆرۈپ ئىنتايىن مۇلايىملىق بىلەن:

— ئىسمىڭىز نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— ئابدۇغېنى.

— قەيەردە ئىشلەيسىز ؟
— × × ناھىيىلىك سىمونت زاۋۇدىدا .
— ياخشى، سىز ئۆزىڭىزنى تۇتىۋېلىڭ . ئې-
ھىر بېسىق بولۇڭ . يولدىشىڭىزنىڭ ئەھۋالى
ھەقىقەتەن خەتەرلىك، ئۈمىت بەك ئاز . بالا
ياكى ئانىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش بىر
مەسىلە بولۇپ قالدى ، — دىدى .
مېنىڭ يۈرۈكۈم قاتتىق مۈجۈلدى-دە،بۇرنۇم-
غا ئاچچىق لازا سۈيۈقلىقى قۇيۇلغاندەك بەدى-
نىم شۈركۈنۈپ ، كوزلىرىمدىن ياش قۇيۇلاي
دەپلا قالغان ئىدى. بۇ ھالىمنى كورگەن دوخ-
تۇر ئىتتىك ماڭا قاراپ يۇمشاق قوللىرى بى-
لەن مۈرەمنى سىلاپ تۇرۇپ :
— ئىنىم ، ئۆزىڭىزنى تۇتىۋېلىڭ. بار ئا-
مالنى ئىشقا سېلىپ باقارمىز ،- دىدى . مەن
ئۆزەمنى تەستە بېسىپ :
— دوختۇر، بىر ئىلاجى قىلىپ ... كېيىمە-
نىڭ ئاخىرىنى زادىلا ئاغزىمدىن چىقىرالمى-
دىم .
— ئېيتىڭا ، - دىدى دوختۇر ، - سىزگە با-
لا كېرەكمۇ ، يا ئانىسىمۇ ؟ بۇ ناھايىتى قى-
يىن سوئال ئىدى . مەن تۇيۇقسىز ئىمتىھانغا
يولۇققان ئوقۇغۇچىدەك ئىنتايىن تەمتىرەپ
قالدىم .
— تېز بولۇڭ . ۋاقىت قىس .
— ماڭا ھەر ئىككىلىسى كېرەك ، - دىدىم
مەن قەتئىلىك بىلەن .
— ئۇنداق قىلىشقا چارە بولمىسىچۇ؟
— قانداق قىلساق بولار ؟
— ئىنىم تەرسالىق قىلماڭ . بىز بىر ئىلا-
جى قىلىپ بالىنى پارچىلاپ ئېلىپ ، ئانىسى-
نى ساقلاپ قالايلى . چۈنكى ئايالىڭىزنىڭ تې-
نى ئاجىز، ئۇنىڭ تۇغۇت يولى يېتىلمىگەن، تۇ-
غۇتنى چەكلەنگەن ئايال . ئۇ ئۆزى تۇ-
غالمايدۇ . جىددى چارە قىلمىسا، ئانا - بالا-
ىراقىلا ...... ئۇ ، سوزىنىڭ ئاخىرىنى يۇ-
تىۋەتتى . بۇ سوزنى ئاڭلاپ مېڭەمدە چاقماق
چېقىلدى . ھاياتىمنىڭ تۇنجى كوچىتى ، تېخى
يورۇق دۇنياغا كوز ئاچمىغان پەرزەنتىمنىڭ قو-
ساقتىكى چاغدىلا ئولۇمگە ھوكۇم قىلىنىشى ،ئە-
گەر تېز ئامال قىلىنمىسا ، ئانا - بالا ھەر
ئىككىسىنىڭ نابۇت بولۇشى نىمە دىگەن ئې-
چىنىشلىق-ھە ! ......
مەن چىداپ تۇرالمىدىم- دە، قەتئىي قىلىپ :
— ھەر قانچە چىقىم بولسىمۇ ، ئانا - با-
لىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشىڭلارنى سوراي-
مەن ، - دىدىم .
دوختۇر تېز چىقىپ كەتتى .
× ×
مەن ئوپىراتسىيە ئويىنىڭ سىرتىدا ئىدىم .
يورۇق دۇنياغا كوز ئاچماي تۇرۇپ ئولۇم-
گە مەھكۇم قىلىنغان بوۋاق ۋە ئۇنىڭ ئانىسى-
نىڭ ھاياتى ھەققىدە خىلمۇ - خىل خىياللارنى
سۈرەتتىم . خىيالىم بىردىنلا ئوتكەن كۈنلەر-
گە قانات قاقتى ......
خوشنىمىزنىڭ چوڭ دادىسى قازا تېپىپ ،
ئەتراپتىكى يىراق - يېقىن تۇققانلىرىغا خە-
ۋەر قىلىشتا قىيىنىلىپ قالغان ئىدى . دادام بۇ
ھالنى كورۈپ، ماڭا خەۋەر يەتكۈزۈپ كېلىش-
نى تاپشۇردى .
مەن ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ بولغىچە خېلىلا
كەچ كىرىپ قالغان ئىدى. ئالدىراپ ئويگەقايت-
تىم . يولۇمدا بىر ئىگىز دوڭ بولۇپ ، ئويگە
ئالدىرىغىنىمدىن دوڭگە چىقىشتا ۋېلىسىپىتنى
ناھايىتى كۈچەپ تېپىپ ئالغا ئىلگىرلەيتتىم .
تۇيۇقسىز ئوڭ بېقىنىم تەرەپ‌پەچاق سانجىغان-
دەك ناھايىتى قاتتىق ئاغرىپ ، كوڭلۈم ئېلى-
شىپ، يەرگە يىقىلدىم - دە، سېرىق زەرداپ قۇ-
سىۋەتتىم . ئاغرىق ئازاۋىغا چىدالماي، ئىڭراپ
يېتىپ قالدىم. توساتتىن بىر قىزنىڭ قېشىمغا

كېلىپ :

— نېمە بولدىڭىز ؟ - دېگەن سوئالى قۇلىقىمغا كىردى .

— قوسىقىم ...... قاتتىق ...... ئاغرىۋاتىدۇ .

— ئەخمەتجان! ،-دەپ توۋلىدى قىز ،- دەرھال ئۆيگە بېرىپ داداڭغا ئېيت، ئېشەك ھارۋىسىنى قېتىپ كەلسۇن .

قىز بېشىمنى تىزىغا ئېلىپ قول ياغلىقى بىلەن ئاغزى-بۇرنۇمنى سۇرتتى ۋە مېنى يولەشتۇرۇپ تەستە يولنىڭ چېتىگە ئالدى . چىكەمدىن پۇرچاقتەك سوغ تەر چىقماقتا . بىر ئازدىن كېيىن قىزنىڭ دادىسى ئېلىپ كەلگەن ھارۋا بىلەن ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىندىم . جىددى خاراكتېرلىك سوقۇر ئۈچەي بولغىنىم ئۈچۈن دەرھال ئوپېراتسىيە قىلىندىم . مەن بالنىتسىدا ياتقان پەيتلىرىدە قىز مېنى كۆندە دېگۈدەك يوقلاپ تۇردى . ئۇ ھەر قېتىم كەلگەندە :

— خېلى ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ ؟ - دەپ سورايتتى - دە، ئېلىپ كەلگەن نەرسىلىرىنى ئالدىمغا قويۇپلا ئالدىراپ چىقىپ كېتەتتى. مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالاتتىم . ئۇنىڭ سۇمبۇل چاچلىرى گويا ئۇستەڭ بويىدا سۇ بىلەن سۇيۇشۇپ تۇرغان مەجنۇن تاللارغا ئوخشايتتى. نېمە ئۈچۈنكى يۈرۈكۈم بىرخىل قىزىق ھارارەت ئىچىدە قالغاندەك قىزنىڭ ئۇششاق ئورۇلگەن ئورۇم - ئورۇم چاچلىرى ماڭا مۇھەببەت زەنجىرىنى تاشلاپ، قەلبىم ماييىللىقىنى ئۇز قەلبى بىلەن ئۇزۇلمەس قىلىپ باغلىۋالغاندەك مېنى بىئارام قىلاتتى. بىزنىڭ مۇھەببەت ئۇچقۇنلىرى چاقنىغان كوز قارىچۇقلىرىمىز - ئۇ ئىشىكتىن چىقىۋېتىپ ماڭا قارىغاندا قىسقىغىنا ئۇچرۇشۇپ قالاتتى، خالاس .

مەن بالنىتسىدىن چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن پات - پات ئۇچرۇشۇپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدىم. ئۇ ناھىيىلىك سودا ئىدارىسىنىڭ سەتىراچخانىسىدا بىلەت ساتاتتى. ئانىسى بار، دادىسى ئولۇپ كەتكەن بولۇپ، ئانىسى بىلەن تۇراتتى. مەن ھەر قېتىم ئۇچراشقىنىمدا ئۇنىڭ ئايدەك چىرايىغا تەلمۇرۇپ قاراپ، كوزۇم ئارقىلىق مۇھەببىتىمنى ئىزھار قىلاتتىم. ئۇ كوزىنى مەندىن ئەپقېچىپ يەرگە قارىۋالاتتى. بۇنداق ھاللار كوپ قېتىم تەكرارلاندى. ئاخىرى مەن چىداپ تۇرالماي، قەتئى نىيەتكە كېلىپ ئۆز مۇھەببىتىمنى ئىزھار قىلماقچى بولدۇم-دە:

— خالىدەم،سىز بولمىغان بولسىڭىز مېنىڭ ھاياتىم توگەشكەن بولاتتى ... مەن سىزنى ئومۇرۋايەت ... ياخشى كورىمەن...،-دېدىم. قىز ماڭا لەپپىدە بىر قارىدى-دە، يۈزلىرى شەلپەردەك قىزىرىپ، ئىتتىك يەرگە قارىۋالدى ۋە يېپى ئۇزۇلگەن مارجاندەك كوزلىرىدىن توكۇلگەن ياش تامچىلىرى ئاناردەك مەڭزىنى بويلاپ كوكسىگە ئېقىشقا باشلىدى.

— مۇمكىن ئەمەس،- دېدى ئۇ، ناھايىتى بوش ئەۋازدا...

مېنىڭ يۈرۈكۈم مۇجۇلۇپ كوزلىرىمگە قاراڭغۇچىلىق تىقىلدى. ئوزەمنى تەستە بېسىپ:

— نېمە ئۈچۈن؟-دېدىم:

ئوزىڭىز كورۇپ تۇرۇپسىز،-دېدى قىز يىغلاپ تۇرۇپ، مېنىڭ تەن قۇرۇلۇشۇم...دېدى-دە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ تېز كېتىپ قالدى.

— خالىدەم! خالىدەم!

ئۇ زادىلا كەينىگە قارىمايتتى.

”سىز بىلەمسىز، خالىدەم بولمىغان بولسا، سوقۇر ئۈچەي يېرىلىپ ھاياتىڭىزدىن ئايرىلغان بولاتتىڭىز،

ئۇ سىزنى دەل ۋاقتىدا دوختۇرخانىغا ئەپ-
كەلمەپ ھاياتىڭىزنى قۇتقۇزۇپ قالدى.» مېنى
داۋالىغان دوختۇرنىڭ بۇ سۆزى قۇلاق تۈۋىمدە
جاراڭلىماقتا. مېنى پاك سۆيگۈ ھەم ۋىجدانى
بۇرچ ئازاپلىماقتا....

...... دەسلەپكى ئۇچراشقان بىر ھەپتە
ئۆتكەندە بىز يەنە ئۇچرىشىپ قالدۇق. راس-
تىنى ئېيتقاندا مەن ئۇنى ساقلاپ تۇرغان ئە-
دىم. بىز ئۈستەك يافىلاپ ئاستا مېڭىشقا
باشلىدۇق. سۆزۈك سۇدا جۈپ شولا ئەكس ئې-
تەتتى. مېنىڭ قايتا - قايتا ئىلتىجا قىلى-
شىمدىن كېيىن قىز ئاپپاق نازۇك قول-
لىرى بىلەن پىلاتىسىنىڭ تۈگمىسىنى ئۈيناپ
يەرگە قاراپ، گىلاستەك نەپىس لەۋلىرى ئاس-
تىغا يوشۇرۇنغان ماجاندەك چىشلىرىنى غىل-
پال كۆرسىتىپ ئىنتايىن بوش ئاۋاز بىلەن:

— مېنى ئالداپ قويمايدىغانسىز؟ — دەپ
سوئال قويدى.

مەن كۆكسۈمگە مۇشلاپ تۇرۇپ، قەسەم ئىچ-
تىم. شۇندىن كېيىن بىز خوشلاشتۇق.

دادام مېنىڭ ئۇ قىزنى ئېلىش نىيىتىمنى
بىلگەندىن كېيىن تولىمۇ خاپا بولۇپ كەتتى.
سەۋەبى خالىدەم ئۆزى چىرايلىق بولغىنى بى-
لەن دۈمبىسى قايناپ چىققان دوك ئىدى.

— ئوغلۇم، ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ؟ يەتتە
ئەزايىڭ ساق - سالامەت تۇرۇپ، ئۆزەڭگە ۋە
كەسپىڭگە لايىق بىرىنى تاللىماي، قاراپ تۇرۇپ بىر
ناكا قىزنى ...... دادام گېپىنىڭ ئاخىرىنى
دېمىدى. مەن ئىندىمەي بېشىمنى سېلىپ يەر-
گە قاراپ تۇرۇپ قالدىم. دادام ئىچكىرىكى
ئۆيگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن سىرتقا چىقىپ
كەتتىم. ئاغىنە، بۇرادەرلىرىممۇ مېنىڭ ئۇ قىز-
نى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىمنى بىلىپ:

— غېنى، ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ - نېمە؟
نى - نى چىرايلىق قىزلار تۇرسا، بىر دوكنى
نېمە دەپ خوتۇنۇم بار دەپ ئارقاڭغا سېلىپ
يۈرىسەن؟ بۇ بىر ئۆمۈر سودىسى جۇمۇ! دەپ
يالتايتىشقا باشلىدى.

— بۇرادەرلەر، — دېدىم مەن ئاغىنىلىرىم-
گە، — سىلە ئۇنى دوك دېمەڭلا، ئۇنىڭ پاك
قەلبىنى، ۋىژدانىنى چۈشىنىشىڭلار كېرەك.
سىلەر ئۇنىڭغا مېنىڭ مۇھەببەتلىك قەلبىم ۋە
كۆزۈم بىلەن قاراپ بېقىشىڭلار كېرەك. ھەم-
مىدىن مۇھىمى ھازىر قىزلاردىكى ۋىژدان،
شەرمى - ھايا، ئەدەپ - ئەخلاق، ئار-نو-
مۇستىن ئىبارەت. خۇدا ئۇنىمۇ مۇھەببەتلىك
دۇنياغا ياراتقان ئەمەسمۇ؟

«مۇھەببەت چىراي، ئۇيقا جاي تاللىمايدۇ.»
ئۇنىڭ ماڭا سادىقلىقى ۋە ھاياتىمنى ئۆلۈم-
دىن قۇتقۇزۇپ قالغان چاغدىكى پىداكارلىقى
ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ. بىلىپ قويۇڭلاركى:
«چىرايلىق - چىرايلىق ئەمەس، سۆيگەن
چىرايلىق...» ئىشىك ئېچىلىپ دوختۇرلار قول-
لىرىدا ئاسما ئوكۇل بوتۇلكىلىرى ۋە قانداق-
تۇر ئەسۋاپلارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەلدى-دە،
باشقا بىر ئۆيگە كىرىپ كەتتى. مېنىڭ خى-
يالىم بولۇنۇپ ئۇلارغا سەپ سالدىم. دوخ-
تۇرلار ئوكسىگېن قاچىلانغان باكنى ئوپېرات-
سىيە ئۆيىگە ئەكىرىپ كېتىشتى. ئايال دوخ-
تۇر ئوپېراتسىيە ئۆيىدىن چىقىپ:

— تېز بولۇڭ! ئايالىڭىزغا جىددى قان
كېرەك، — دېدى.

بۇ دەل يېرىم كېچىدىن ئاشقان ۋاقىت تۇر-
سا، قاننى نەدىن تېپىش كېرەك؟

— مەندىن ئېلىڭ دېدىم-مەن، قەتئىي تەلەپپۇز
بىلەن.

دوختۇر ئىتتىك ماڭا تىكىلىپ قارىدى. مەن
ئوپېراتسىيە قىلىنغانلىقىم ئۈچۈن ئورۇق ھەم
جانسىز كۆرۈنەتتىم.

— سىز بەكمۇ ئورۇق ھەم جانسىز ئىكەن-

سىز ، دوختۇرخانىمىزدا زاپاس قان تېخى ھې-
لىلا بىر جىددى كېسەلگە بېرىلىپتۇ ، - دوخ-
تۇر ناھايىتى جىددىيلەشكەن ئىدى .
— مەندىن ئېلىڭ ! ، دەپ قەتئىي تەلەپ
قىلدىم .
— يۈرۈڭ !
بىز قان تەكشۈرۈش بۆلۈمىگە كىردۇق .
تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە مېنىڭ قېنىم "O "
گۇرۇپپا چىقتى .



مېنىڭ قېنىم ھەممىگە ماس كەلگەنلىكى
ئۈچۈن، بىراقلا 500 گىرام قان ئېلىندى. كۆزۈم-
گە قاراڭغۇچىلىق تىقىلىپ بېشىم قېيىپ ، ئۇ-
زۇمنى ئاران تۇتۇپ تۇرالىدىم . بىر سېستىرا-
نىڭ يۆلىشى بىلەن ئوپېراتسىيە بۆلۈمىنىڭ
ئالدىغا كېلىپ بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم . دىق-
قىتىم ھامان ئوپېراتسىيە ئۆيىدە ئىدى . ۋا-
قىت ناھايىتى ئاستا ئۆتمەكتە . دوختۇرلار
قوللىرىدا ئاللا قانداقتۇر ئەسۋاپ-دورىلارنى
كۆتۈرۈپ كىرىپ - چىقىپ تۇراتتى . ئۇلارنىڭ
چىرايى جىددىي تۈس ئالغان . مېنىڭ كاللامدا
" ئانا " ھەم " بالا " دىگەن پىكىرلا ھۆكۈم
سۈرەتتى . مانا، دوختۇرخانا ئىچى چۈشىنى ئۈچ-
سا ئاڭلانغىدەك جىمىپ كەتتى . مەن ئوپېراتسىيە بولۇۋى ئالدىدا جىم - جىت ئولتۇرۇپ
ئۈزۈلگەن خىيال يىپىنى قايتىدىن ئۇ-
لىدىم .
••• بىز توي قىلماقچى
بولدۇق . ھەي نىمىسىنى دەي ،
دوختۇرغا-كورۇنۇشكە بارغاندا، مەڭگۈ
پەرزەنت يۈزى كورەلمەيدىغانلىغىمىزنى
ئەيتقاندا ئۇ، ماڭا قاراپ تۇرۇپلا قالدى.
سوزۇنچاق كەلگەن ئاپپاق يۈزلىرى تاتىرىپ
بىردىنلا ئاناردەك قىزىرىپ كەتتى. ئى-
لىپتەك بۇرنى ئۈستىدە مۇنچاق-مۇنچاق
تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى-دە، چىراي-
لىق ئىنگەكلىرى ئاستىغا ئېقىپ چۈشتى.
ئۇنىڭ ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن پاچاقلىرى بىلى-
نەر - بىلىنمەس تىترەيتتى، — قانداق
قىلىش كېرەك؟ قاتمۇ - قات قىيىنچىلىق
مېنى باسماقتا. كونىلار: "باللىق ئۆي
بازار، بالىسىز ئۆي مازار » دەيدۇ. تۇر-
مۇشلۇق بولۇپ پەرزەنت يۈزى-كورمىسەك،
ئەۋلات قالدۇرمىساق، بۇنداق تۇرمۇشنىڭ
نىمە لەززىتى بولسۇن؟ تاشلىۋېتىش كېرەكمۇ؟ شۇ-
ئان مېڭەمدە قاتتىق چاقماق چېقىلدى-دە، ھاياتىم
خەۋپ ئاستىدا قالغاندا قىزنىڭ كورسەتكەن
پىداكارلىغى، تۈنجى قېتىم مۇھەببەت ئىزھار قىل-
غاندا قىزنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ رەت قىلىشى قا-
تارلىق كارتىنىلار كوز ئالدىمدىن بىر - بىر-

لەپ ئوتتۇشكە باشلىدى. ۋىژدانىم ماڭا بۇيرۇق
قىلىۋاتاتتى... «قېشىڭدا كىم ئولتۇرسا، چىرايلى-
قىلىق شۇ، بېشىڭنى كىم سىلىسا ماشايىقلىق شۇ!»،
«شىر ئىزىدىن، يىگىت سۆزىدىن قايتماس...»
— مەيلى!- دېدىم- مەن قەتئىي قارارغا كېلىپ.
ئۇ ماڭا يالىت قىلىپ بىر قارىدى- دە، كۆزلىرى-
دىن مۇھەببەت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتتى.
بىز رەسمىيەت ئۆتەپ چىقتۇق. ئايرىلىش
ئالدىدا ئۇ:
سىزگە نىمە دەپ رەھمەت ئەيتام بولا؟-
دېدى.
نىمىگە؟
— پاك ۋىژدان، قەتئىي ئىرادىڭىزغا!
— خالىدەم،- دېدىم مەن ئۇنىڭ يۇمران قول-
لىرىنى ئالقىنىمغا ئېلىپ،- دۇنيادا مۇھەببەت-
تىن ئۇلۇغ نەرسە بولمىسا كېرەك. ئۇنىڭ پاك-
لىقى ۋىژدان بىلەن ئۆلچىنىدۇ. بىزنىڭ مۇھەب-
بىتىمىز پاك ۋىژدان ئۈستىگە قۇرۇلغان ھەقىقى
مۇھەببەت. شۇنى چۈشىنىشىڭىز كېرەككى: «ساخ-
تىلىق ھەرقانچە بىزەلگەن بىلەنمۇ ساختىلىق.
ئالدامچىلىق ھەر قانچە يۇمشاق تۇسكە كىردۈۋال-
غان بىلەنمۇ ئالدامچىلىق، ساختىلىق ۋە
ئالدامچىلىق تاۋا - دۇردۇنلارغا ئورۇلۇپ، ئور-
دا - قەسىرلەردە تۇرغىنى بىلەنمۇ بەربىر چىنى-
لىققا ئايلىنالمايدۇ. مېنى سىزنىڭ ۋىژدانىڭىز
ئۆزىگە باغلىۋالغان. ئىشىنىڭكى بىز مەڭگۇ
بىرگە ئۆتىمىز.
قىز تۇنجى قېتىم ئۆزىنى ماڭا ئاتتى. مەن
ئۇنى باغرىمغا مەھكەم باستىم. ئۇنىڭ بەدىنى
تىترەيتتى. ئۇ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاۋاتات-
تى. مەن ئۇنىڭ سۇمبۇل چاچلىرىنى سىلايتتىم.
تۇيۇقسىزلا «ئىڭە! - ئىڭە!» دېگەن يىغا ئاۋا-
زى پۈتۈن دوختۇرخانىنى زىل - زىلىگە كەلتۈ-
رىۋەتتى. بۇ دەل تاڭ سەھەر ۋاقتى بولۇپ قو-
ياش شەرقتىن كۆتۈرۈلۈپ، ئالتۇن نۇرىنى كا-
ئىناتقا سەپمەكتە ئىدى. يۈرۈكۈم ئەيتىپ تۈ-
گەتكۈسىز خۇشاللىققا تولدى- دە، مېنىڭ تۇنجى
ئەۋلادىمنىڭ تاڭ بىلەن تەڭ يېڭى ھاياتقا كۆز
ئاچقانلىقىنى ھىس قىلدىم. لېكىن يۈرۈكۈم تې-
خىمۇ قاتتىق قىسىلدى. «ئۇ، ساقمىدۇ؟» دېگەن
سوئال كاللامنى چىرمىۋالدى. كالپۇكۇمنى قات-
تىق چىشلەپ، تۇرغان جايىمدا قېتىپلا قالدىم.
— ئىنىم خۇشخەۋەر، ئايىلىڭىز سالامەت تۇغ-
دى!
مەن بېشىمنى كۆتەردىم. ئالدىمدا ھېلىقى
ئايال دوختۇر تۇراتتى. ئۇ، پۈتۈن بىر كېچە
جىددى ئوپېراتسىيەدە بولغىنى ئۈچۈن چىرا-
يىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇرسىمۇ، لېكىن كۆز-
لىرىدە خۇشاللىق جىلۋە قىلاتتى. دوختۇر ماڭا
جەڭدىن غەلىبە بىلەن قايتقان قەھرىماندەك
كۆرۈنۈپ كەتتى. دېمىسىمۇ ئۇ، ئاددى خىزمەت
ئورنىدىكى ئۇلۇغ ئادەم، ئۇ، يۈزلىگەن قىيىن
تۇغۇتلارغا ئوڭايلىق يارىتىپ، قانچىلىغان بو-
ۋاقلار ھاياتىنى ساقلاپ قالغاندۇ- ھە! مانا بۈ-
گۈن يەنە مېنىڭ بالام بىلەن ئانىسىنى يېڭى
ھاياتقا ئېرىشتۈردى. مەن ئۇنىڭ قولىغا ئېسى-
لىپ:
— ئېيتىڭا ئۇ ساقمۇ؟- دەپ سورۇدۇم.
— ساق،- دېدى دوختۇر،- بالىنى ئانىنىڭ
قوسىغىنى يېرىپ ئالدۇق. ئانا - بالىنىڭ ئەھ-
ۋالى نورمالنى ھالەتتە. ئىشىك ئېچىلىپ ئوپې-
راتسىيە ئۆيىدىن، ئوپېراتسىيە ھارۋىسىدا يات-
قۇزۇلغان ئايالىمنى ئېلىپ چىقىشتى. ئۇنىڭ
چىرايى تاتارغان، كۆزلىرى نۇرسىز ئىدى. ئۇ
ماڭا تىكىلىپ قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى. كال-
پۇكلىرىنى مىدىرلىتىپ بىر نەرسە دېگەندەك
قىلغان بولسىمۇ لېكىن نىمە دېگەنلىكىنى ئاڭ-
لىيالمىدىم.

× ×

مەن ئۇلارنى يوقلاپ كەلگەندە ئايىلىم ئو-
(ئاخىرى 114- بەتتە)

# يولدا

( ھكايە )

نۇردۇن مۇسا

قىش كۈنلىرىنىڭ بىر ئەتىگىنى. ئۇپۇقتىن ئەمدىلا باش كوتەرگەن قۇياش ئاتۇشباغ كەنتىگە تەكشى نۇر سەپمەكتە. يەڭ ئىچىدىن قول چىقارغىلى بولمايدىغان سوغاقنى قىلچە پەسەنتىگە ئالمىغان بىر يىگىت ۋېلسىپىت هەيدەپ، تاشيولدا ئۇچقاندەك كېلىۋاتاتتى. ئوتتۇرا بوي، ياشلار پوسۇنىدا ئىشلەپ تىكىلگەن كالتە جۇۋىسى قاۋۇل بەستىگە خويمۇ ياراشقان 30 ياشلار چامىسىدىكى بۇ يىگىت ماشىنا رېمونت زاۋۇدىنىڭ ئىشچىسى ئەخمەتجان بولۇپ، ئۇ سىڭلىسىنىڭ قەرەلسىز قازا ئىتىپ كەتكەنلىگى توغرىسىدىكى قايغۇلۇق خەۋەرنى كېچىلىك ئىسمەنىدىن قايتقاندا ئاڭلاپ، بۈگۈن ئالدىراش يولغا چىققان ئىدى. ئۇ گادىرماش خىياللار ئىچىدە موغال كەنتىنىڭ شەرقى چىگرىسىدىكى كەڭ سايغا كېلىپ قالغانلىقىنى تۇيماي قالدى.

— يولداش، گۈگىتىڭىز بارمىدۇ؟ تاماكامنى تۇتاشتۇرۇۋالسام... زور ئۈمىت ۋە ئىشەنچ بىلەن ئېيتىلغان بۇ سوز ئەخمەتجاننىڭ خىيالىنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئۇ دەرھال بېشىنى كوتىرىپ قارىۋىدى، بېشىغا قارا كورپە قۇلاقچا كەيگەن، قايرىما ياقىلىق كوك تاشلىق جۇۋىسى بەستىگە تولىمۇ ياراشقان 25 ياشلار چامىسىدىكى بىر يىگىت كۈلۈمسىرىگەن هالدا يۈگۈرۈپ كېلىۋېتىپتۇ.

ئەخمەتجان ۋېلسىپىتتىن چۈشكىچە ئۇ ئالدىغا كېلىپ بولدى. ئۇز ئارا سالاملاشقاندىن كېيىن، ئەخمەتجان ئۇزاتقان سەرەڭگىنى قولىغا ئېلىپ، يوگەپ قۇلىغىنىڭ ئارقىسىغا قىستۇرۇپ قويغان تاماكىسىغا ئوت تۇتاشتۇردى. ئەخمەتجان پىشانىسىگە چۈشۈپ تۇرغان قۇلاقچىسىنى يۇقىرىراق ئىتتىرىپ قويغاندىن كېيىن، قول ياغلىقىنى چىقىرىپ پىشانىسىدىكى تەرنى ئېرتتى، ئاندىن يېنىدىن قۇتىنى ئېلىپ تاماكو ئورىغاچ كوز ئالدىدا چوخچۇيۇپ تۇرغان « ئازات » ماركىلىق ماشىنىغا قارىدى. ماشىنىغا پەۋەس خىمىيىۋى ئوغۇت بېسىلغان بولۇپ، كېپىنكىسى ئوچۇق تۇراتتى. يەرگە سېلىنغان چىپتا ئۈستىدە رېمونتقا كېتەرلىك سايمانلار تولۇپ ياتاتتى. ئەخمەتجان بۇ يىگىتنىڭ مۇشۇ ماشىنىنىڭ شوپۇرى ئىكەنلىكىنى جەزمەنلەشتۇردىدە، ئۇنىڭدىن مۇلايىملىق بىلەن سورىدى:

— ئۇكا، بۇ ماشىنا سىزنىڭ ئوخشىمامدۇ؟

— هەئە،— دىدى شوپۇر چىكىۋاتقان تاماكۇسىنىڭ ئىسىنى ئالقىنى بىلەن سۈرۈۋەتكەندىن كېيىن.

— قەيەرگە ماڭدىڭىز؟

— ئاتۇشباققا ،— دىدى ئۇ قولى بىلەن ماشىنا ئۈستىدىكى ئوغۇتنى كورسىتىپ تۇرۇپ سوزىنى داۋام قىلدى،— يېڭى يىل بايرىمىدىن بۇرۇن بۇ گوھەرلەرنى ئۇلارغا يەتكۈزۈپ بەر-

مەسەك ئەتىيازنىڭ ئىشلىرىنى پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تەسىر يېتەدۇ، شۇڭا ئالدىراش يولغا چىققان ئىدىم. — شوپۇر ئېغىر ئۇھ تارتىپ قوشۇپ قويدى. — ماشىنامدىن چاتاق چىقىپ بۇ سايدا تۇرۇپ قالدىم.

شوپۇرنىڭ ئارزۇسىنى چۈشەنگەن ئەخمەتجاننىڭ قەلبىدە باھار قارلىغاچلىرى سايرىدى. ھەر خىل گۈل - گىيالار بەس - بەس بىلەن قارا تۇپراقتىن باش كۆتۈرۈپ، يۇمران، يېشىل يوپۇرماقلىرى بىلەن جىلۋە قىلىپ كەتتى.

ئەخمەتجان تاماكۇ چەككەچ ئويلىنىپ قالدى: «قانداق قىلىشىم كېرەك؟ بېشىمنى ئىچىمگە تىقىپ كېتىۋەرسەم بولمايدۇ - دە! قانداق قىلىپ بولمىسۇن، شوپۇرنى خىجالەتچىلىكتىن خالاس قىلىشىم كېرەك. رەھمەتلىك سىڭلىمنىڭ نامىزىغا كېچىككەن گۇناھىم شوپۇرنى بۇ چۆلدە تاشلاپ كەتكەن گۇنادىن چوڭ بولماس!...»

بۇلۇتلارنى يېرىپ چىققان قوياش نۇرىدەك ئەخمەتجاننىڭ چىرايىدا بىردىن تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى.

— يۈرۈڭ، كۆرۈپ باقايلى، سەۋەپ قىلسا سىۋەتتە سۇ توختايدۇ، دېگەن گەپ بار. مۇبادا بۇنىڭ كېسەلى شىپالىق تېپىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس. — دېدى ئەخمەتجان شوپۇرنى خىجالەتچىلىكتىن چىقارماقچى بولۇپ.

— سىز؟!...

— مەن، ۋىلايەتلىك ماشىنا رېمونت زاۋۇتىنىڭ رېمونت ئىشچىسى ئەخمەتجان بولىمەن.

بۇ سۆز شوپۇرغا شۇنچىلىك سەممىي ۋە يېقىملىق ئاڭلاندىكى، خۇشاللىقتىن كۆزلىرى خۇددى تىنىق سۇدىكى ئاي شولىسىدەك چاقناپ كەتتى.

ئۇ بىر نەرسىنى ئېسىگە ئالغاندەك ئالدىراپ سورىدى:

— سىز قايسى بىر كۈنى گېزىتتە تونۇشتۇرۇلغان ئەخمەتجان ئۇستاممۇ، نېمە؟!

ئەخمەتجاننىڭ چىرايىدىكى بىر خىل تەستىقلاش ئالامىتىنى كۆرگەن شوپۇر خۇشاللىقىدىن سەكرىۋەتكىلى تاس قالدى - دە، زورىغا ئۆزىنى بېسىپ، بۇنىڭدىن بىر قانچە كۈن بۇرۇن ئەخمەتجاننىڭ ئىش - ئىزلىرى توغرۇلۇق ئاڭلىغان - كۆرگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىر قۇر ئەسكە ئالدى.

ھەقىقەتەن ئەخمەتجاننىڭ نامى - شەرىپى ھەممىگە ئايان ئىدى. ئۇ 1981 - يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى بىر ئاي بۇرۇن 38 پىرسەنت ئاشۇرۇپ ئورۇنلاپ بولغاندىن سىرت، 1982 - يىل 1 - پەسىللىك ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنىڭ 27.5 پىرسەنتىنىمۇ غەلىبىلىك ئورۇنلاپ بولدى. «تورمۇز تاقىسىنىڭ سۈركەلگۈچى پىلاستىنكىسى بىلەن تورمۇز باراباننىڭ ئارىلىقىنى تەڭشەش ئۇسۇلى» بويىچە زاۋۇتتا ئۆتكۈزۈلگەن تېخنىكىۋى تىزلىك مۇسابىقىسىدا بىرىنچى بولۇپ زاۋۇت پارتكوم، يەرلىك پارتكومنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى...

ئەخمەتجان ماشىنىنى ئىنچىكىلەپ تەكشۈردى: ئۇ، ئوت ئالدۇرۇش سىستېمىسىدا كاشىلا بارلىقىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈۋىدى، گازلاشتۇرغۇچ (ئىس چىقىرىش كانىيى) دا ئوت قايتىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلمىدى. يېقىلغۇ سىستېمىسىنى تەكشۈرۈپ بولۇپ، تەقسىملىگۈچى چىشلىق چاقنى قارىۋىدى، بۇنىڭدىن چاتاق چىقتى. ئۇ دەرھال مۇشتۇمتۇت ئوقىنىڭ ئوق يۆنىلىشىدىكى ئارىلىقىنى تەڭشەش ئارقىلىق بۇ چاتاقنى تۈزەتتى... ئەڭ ئاخىرىدا تەكشۈرگەن ئايرىغۇچ، قوشقۇچتىنمۇ چاتاق چىقتى. ئەخمەتجان ماشىنىنى 2 - خوتتا قوزغىۋىدى، ماتور قۇرۇق ئايلاندى.

— ئايرىغوچ، قوشقوچ تېپىلىۋاتىدۇ- دېدى ئەخمەتجان بولتىنى بوشىتىۋېتىپ. شوپۇر تەقەززالىق بىلەن سورىدى:

— بۇنىڭ چاتىقىنى ئوڭشىغىلى بولارمۇ؟

— ۋاقتىنچە بولىدۇ- دېدى ئەخمەتجان شوپۇرنى خاتىرجەم قىلمىشقا تىرىشىپ،- لېكىن چوڭ رېمونتىنى زاۋۇتقا بارغاندىن كېيىن ئىشلەيمىز-دە.

شوپۇرنىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپ، ماشىنىدىكى "گوھەر" نى تېزراق يەتكۈزۈپ بېرىش ئارزۇسىدا يانغان يۈرىكى تىچلاندى. ئەخمەتجان ئىمكانىيەت يار بەرگەن دائىرىدە ئايرىغوچ، قوشقوچتىكى چاتاقنى ئوڭلىدى. ئۇ قولىنى خامدا ئېرتىپ، ھېلىدىن بېرى تەرلەپ، ئەمدى بولسا مۇزدەك قورۇلۇۋاتقان دۈمبىسىگە كالتە جۇۋىسىنى يېپىنچاقلاپ تۇرۇپ:

— قېنى، ھەيدەپ كورۈڭ!- دېدى.

شوپۇر زىنۇت قىلىۋىدى، ماشىنا گۈرۈلدەپ ئوت ئالدى. ئايرىغوچ، قوشقوچنىڭ تېپىلىشىدىن قۇتۇلغان ماشىنا خۇددى ساق ئادەم ھەركەتتىن توختىمىغاندەك، تىنىمسىز ھەركەتلىنەتتى. شوپۇر كېيىنكىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئەخمەتجاننىڭ قولىنى چىڭ سىقتى- دە، قەلبىدىكى ھاياجىنىنى ئىزھار قىلدى:

— رەخمەت ئۇستام، سىز بولمىغان بولسىڭىز چوقۇم يولدا قونۇپ قالاركەنمەن.

شوپۇرنىڭ ئويناپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزىدە خوشاللىق ئۇچقۇنى جىلۋە قىلاتتى. ئەخمەتجان بولسا ھەممىنى ئۇنتۇپ، جىددى پەيتتە ھاجەتتىن چىقالىغىنى ئۇچۇن سۆيۈنەتتى.

ئەخمەتجان شوپۇر بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىققاندا، ئەتراپقا كۆكۈم پەردىسى تارتىلغان بولۇپ، شىمال تەرەپتىن سوقۇۋاتقان ئىزغىرىن سوغ شامال تەننى شۈركۈندۈرەتتى. لېكىن ماشىنىنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازىغا تەككەش بولۇپ تۇتاش كەتكەن مەھەللىلەردىن ئاڭلىنىۋاتقان:

قويۇلدى نەۋ باھارىمنىڭ،
شكەر – شەربەتلىرى دىلغا.
چېچەك ئاتتى بۇيۈك ئارزۇ
قەدەم قويدۇق يېڭى يىلغا

دېگەن ناخشا ساداسى ئەخمەتجاننىڭ قەلبىدە ساناقسىز گۈل – چېچەكلەرنى ئېچىلدۇرۇۋەتتى.

(بېشى 111- بەتتە)

ماق قىزىمنى ئىمتىپ ئولتۇرغان ئىكەن. مەن كىرىشىم بىلەن ئۇ، بالىنى ماڭا سۇندى. مەن ئاتىلىق مېھرىم بىلەن بوۋاقنى باغرىمغا باستىم. بۇ بالام تۇغۇلۇپ بىر ئايدىن كېيىنكى بىر سەھەرلىكى ئىدى. ئاڭغىچە دوختۇر ۋە سېستىرالار كىرىپ كەلدى. مەن بالامنى ئاپىسىغا بېرىپ ئۇلار بىلەن سالاملاشتىم- دە، سومكىدىن بىر جۈپ ئانارنى ئېلىپ ئايال دوختۇرغا سۇندۇم، دوختۇر سەممىي قوبۇل قىلدى.

دېرىزىدىن چۈشكەن تاڭ سەھەردىكى قىزغۇچ قوياش نۇرى ئانار ئۈستىگە چۈشۈپ، ئانارنىڭ ئۈستىدە جىلۋە بىلەن ئەكس ئەتكەن قىزىل نۇر دوختۇر ۋە سېستىرالارنىڭ ئايدەك جامالىغا ئاجايىپ قىزىللىق بەخش ئەتكەن ئىدى. مەن دەرھال بېرىپ ئايال دوختۇرغا ئىككى قولۇمنى سۇندۇم. ئىككى جۈپ قول قاتتىق سىقىلغاندا قوللار ھارارىتىدىن قوش بەدەنگە تارالغان ئىسسىق ئېقىم بىزنى قېرىنداشلىق مېھرى بىلەن باغلىغان ئىدى.

مەن ۋاپاغا – ۋاپا قىلالىغانلىقىمدىن ئۆمۈر بويى رازىمەن.

# غۇنچىلار سەھنىسى

## قۇشلار تىلىنىڭ دانىشمەنى

( ئىلمىي پانتازىيىلىك ھېكايە )

مەھەممەتسىدىق تومۇرى

ئالتە ياشلىق پەخرىدىن قۇشلارنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇ قېلىن تالزارلىق ئىچىگە بېرىۋېلىپ ئېرىقنىڭ بويىدىكى قومۇلۇق ئۈستىگە يانپاشلاپ يېتىپ، خىلمۇ - خىل قۇشلارنىڭ تۈرلۈك ئاھاڭدا سايراشلىرىغا پۈتۈن زېھنى بىلەن قۇلاق سالاتتى. قۇشلارنىڭ سايراشلىرىنى ئاڭلىغانسېرى دىلى يايراپ، قۇشلارنى ھۈركىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن بىر ھازاغىچە مىدىر - سىدىر قىلماستىن، جىم - جىت قاراپ ياتاتتى. قوسۇغىنىڭ ئاچقانلىغىنى سەزگىنىدىن كېيىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆيگە قاراپ چاپاتتى.

— ئانا، - دەيتتى ئۇ ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاۋېتىپ، - قۇشلار نېمىشقا تولا سايرايدۇ، زېرىكمەمدۇ؟

— بالام، سەن نېمىشقا گەپ قىلىسەن، ھەم ناخشا ئېيتىسەن، زېرىكمەمسەن؟

— ياق، زېرىكمەيمەن، - دەيتتى پەخرىدىن قاپ - قارا كۆزلىرىنى ھەيرانلىقتا ئانىسىغا تىكىپ.

— قۇشلارنىڭ ھەرخىل ئاھاڭدا ۋىچىرلاشقىنى، بىر- بىرىگە گەپ قىلغىنى ۋە ناخشا ئېيتقىنى! ئۇختۇڭمۇ بالام؟

— ئۇختۇم. ۋاھ! ئۇنداقتا ئۇنى ئۆگەنسەم، قۇشلارنىڭ تىلىنى چۈشىنەلەيدىكەنمەندە!

— شۇنداق قوزام.

ئانا ھەسەل سۈركەلگەن ئاق ناننى پەخرىدىننىڭ قولىغا تۇتقۇزاتتى ۋە پىيالىگە چاي قۇيۇپ تاماق جوزىسىغا كەلتۈرەتتى. پەخرىدىن قوسىغىنى تويغازغاندىن كېيىن، ئانىسى ئۇنىڭ بېشىنى مېھرىۋانلىق بىلەن سىلاپ تۇرۇپ ھېكايە سۆزلەپ بېرەتتى.

ھېكايە پەخرىدىننىڭ كۆڭلىگە شۇنداق چوڭقۇر ئورناپ قالاتتىكى، ئۇ ھېكايىدا مىڭ - مىڭ يىللار ئىلگىرى قەشقەر ئەتراپىدىكى ئۈژمىلىك يېزىسىدا ياشىغان ئىسكەندەر ئىسىملىك ئېقىللىق بىر بالىنىڭ ئورمان - ئوتلاقلاردا پادا بېقىپ يۈرۈپ قۇشلارنىڭ تىلىنى ئۆگىنىۋالغانلىغى، ئۇچار - قۇشلارنىڭ ئۇنىڭغا ئەڭ نازۇك تىللىرى بىلەن يېقىملىق سايراپ بېرىدىغانلىغى، ئىسكەندەرنىڭ كۈن بويى قۇشلار بىلەن سۆزلىشىپ زېرىكمەيدىغانلىغى، كۈنلەرنىڭ بىرىدە قەشقەرگە يات ئەلدىن تاجاۋۇز-

چىلار دەھشەتلىك باستۇرۇپ كەلگەندە، قوراللانغان خەلق بىلەن بىرلىشىپ ئىسكەندەرنىڭ ئۇچار - قۇشلارنى ئەگەشتۇرۇپ جەڭگە كىرگەنلىكى، ئۇچار قۇشلارنىڭ ھەش - پەش دېگىچە دۈشمەنلەرنىڭ كوزلىرىنى چوقۇپ قارىغۇ قىلىۋەتكەنلىكى، زور غەلىبىدىن شاتلانغان خەلقنىڭ ئىسكەندەرنى قوشۇن باياراقچىسى قىلىپ كورسەتكەنلىكى بايان قىلىناتتى......

ئانا پەخرىدىنگە بۇ ھېكايىنى نەچچە يۈز قېتىملاپ ئېيتىپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن، پەخرىدىن بۇ ھېكايىنى ئاڭلىسىغا يەنە كۈندە سوزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرىۋالاتتى.

— مەنمۇ ئۇچار قۇشلارنىڭ تىلىنى چۈشىنىدىغان بولسىمەن، ھەممە قۇشلار ھويلىمىزغا قونۇۋېلىپ يېقىملىق سايراپ بېرىدۇ، — دەيتتى پەخرىدىن.

كۈنلەر ۋە ئايلار خۇددى تۈمەن دەرياسىنىڭ سۈيىدەك توختاۋسىز ئېقىپ ئوتۇشتى. پەخرىدىن باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئوتتۇرا مەكتەپكە ئەلا نەتىجە بىلەن كوچتى. ئۇ، مەكتەپتە زور ئىجتىھات بىلەن تىرىشىپ ئوقىماقتا ئىدى. بىئولوگىيە ئۇنىڭ ئەڭ ئامراق دەرسلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ ھەركۈنى دەرستىن كېيىن ۋە تەتىل پەيتلىرىدە ئاجايىپ باي تەبىئەت دۇنياسىنى گۈزەتتى، ئۇچار - قۇشلارنىڭ ھەرخىل سايراشلىرىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلەيدىغان بولدى.

پەخرىدىن زېھنى ئوتكۈر، ئېپچىللىق بالا ئىدى. ئۇ بىر قىسىم قۇشلارنىڭ سۇدا ئۈزۈپ يۈرگەنلىكىنى، بىر قىسىم قۇشلارنىڭ دەريا بويى ۋە سازلىقلارنى ماكان تۇتقانلىقىنى، يەنە بىر قىسىم قۇشلارنىڭ دەل - دەرەخلەر ۋە چاتقاللىقلاردا شاختىن - شاخقا قونۇپ يۈرگەنلىكىنى، يەنە بەزى قۇشلارنىڭ يەردە، ئوتلاقلاردا ماكانلىشىشقا ئادەتلەنگەنلىكىنى گۈزەتتى.

پەخرىدىن قۇشلارنىڭ شارائىتقا ماسلىشىشى ئوخشىمىغانلىقىنى، ياشاش ئادىتى، چوڭ - كىچىكلىكى، شەكلى ۋە رەڭلىرىنىڭمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى بىلدى. ئاققۇ، ياۋا غاز، ياۋا ئودەك ۋە چۈمگەكلەرنىڭ ئاساسلىق ماكانى سازلىقلار، كوللەر، دەريا - ئوستەڭلەر بولغانلىقتىن پەخرىدىن ئۇلارنى ھەقىقەتەن سۇ قۇشلىرى تۈركۈمىگە كىرىدۇ دەپ جەزملەشتۇردى.

تورنا، قاقىرا، لەگلەك قوش، بېلىقچى، يېكەن توخۇسى، قىل يورغا، چىق - چىق قاتارلىق قۇشلارنىڭ ماكانى سۇ بويى، يېكەنلىك كوللەر ۋە قاراسۇلار بولغانلىقتىن پەخرىدىن ئۇلارنى سۇ كېچىپ يۈرگۈچى قۇشلار تۈركۈمىگە كىرىدۇ دەپ جەزملەشتۇردى.

بۈركۈت، تاز قارا ( تازقوماي )، قارچۇغا، سا، لاچىن، قۇرغۇي، چۇغۇندەك، مۈشۈك ياپىلاق قاتارلىق قۇشلارنىڭ ئاساسلىق ماكانى ئېگىز تاغلار، قىيا تاشلىقلار، ئورمان، دالا ۋە ئېتىز - ئېرىق بويلىرى بولۇپ، ئۇلار چاشقان ۋە سورەلگۈچى ھايۋانلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. پەخرىدىن ئۇلارنى شۇڭا يىرتقۇچ قۇشلار تۈركۈمىگە كىرىدۇ دەپ جەزملەشتۇردى.

ئالا قانات، تومۇر تۇمشۇق، كاككۇك قاتارلىقلارنىڭ ئاساسلىق ماكانى ئورمان بولۇپ، ئۇلار ئورماننى زىيانداش ھاشارەت ئاپىتىدىن ساقلايدۇ. پەخرىدىن شۇڭا ئۇلارنى دەرەخكە قونۇپ يۈرگۈچى ( ياماشقۇچى ) قۇشلار تۈركۈمىگە كىرىدۇ دەپ جەزملەشتۇردى. قارىغاي توخۇسى، ئۇلاي، قىرغاۋۇل، كەكلىك، قۇر، چىل، بۇدۇنە، بېغىرتاق، ياۋا كەپتەر، پاختەك قاتارلىقلار ئانچە ئۇزۇنغا ئۇچالمايدىغان قۇشلار بولۇپ، ئوت - چوپلۇكلار، چاتقاللىقلار، تاغ باغرى ۋە ئېگىز تاغ ئوتلاقلارنى ئاساسى ماكان قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلارنى يەر قۇشلىرى تۈركۈمىگە كىرىدۇ دەپ جەزملەشتۇردى.

سېغىزخان، ھەرخىل قاغا، سوپى - سو -

پىيالاڭ، قارغۇجا، غورلاي، بۇلبۇل، شاخ سالىغۇچ، تاغ قۇچقاچلىرى، قالىغاچ تۇمۇچۇق، ئاق قۇچقاچ قاتارلىقلار سايرىغۇچى ئورمان قۇشلىرى بولۇپ، سانى ناھايىتى كوپ، كوپۇنچىسى زىيانداش ھاشارەت تۇتۇپ يەيدۇ. پەخرىددىن شۇڭا بۇلارنى سايرىغۇچى قۇشلار تۇركۇمىگە كىرىدۇ دەپ جەزملەشتۇردى.

پەخرىددىن بىئولوگىيە ئوقۇتقۇچىسىدىن كوپلىگەن سوئاللارنى سوراپ بىلمىگەن نەرسىلىرىنى بىلىۋېلىشقا تىرىشاتتى.

پەخرىددىن شۇنداق چۈشەندىكى، تىل- دىلنىڭ ساداسى. ئىنسانلار تىل ئارقىلىق ئىدىيە ۋە ھىسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ. قۇشلار بۇ جەھەتتىن ئادەملەرگە يېتىشەلمىسىمۇ، لېكىن، قۇشلاردىمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق ھىسسىيات بولىدۇ. شۇڭا، قۇشلارنىڭ سايراش ۋە چىللاش ئارقىلىق خۇشاللىق، تەشۋىش، كۆيلەش، جۇپ ئىزلەش، ئوزۇق ئىزلەش، چاقىرىق قىلىش، ئاۋاز قوشۇش، ھەيۋە قىلىش، بىئارامىلىق قاتارلىق فىزىولوگىيىلىك ھالەت ۋە روھى پائالىيەتنى ئىپادىلەيدىغانلىقى بۇ بىر ئەمەلىيەت.

قۇش باللىرى شاكال يېرىپ چىقىش ۋاقتىدا، چۇكۇلداش ئارقىلىق ئاتا - ئانىلىرىنىڭ ياردىمىنى تەلەپ قىلىدۇ. چوجىلەر ھەمرالىرىدىن ئايرىلىپ قالغاندا، چۇكۇلداپ بىر بىرىنى ئىزلەيدۇ. خورازلار ئوزۇقلۇق تاپقاندا توتوتلاپ مېكيانىنى چاقىرىدۇ. خوراز بىر نەرسىدىن قورقۇپ كەتكەندە دەرھال ھەمرالىرىغا دالدىلىنىشتىن خەۋەر بېرىدۇ. سانىنىڭ تەھدىدىنى سەزگەن مېكىيان قورقۇنۇچلۇق رۇكۇلداپ، چوجىلىرىنى يېنىغا چاقىرىۋالىدۇ. جۇپىدىن ئايرىلغان سېغىزخاننىڭ قايغۇ - ھەسرىتى، توپى مالىمانلىشىپ كەتكەن ئودەكلەرنىڭ يىراقتىن بىر - بىرىگە جاۋابەن غاقىلداشلىرى ئۆزىگە خاس سىرلىق سوزلىشىش جەريانى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. پەخرىددىن قۇشلارنىڭ ھەممە ئالاھىدىلىكلىرىنى تەتقىق قىلىپ خاتىرىلەپ ماڭدى.

پەخرىددىن: «قۇشلارنىڭ ياشاش ئادىتى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى» ناملىق چوڭ كىتاۋىنى يېزىشقا باشلىدى. ئۇ، ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، ئالى مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىنمۇ قەتئى ئىرادە بىلەن زور تىرىشچانلىق كورسىتىپ «قۇشلارنىڭ ياشاش ئادىتى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى» ناملىق چوڭ تىپتىكى تەتقىقات كىتاۋىنىڭ داۋامىنى يېزىش بىلەن بىرلىكتە يەنە: «قۇشلار تىلىنىڭ لوغىتى» ناملىق قوللانمىنى تەييارلىدى. ئۇ، ئالى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان نەۋ باھار ياشلىق ھاياتىدا مۇھىم ئىلمىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان يۇقۇرىدىكى ئىككى كىتاۋىنى ئېلان قىلدى. پەخرىددىننىڭ ئىلمىي تەتقىقاتى بىئولوگىيە سايەسىدىكىلەرنى لەرزىگە سالدى ۋە ئۇ كىتاپلار نۇرغۇن چەتئەل تىللىرىغا تەرجىمە قىلىندى. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى كىشىلەر پەخرىددىننىڭ: «قۇشلارنىڭ ياشاش ئادىتى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى» ناملىق كىتاۋىدىن ھەرخىل قۇشلارنىڭ ئوخشىمىغان ئادەتلىرى، خاراكتىر ۋە خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە تولۇق بىلىمگە ئىگە بولدى. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ «قۇشلار تىلىنىڭ لوغىتى» ئارقىلىق قۇشلارنىڭ ھەر خىل ئاۋازىدا بەلگۈلىرىنىڭ مەنىسىگە چۈشۈنەلەيدىغان، خىلمۇخىل قۇشلار بىلەن بىۋاستە سوزلىشەلەيدىغان سەۋىيىگە قاراپ يۈرۈش قىلىشتى.

دولىتىمىزنىڭ توتتە زامانىۋىلىشىش سەۋىيىسىنىڭ يىلسىرى يۇقۇرى ئورلىشىگە ئەگىشىپ، پەخرىددىننىڭ قۇشلار دۇنياسى ۋە قۇشلار تىلى ھەققىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتى بارغانسىرى چوڭقۇرلاشماقتا ۋە جاھان جامائەتچىلىكى ئىچىدە زور قىزىقىش پەيدا قىلماقتا ئىدى. دۇنيادىكى داڭلىق گېزىتلار ۋە رادىيولار: "مەشھۇر مەخمۇت قەشقىرى ۋە يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ يۇرتىدىن قۇشلار تىلىنىڭ دانىشمىنى يېتىشىپ چىقتى" دەپ مەدھىيە ياغدۇرۇشتى.

# تۈلكىنىڭ تەقدىرى

(چوچەك)

ھاجى ئەخمەت

1

ئۆتكەن زاماندا،
خىلۋەت ماكاندا
بىر ئەل بار ئىكەن
مەغرىپ تاماندا.
سۈلىرى ئەلۋەك،
يېرى كەڭ - تاشا؛
تۈلكە ۋەزىرى،
ئېيىق پادىشا.
بارچە ھايۋانات،
قۇشلار دۇنياسى —
بىپايان ئەلنىڭ
ئاددى پۇخراسى
دوست تۇتۇپ چىندىن
ھالال مېھنەتنى،
تېپىپ ئەجرىدىن
رىزقى - نېمەتنى؛
ئۆمۈر سۈرۈپتۇ،
ياشاپ ئوم-ئىناق.
جاڭگال - توقايلىق
ئىكەن ھەممە ياق.

2

كۈننى قوغلۇشۇپ،
ئايلار ئۆتۈپتۇ.
تاللار بەرگىدىن
ياپراق توكۈپتۇ.
كۈزنىڭ ئاخىرى،
يېرىم كېچىدە،
بوپتۇ بىر ۋاقە
ئورمان ئىچىدە.
سەھەردە قانات
قېقىپ، پالاخلاپ،
خوراز چىللاپتۇ،
توخۇ قاقاخلاپ:
— ئويغان، قى - قى-قىق،
ئويغان، قي-قي - قوق!
كاتەك قۇپقۇرۇق،
سېمىز توخۇ يوق.
كەچتە بار ئىدى،
تۇرساق سەھەر، يوق.
ئىز دەپمۇ كوردۇق،
ئۇندىن خەۋەر يوق...

بۇگەپ ئەتراپقا
تاراپ كېتىپتۇ،
خانلىق ئوردىغا
بېرىپ يېتىپتۇ.
پادىشا پەرمان
قىپتۇ تىزلىكتە؛

ــچاپسان قوزغۇلۇپ
ھەممە بىرلىكتە؛
تاپسۇن ئىزدىشىپ،
يۈتكەن شورلۇقنى.
بىجا كەلتۈرسۇن
قەتئى بۇيرۇقنى!...

تۇۋەنگە شاھىنىڭ
ئەمرى يوللۇنۇپ،
ئاتلىنىپتۇ يۇرت
بىردەك قوزغۇلۇپ.

ئورمان ئىچىنى
تەكرار كېزىپتۇ.
ئېگىزنى ــ پەسنى
قويماي قېزىپتۇ.
لېكىن توخۇنىڭ
ماڭغان ئىزىدىن،
بىرەر بەلگۈسى،
ياكى ئۆزىدىن
ئالالماي خەۋەر
ئاسمان ۋە يەردىن،
ئىزدەپ تاپالماي
كەپتۇ ھېچنەدىن.

3

ئۆيدە ئىپىقۋاي
خىيالغا پېتىپ،
ئۇيقىدىن بىدار
قاپتۇ تاڭ ئېتىپ.
شۇ چاغ بولمىنىڭ
ئىشىكى ئېچىلىپ،
كېتىپتۇ ئۇنىڭ
پىكرى چېچىلىپ.
سىلىق يورغىلاپ
كىرىپتۇ تۈلكە.
كوكسىدە قولى،
لىۋىدە كۈلكە.
ئوردا ئەھلىگە
قىلىپ خاس ئادەت،
دەپتۇ: „شاھىمىز
بولغاي سالامەت!
ئۆزلىرىدىن ھال
سوراپ كېتەي دەپ،
ئىخلاس، مېھرىمنى
ئىزھار ئېتەي دەپ؛
كەلتۈردى پەقىر
ئەرزىمەس تارتۇق...“.

سۇنۇپتۇ ۋەزىر
شاھقا پەر ياستۇق.

گەرچە بۇ سوغات
ئاددى بولسا ھەم،
ئىكەن ئاجايىپ
تەڭداشسىز كوركەم.
چىۋەر قول بىلەن
نەپىس تىكىلگەن.
رەڭمۇ ــ رەڭ نەقىش،
گۈللەر چېكىلگەن...
شاھنىڭ خوشلىغى
تېشىپ يۈرەكتىن،
ۋەزىرگە مېھرى
ئېشىپ بولەكتىن؛
دەپتۇ: „خوش كەپسەن“
ھارما، تۈلكىجان.
ھالىڭ نىچۇكتۇر،
سوزلە ئۈكىجان؟!
ئۆتكەنكى ئىشتىن
ئەقلىم ھەيرەتتە.

باش قاتۇرغانسەن
سەنمۇ ئەلۋەتتە.
يېشەلمىدى سىر،
بۇ ئەجەپ بىر ھال!
سەندە بار قانداق
چارە ۋە ئامال ؟ ...

تۈلكە ئەيتىپتۇ:
ــ ئىشنىڭ سىرىدىن،
كوڭلۈمگە گۇمان
چۈشتى بىرىدىن.
توشقان دىگەن شۇم
قىنىغا پاتماي،
ئوۋ ئولايدىكەن،
كېچىسى ياتماي.
توخۇنى چوقۇم
تۇتۇپ يىگەن شۇ.
دىمەككى، ئېنىق
قاتىل دىگەن شۇ!...

ئېيىق بىر ھازا
بۇنى ئويلاپتۇ.
تۈلكە ئەيتقاننى
ئۇمۇ قوللاپتۇ.
پادىشا بىلەن
ۋەزىر بىرلىكتە،
پەرمان يېزىپتۇ
ئەلگە تىزلىكتە :
ــ باغلىنىپ قاتىل،
بېشى كېسىلسۇن.
جېنى تېنىدىن
جۇدا ئېتىلسۇن ! ...

4

تارقىلىپ خەۋەر
تىزدىن ھەريانغا،
يوخرالار تۈگەل
كەپتۇ مەيدانغا.
مۇدھىش ئىكەن زەپ
توشقاننىڭ ھالى.
ئۆلۈمنى كۈتەر،
يوق ھېچ ئامالى.
قۇربانى بولۇپ
رەزىل توھمەتنىڭ
ئازاۋى بوغىزىپ
قارا قىسمەتنىڭ؛
تۇرار ئىكەن جىم،
بېشىنى سىلىپ.
قانلىق قىساسىنىڭ
ئوتىدا يېنىپ.
ئۆز قۇربانىنى
كۈتەركەن چاللات،
ئۇنىڭغا خەستەك
قەدىرسىز ھايات!...

تۈلكە شۇ ئاندا
تۇرۇپ ئورنىدىن،
ھوكۈمنامىنى
ئاپتۇ قوينىدىن.
تەنتەنە بىلەن
ئوقۇغاچ پەرمان،
ئېغىر سۆكۈتكە
چوكۈپتۇ مەيدان.
ــ تاپىنىپ ھەققە ــ
ئادىل گۇۋاغا،
مەھكۇم ئېتىلدى
توشقان گۇناغا.
قىلىپ بارچىگە
ئىبرەت ۋە ئىزا،
قاتىلغا تىزدىن
بېرىلسۇن جازا! ـــ

غەزەپلىك چۇقان
سېلىپ ئالامان،
گويا دېڭىزدەك
تەۋرەپتۇ مەيدان:
—قېنى ھەقىقەت؟!
—قېنى ئادىللىق؟!
—كىمدە بۇ گۇنا؟!
—كىمدە قاتىللىق؟!

كورسۇتوپ تىيەن
شۇندا جاسارەت،
سوزلەپتۇ ئەلگە
توكۇپ شىكايەت:
—كىم پۇتەر، توشقـان—
قاتىل دىگەنگە؟!
كىم گۇۋا، توشقان —
توخۇ يىگەنگە؟!
ئەيتاي راستىنى،
چىن سوزۇم بىلەن.
(كورگەنلىرىمنى
ئوز كوزۇم بىلەن).
نەخ قاتىل ئەشۇ
پەرمان ئوقىغان.
رەزىل توھمەتتىن،
چوچەك توقىغان!...

تۇلكە ئورنىدىن،
چاچراپ تۇرۇپتۇ.
غەزەپتىن كوزى،
قانغا تولۇپتۇ.
— ئاقمايدۇ سوزۇڭ،
كاززاپ، زاتىپەس.
تىلىڭ كېسىلەر،
ئېغىز ئاچما، بەس!...

ھېيىقماي تىيىن
زورلۇقتىن، دوقتىن،
ياستۇقنى سوراپ.
ئاپتۇ ئېيىقتىن.

— قەيەردە ئىكەن.
بۇ سىر - كارامەت.
دەلىل - ئىسپاتنى
كورۇڭ جامائەت! —
دەپتۇ، ياستۇقنى
يىرتىپ - سوكۇپتۇ.
پەيلەرنى ھەريان.
چېچىپ — توكوپتۇ...

گويا دېڭىزدەك
تەۋرەپ كەڭ مەيدان،
غەزەپلىك چۇقان
ساپتۇ ئالامان:
— سىرلىق تۇگۇنىڭ
سىرى يېشىلدى.
ئەندى ھەقىقى
قاتىل تېپىلدى!
ياۋۇز قىلمىشى
ئوچۇن مۇۋاپىق،
ئوز جازاسىنى
تارتسۇن مۇناپىق!...

مەھكۇم ئېتىلگەچ
ئەلنىڭ ھوكمىگە،
قالماپتۇ نىجات
يولى تۇلكىگە.
ئادالەت تېغى
ئورۇلۇپ باشقا،
مەلئۇن كاللىنى
قوشۇپتۇ تاشقا.

× ×

بۇ قەدىمچاغدىن
قالغان رىۋايەت.
ئەرزىيدۇ ئۇنى
قىلىشقا ئىبرەت.

1962 - يىل، قەشقەر

# شېئىرلار

ئابلىمىت قۇربان

## مېنىڭ قۇراللىرىم

بولسا جەڭچى قۇرالسىز،
ياۋدىن غالىپ كىلەلمەس.
بولسا لاچىن قاناتسىز،
كوكتە ئەركىن ئۇزەلمەس.

ئوقۇشۇمدا مېنىڭمۇ،
قۇراللىرىم ـ قانىتىم.
ئۇنى ئاسراش، دوست تۇتۇش،
مىنىڭ كۇنلۇك ئادىتىم.

ئىلىم ـ پەننىڭ بۇلىغى،
هەم ئۇرۇغى كىتاپتۇر.
ئۇنىڭ هەر بەت، هەر قۇرى،
جۇلالىنىپ چاچار نۇر.

يۇزى سىلىق، قاردەك ئاق،
سىزىقلىرى تۇز، چاقماق؛
دەپتىرىمگە. مەن ئۇچۇن—
كوڭۇللۇكتۇر خەت يازماق.

قىزىل، قارا، سوسنە،
بىنەپشە هەم كوك، يېشىل...
قىرىندىشىم شۇنچە كوپ،
ئاڭا مەن ئامراق ئىجىل.

خۇددى كىچىك ماشىنا،
پولات بىسلىق ئۇشلۇغۇچ.
قىرتىلداتسام شۇ هامان،
قېرىنداشقا چىقار ئۇچ.

ئوزى نىپىز، قىرى تۇز،
سىزغۇچۇم بار بەك ئەپلىك.
قۇراللىرىم ئىچىدە،
ئۇمۇ ماڭا قىممەتلىك.

ئوچۇرگۇچۇم چىرايلىق،
تىنى يۇمشاق، ئەۋرىشىم.
دەرهال ئوچەر سۇركىسەم،
يازغان خاتا هەرىپىم.

بويى ئۇزۇن، ئېنى تار،
پاقىرايدۇ قۇتىچاق.
قېرىندىشىم، سىزغۇچۇم،
تۇرار ئۇندا پاكىز، ساق.

بۇ قۇراللارمەن ئۇچۇن،
جاندىن ئېزىز، ئەتىۋا.
بولماي قالسا بىرەرسى،
كوڭلۇم تىنىماس زادىلا،

دىمەككى، مەن قۇراللىق،
جەڭگاهدىكى جەڭچىمەن.
ياخشى ئوقۇپ، كۇنسىرى-
شاپ ـ زەپەرلەر قۇچىمەن.

## يۈلتۈز بىلەن ئاينى قوچ

ئىشتىن كەلسەم، دىلمۇرات،
قولغا پىچاق ئېلىپتۇ.
ئاققونا قىنىڭ شېخىنى،
تاسماق ـ تاسماق تىلىپتۇ.

هەيران بولۇپ بۇ ئىشتىن،
سوئال قويدۇم ئۇنىڭغا:
" كېلىپ قالدى قانداق ئىش،
خىيالىڭغا ـ ئويۇڭغا ؟"

تىكىپ ئوتكۈر كوزىنى،
كۆلدى ئوغلۇم ۋىلىقلاپ.
قەلبى دەريا مەۋجىدە،
بەردى ماڭا دەل جاۋاپ:

ئېيتقان ئىدى مۇئەللىم،
مودىل ياساپ كېلىشنى.
ئوقىغاننى ئەمەلدە،
ئىشلەپ ئۆزلەشتۈرۈشنى.

ئويلاپ شۇڭا كۆڭلۈمدە،
تۈزدۈم ياخشى بىر پىلان.
بەلباغلىدىم بۈگۈن كەچ،
ياساشقا "ئايرۇپىلان".

ئوغلۇم شۇئان ئىشىغا،
زېهنى بىلەن كىرىشتى.
ئورۇنلاشقا پىلاننى ،
چىن دىلىدىن تىرىشتى.

شۇ ئاخشىمى بىر ئەپلىك
" ئايرۇ پىلان» ياسالدى.
ئوز ئىشىدىن ئوغلۇمنىڭ
يايراپ دىلى شاتلاندى.

مېهرىم تېشىپ مېنىڭمۇ،
دېدىم: "تىرىش، تاپقىن كۈچ.
بۈركۈت بولۇپ، كوك يېرىپ،
يۈلتۈز بىلەن ئاينى قوچ!"

## " كىچىك بانكا " ياخشىكەن

ئىسمىم مېنىڭ مىرئەخمەت،
ئونبىر ياشقا كىردىمەن.
بەتخەجلىكتە مەكتەپتە،
داڭ چىقارغان ئىدىمەن.

ئاتا ـ ئانام پۇل بەرسە،
بازارغىلا قاچاتتىم.
بىر فۇڭ قويماي يانچۇقتا،
گازىر ، پۇرچاق ئالاتتىم.

هاجىتىمگە كېرەكلىك،
بولسا دەپتەر يا كىتاپ؛
ئون فۇڭ ئوچۇن چاپاتتىم،
ئويگە ئۇدۇل، ئالدىراپ...

قۇرۇۋالدۇق يېقىندا،
" كىچىك بانكا " سىنىپتا.
ئادەتلەندۇق هەممىمىز،
ئۇنىڭغا پۇل قويۇشقا.

تامچە بولماي چول ئىدى،
تاما ـ تاماكول بولدى.
بەش فۇڭ، ئون فۇڭ... يىغىلىپ،
خېلى نۇرغۇن پۇل بولدى.

بولسا لازىم قېرىنداش،
يا ئوچۇرگۇچى ، يا كىتاپ؛
ئالالايمەن ۋاقتىدا،
« بانكا » مىزدىن پۇل سوراپ.

دېمەك ، « بانكا » ياخشىكەن،
ئىقتىساتچىل بولۇشتا.
بەل باغلىدىم ، داۋاملىق-
ئاڭا كوپ پۇل قويۇشقا.

## ئادىل قىزاردى

ھەر كۈنى كەچ ئادىلجان،
تالاغىلا قاچاتتى.
تىياتىرغا - كىنوغا،
شامالدەك تىز چاپاتتى.

ئادىتىچە بۈگۈنمۇ،
يەپ بولۇپلا تاماقنى؛
چىقتى ئۇدۇل ھويلىدىن،
قويۇپ چىنە - تاۋاقنى.

كەلدى ھەش - پەش دېگىچە،
كىنوخانا ئالدىغا.
بېلەت ئالماي ، ئىشىكتىن-
كىردى خالى - دالدىغا...

بىراق ، بۈگۈن «ئاش » پىشماي،
قايتا « ياغاچ قازان » دا؛
كەلدى بېلەت تەكشۈرۈپ،
كىنوچىلار شۇ ئانىدا.

چوڭ - كىچىكلەر بېلەتىنى،
كورسىتىشتى ئالدىراپ.
لېكىن ، ئادىل قىزىرىپ،
تۇردى تىرناق تاتىلاپ.

بولۇپ چەكسىز خىجالەت،
كوپ پۇشايمان قىلدى ئۇ.
نەچچە ۋاختىن ئوتكۈزگەن،
سەۋەنلىكنى بىلدى ئۇ.

دېدى : بۇ خىل قىلمىشىم،
ئىنتىزامغا يات ئىكەن.
بولسا كىمكى تەرتىپلىك،
شۇنىڭ كوڭلى شات ئىكەن.

تۈزىتىمەن تەلتوكۇس،
بۇ يارىماس ئىللەتنى.
دوست قىلىمەن ئۈزۈمگە،
ئېسىل ئەخلاق - خىسلەتنى.

## ئۇستاز ئاغرىپ ياتقاندا ...

ئۇستاز - مۇختەر مەكتەپكە -
قالدى ئۈچ كۈن كېلەلمەي،
ھەيران بولدۇق بۇ ئىشنىڭ
سەۋەۋىنى بىلەلمەي.

ئۇقتۇق ئاغرىپ، توساتتىن،
دەرمانىدىن كېتىپتۇ.
ئىزدەپ داۋا - شىپالىق،
بالنىتسىدا يېتىپتۇ.

بۇ خەۋەردىن قىز - ئوغۇل،
بولدۇق بەكمۇ بىمارام.
جۈپ كوزلەردىن مونچاقتەك،
ئاقتى ياش تارام - تارام.

يەكشەنبەدە ئالتىمىز،
باردۇق ئۇنى كۆرگىلى،
(ۋاكالەتەن ھەممىگە،
ئەھۋالنى سورىغىلى)

بىز كىرگەندە ئۇستازنىڭ،
كۈلكە يائدى چېھرىگە.
بىزمۇ چومدۇق ئۇنىڭكى
ئاپتاپ كەبى مېھرىگە.

قول بېرىپ ئۇ بىرمۇ - بىر،
دېدى: " رەھمەت باللىرىم!

قۇتۇلغاندەك بىتاپتىن،
يايراپ كەتتى تەنلىرىم.

ئەتە ئوكۈن ساقىيىپ،
مەن مەكتەپكە كېتىمەن:
تەربىيەمنى سىلەرگە،
قىزغىن داۋام ئېتىمەن ..."

ئۇستازنىڭ بۇ سۆزىدىن،
ئىلھاملاندۇق، شاتلاندۇق.
تىنچلىنىپ كوڭلىمىز،
ئۆيگە قاراپ ئاتلاندۇق.

## ھەسەل ھەرىسى بىلەن چۈمۈلە

(مەسەل)

كوكلەم يېتىپ، يەر - جاھان،
يېشىل ئىپەك كەيگەندە،
باغ - باراڭلار چېچەكلەپ،
يېڭى تۈسكە كىرگەندە.
سارايىدىن - ئۆيىدىن،
چىقتى بالچى ھەرىجان.
تەبىئەتنىڭ چېھرىگە،
زوقمەن بولۇپ شادىمان.
كوزلەپ شىرنە يىغىشنى،
باغلار تامان ئۇچتى ئۇ.
ياڭراق ناخشا - كۈي بىلەن،
كەڭ سامانى قۇچتى ئۇ.
شۇندا سېرىق چۈمۈلە،
قىر ئۈستىدە يۈرەتتى.
ناشتىلىقنىڭ غېمىدە،
مۆڭلۈك خىيال سۈرەتتى.
تۇرغىنىدا تامادا،
ئۇياق - بۇياق سىنچىلاپ.
ئوتۇپ قالدى ئۈستىدىن،
بالچى ھەرە غۇيۇلداپ،

ھەرىجاننى چۈمۈلە،
شەرەت قىلىپ توختاتتى.
غازدەك سوزۇپ بويىنىنى،
سوئال ئاراگەپ ئاتتى.
قولىنى قويۇپ كوكسىگە،
دېدى: "سالام، ھەرىجان!
كورۈنمەيسىز ئۇزۇندىن،
تۇردىڭىزمۇ تېچ - ئامان؟
ياكى مەندەك يۈرەمسىز،
ئوزۇق - تۈلۈك تاپالماي،
ئەجىر قىلىپ كۈنبويى،
ئوزىڭىزنى باقالماي...
بۇ گەپ - سوزلەر ھەرىنىڭ
دىتىغا ھېچ ياقمىدى.
شۇنداقتىمۇ بۇرچىنى،
جاۋاپ بېرىپ ئاقلىدى:
"دوستۇم، مېنى سورىشىڭىز،
ئەۋلادىمەن ئىشچاننىڭ.
نەپ بېرىشتە ئۆزگىگە،
چوغدەك كويۇپ - پىشقاننىڭ.

ۋارىس بولۇپ مەنمۇ ھەم،
ئۆتكەن ئەجداتلىرىمغا؛
ئادىمىزات مېھرىنى،
ئورناتتىم چىن دىلىمغا.
شوڭا ھارماي كۈنبويى
گۈلدىن شىرنە يىغىمەن.
كېچىلىرى ئىش قوشۇپ،
ئۈنى ھەسەل قىلىمەن.

تەر - ئەجرىمدىن ئىنسانلار،
بولسا كوپلەپ بەھرىمەن؛
ئۆتكەن چەكلىك ئۆمرۈمدىن،
دەيمەن: مەڭگۈ رازى، مەن.

شۇ سەۋەپتىن ئادەملەر،
باقار مېنى كويۈنۈپ.
پەرۋىش قىلار - ئاسرىشار،
يۈرىكىدىن سۆيۈنۈپ.

چېچەك پەسلى، باغلارغا -
ئېلىپ بارار كوتىرىپ.
چاڭقاپ قالسام ئىسسىقتا،
ھال سورايدۇ سۇ بېرىپ.

تېخى، ئىسسىق ئۆيلەردە،
ياشاپ قىشتا بىمالال؛
ئادىمىزات قولىدىن،
يەيمەن تويۇپ ھەسەل - بال.

دېمەك مېنىڭ تۇرمۇشتىن،
قىشىن - يېزىن غېمىم يوق.
كۈنلەر ئۆتەر مەنىلىك،
روھىم خۇشال، كوڭلۇم توق!...»

سوزلەپ بولۇپ بال ھەرە،
چۈمۈلىگە «خوش!» دېدى.
— ئەندى يوقتۇر تاقىتىم،
يولنى توسماڭ، پوش! - دېدى.

شۇنداق قىلىپ، ساماغا
ئۇچتى ھەرە غوڭىلدە.
تەسىرلىنىپ چۈمۈلە،
يىغلاپ كەتتى ھوڭىلدە.

ئويلىدى ئۇ: «يەل بىرىپ -
ئويناپ جاپا چېكىمەن،
سۇدا ئېقىپ، چول كېزىپ.
ماغدۇرۇمدىن كېتىمەن.

يىراق، ئۆتەر ھال - كۈنۈم،
گاھىدا ئاچ، گاھى توق.
جانلىقلارنىڭ ئىچىدە،
ئەتىۋارىم زادى يوق.

كوپكە بەھرى بەرگەنىنىڭ،
ئاشىدىكەن ھورمىتى.
تەر توككەن ھورۇننىڭ،
يوقكەن قىلچە قىممىتى...

شۇ خىيالدا چۈمۈلە،
ھەسرەت بىلەن ئۆمچىيىپ:
بولدى راۋان يولىغا،
سەنتۈرۈلۈپ، دۈمچىيىپ.

>>>>>>❀❀❀<<<<<<


# كىتاۋىم

مۇكەررەم كامىل

قولغا ئېلىپ كىتاپنى،
ھەۋەس بىلەن ئوقۇيمەن.
ھەر سوزىنى دىلىمغا،
كەشتە قىلىپ توقۇيمەن.

كىتاۋىمنى ئوقىسام،
يايراپ كېتەر يۈرىگىم.
قاناتلىنار ئۈنىڭدىن،
ئۇلۇغ ئارزۇ - تىلىگىم.

ئېقىل تېپىپ كىتاپتىن،
كامالەتكە تولىمەن.
ئەل ئىشىغا يارامىلىق،
يېڭى ئەۋلات بولىمەن.



ياردەملىشىش


(چيۋلىن فوتوسى

قارا ـ قارا قۇشلارىم

(چيۋلىن فوتوسى)



مۇقاۋا ۋە ھوسنىخەتلەرنى ئىشلىگۈچى:
مەھەممەت ھېيت




## قەشقەر ئەدەبىياتى (12 - يىل نەشرى)

1983 - يىل 3 - سان (ئىككى ئايدا بىر چىقىدۇ)

---

نەشرى: قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەت
ئىجادىيەت ئىشخانىسى
تۈزگۈچى: «قەشقەر ئەدەبىياتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
«قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى ۋاكالىتەن ساتىدۇ
باسما ئۆلچىمى: 1092×787 مم 1/16، 8 تاۋاق
پارچە سېتىلىش باھاسى: 35 فۇڭ، ژۇرنال نومۇرى 62—58
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەتبۇئاتچىلىق
ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ تىزىم نومۇرى: 041

---

## «喀什噶尔文学»（双月刊）

1983 年 第 三 期

编辑：《喀什噶尔文学》编辑部
喀什地区文艺创作办公室
印刷：《喀什日报》印刷厂
订阅：全国各地邮电局（所）
代售：各地邮电局及新华书店
开本：1092×787MM1/16，8印张
代号：58--62　单价：0.35 元
新疆维吾尔自治区期刊登证 041 号